

ئەكبەر غۇلام

# يامغۇردا قالغان سۆيگۈ

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئەكبەر غۇلام

# يامغۇردا قالغان سۆيگۈ

(ھېكايە - پوۋېستلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى



ياز‌غۇچى ئەكبەر غۇلام

# نەشرىياتتىن

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى ئەكبەر غۇلام 1952 ـ يىل 9 ـ ئايدا قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1960 ـ يىلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى بېيجىڭدا پۈتتۈرۈپ، 1969 ـ يىلى قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن ئانا يۇرتىغا قايتقان، 1971 ـ يىلى شىنجاڭ يامانسۇ تۆمۈر كېنىدا ئىشچى بولغان؛ 1975 ـ يىلى شىنجاڭ داشۆسى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر ۋە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن؛ 1980 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا يۆتكە-لىپ كېلىپ ھازىرغىچە شۇ يەردە تەھرىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئەكبەر غۇلامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە پائالى-يىتى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، ئۇ 1978 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەنزۇچە ئېلان قىلغان تۇنجى ئەسىرى «كاندىن كەلگەن خەت» ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ شىنجاڭ ۋە مەملىكەتلىك ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئەللىككە يېقىن ھېكايە، پوۋېست، نەسىر، شېئىر ۋە ئوبزور ـ تەسىراتلارنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا ئېلان قىلغان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن كەڭ تۈردە قىزغىن شۇغۇللى-نىش بىلەن بىرۋاقىتتا ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ پائال

شۇغۇللىنىپ، قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان؛ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى»نى (باشقىلار بىلەن بىللە) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان؛ «جۇڭگو ۋە چەت ئەل نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»نى توپلاپ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان؛ «نەسىردىن ئەپەندى» دېگەن كىتابنى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغان؛ ئۇ يەنە «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىشقا قاتناشقان، ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى مول ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەمگەكلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا تەسىر قوزغىماقتا.

ئۇنىڭ نامى ۋە تەرجىمھالى «جۇڭگو ئەدىبلىرى لۇغىتى»گە ۋە «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى تەرجىمھالى لۇغىتى»نىڭ «ئەدىبلەر» توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى.

ئەكبەر غۇلام ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۈچىنچى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە.

«يامغۇردا قالغان سۆيگۈ» دېگەن بۇ توپلامغا ئۇنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدا يازغان بىر قىسىم ھېكايىلىرى ۋە ئۈچ پوۋېستى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


نەشرىياتتىن ........................................ ( 1 )
يامغۇردا قالغان سۆيگۈ ........................................ ( 3 )
گۇمان ........................................ ( 15 )
ئالتۇن رەڭ كەچقۇرۇن ........................................ ( 32 )
باھار نەدە؟ ........................................ ( 38 )
ئىككى كاتىپ ........................................ ( 56 )
ھۆرۈننىڭ كۆز يېشى........................................ ( 64 )
سادىق ھەمراھ ........................................ ( 78 )
قوغۇن پىشقاندا........................................ ( 88 )
ئېشەك ۋە چېچەك ........................................ (102)
ھەي، مىش ـ مىش پاراڭلار... ........................................ (119)
مودا قالپاق ........................................ (127)


## پوۋېستلار


ئاي كۆيۈپتۇ ........................................ (151)
ئاھ، ئاجىز بەندىلەر ........................................ (193)
بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ........................................ (325)

# ھېكايىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يامغۇردا قالغان سۆيگۈ

بىپايان كەڭ دالىدا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق كېتىپ باراتتى. يىگىت شېئىرىيەت سەھنىسىدە تېخى يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۆتكۈر ۋە يالقۇنلۇق مىسرالىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلۇۋاتقان ياش شائىر پەرمان، قىز كىنو ئىنستىتۇتىنى يېڭىلا پۈتتۈرۈپ، ئېكراندا بىرمۇنچە ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، داڭ چىقىرىشقا باشلىغان ئاسىيە ئىدى.

يېقىن ياندىشىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىككى ياشنىڭ قارىسى، لەرزان شامالدا شىرىقلاپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاۋازى، چېكەتكە، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ھەر خىل چىرىلداشلىرى ئىچىدە غۇۋا زېمىنغا ھاياتىي جانلىنىش قوشۇپ تۇراتتى. يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇت يېرىم تۇتۇق ئاسماندىكى غىل ـ پال چاقناپ تۇرغان كۈن نۇرىنىمۇ تېزلا پۈتۈنلەي توسۇۋالدى. بۇلۇت توپلىرى بارغانسېرى قېلىنلاپ، بارغانسېرى قارىداپ، گويا ھېلىلا يەرگە چۈشۈپ كېلىدىغاندەك بىلىنەتتى. قارلىغاچلار يەر بېغىرلاپ ۋىچىرلاپ، چاقماق تېزلىكىدە ئۇ يان ـ بۇ يان ئۇچۇپ يۈرەتتى، ھاۋانىڭ نەملىكى بارغانسېرى ئېشىپ، قارا بورانلىق يامغۇر كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىۋاتاتتى. ئاشىق ـ مەشۇقلار گويا ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەك چىغىر يول بويلاپ جىمجىتقىنا پەرۋاسىز كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ياندىش سىيماسى غۇۋا ئۇپۇق سىزىقىدا ئىنتايىن

سىرلىق ھەم مەزمۇت كۆرۈنەتتى. بۇنداق يورۇشنى ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ رومانتىك ئۇچرىشىشى، شېرىن مۇھەببەتلىشىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىشىدىغانلىقىنى ياكى 80 ـ يىللاردىكى ياشلارنىڭ مۇھەببەت يولىدا ياراتقان بىر يېڭىلىقى دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

توساتتىن بوران چىقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، تاراسلاپ چاقماق چېقىپ چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار يامغۇرلۇق كىيىمى كىيمىگەنىدى، قوللىرىدا پەقەت بىر دانە قارا كۆنلۈك بار ئىدى. شىددەتلىك بوران ـ يامغۇر ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى. يەنە بىر چاقماق چېقىلىپ، ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى، ئاسىيەنىڭ يۈزى سەل ـ پەل تاتارغاندەك كۆرۈندى، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئەتكە تەشنا يوغان ـ يوغان بولاق كۆزلىرى كىشىنى ھاياجانلاندۇراتتى. يامغۇر ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى، كۆڭلىكى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ، سۇمباتىدىكى ئەۋرىشىم نازۇكلۇقنى نامايان قىلدى، ھۆل چاچلىرى يۈزىگە، مۈرىلىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. پەرماننىڭمۇ ئۇستىبېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولدى، لېكىن ئۇ سەنئەتكارلىق نەزىرى بىلەن ئاسىيەنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ، گويا بىر خىل سېھرىي ئالامەتنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

يەنە بىر گۈلدۈرماما خۇددى ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۇستىگە كېلىپ يېرىلغاندەك قىلىۋىدى، ئاسىيە چۆچۈپ "ۋىيەي، قورقۇۋاتىمەن!" دەپ پەس ئاۋازدا ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، ئۆزىنى ئىختىيارسىز ھالدا پەرماننىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى، پەرماننىڭ يۈرىكى جىغىلدىغاندەك بولدىيۇ، قولىدىكى تاقىشىپ بىئەپ تۇرغان كۆنلۈكنى تاشلاپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈزىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنىمۇ سۈرتۈشكە ئۈلگۈرمەي، ئاسىيىنى قاتتىق قۇچاقلىدى، ھازىر پەرمان چاقماقنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك چېقىلىشىنى، گۈلدۈرمامىنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك گۈلدۈرلىشىنى، بورانىنىڭ تېخىمۇ شىددەتلىك چىقىشىنى، يامغۇرنىڭ تېخىمۇ شىددەت-لىك يېغىشىنى ئۈمىد قىلاتتى...

يامغۇر جاھىللىق بىلەن ھە دەپ شارقىراپ چۈشەتتى، ئۇلار بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشقىنىچە يەنىلا بىرەر پاناھلىنىدىغان يەر ئىزدەش-نىمۇ ئېسىگە كەلتۈرمەيتتى. بۇ قارا يامغۇر، بۇنداق بىئارامىلىق گويا تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا قىلغان سوۋغىسىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. بەلكىم ئۇلار بۇنداق قوپال ھەم جىددىي قىزغىنلىقنى ياخشى كۆرگەندۇ، بەلكىم ئۇلار بۇنداق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈشى ئۆزگەرگەن سۆيگۈ دەپ ھېسابلىغاندۇ...

يامغۇر ئاستا-ئاستا پەسلىدى، كەڭ دالا ياپيېشىللىققا ئايلاندى. ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرى گويا بۇ چۆپلۈكنىڭ كۆكسىگە قادالغان مارجانلارغا ئوخشايتتى. يامغۇر تامچىلىرى پەرماننىڭ يۈزلىرىدە، ئاسىيىنىڭ چاچلىرىدا پارقىرايتتى. ئۇلار بۇ سۈپسۈزۈك يامغۇر تامچىلىرىدىن خۇددى ھاياتقا چۈمۈلۈپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان يېڭى بىر دۇنيانى كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. يامغۇردىن كېيىنكى غۇرغۇر سالقىن شامال ئۇلارنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇلاتتى، ئۇلار تىترەشكە باشلىدى.

— ئاسىيە، — پەرمان ئاخىر جىم-جىتلىقنى بۇزدى، — سىز مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەمسىز؟

— ھەئە، سىزچۇ؟

— مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىم بەلكىم سىزنىڭ مۇھەببىتىد-

كىمزدىن ئۇن ھەسسە، ھەتتا يۈز ھەسسە چوڭقۇر بولۇشى مۇمكىن!
— شۇنداقمۇ؟ ئىشەنمەيمەن!
— ھا... ھا... راست ئىشەنمەمسىز؟
پەرماننىڭ كۆلكىسى شۇ ئان مىڭلىغان سۆيۈشلەرگە ئايلىنىپ ئاسىيەنىڭ جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرىدە ئىز قالدۇردى، ھاياجاندىنمۇ ياكى سوغۇقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇلار تېخىمۇ تىترەشكە باشلىدى.
— پەرمان، كىيىمىڭىزنى سىلىپ سىقىۋېتىڭا، — دېدى ئاسىيە كۆيۈنگەن ھالدا.
— لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مۇھەببەت ئوتلىرىمىز ھازىرلا قۇرۇتۇۋېتەلەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ! — دەپ جاۋاب بەردى پەرمان چاقچاق ئارىلاش.
— ھە، شۇنداقمۇ؟ بىراق مەن چىدىمىدىم، توڭلاپ كەتتىم!
— ئۇنداق بولسا، كۆڭلىكىڭىزنى سىلىپ سىقىپ قۇرۇتۇۋېلىڭ، — دېدى پەرمان قىلچىمۇ ئويلانماي.
— ئەسكى! كۆپكۆندۈزدە كۆڭلىكىمنى سال دەمسىزا؟ — ئاسىيە ئەركىلەپ ئۇيالغان ھالدا پەرماننىڭ كۆكسىگە ئىككى مۇشتۇمى بىلەن يۇمشاق - يۇمشاق ئۇردى، پەرمانغا خۇددى بىر جۈپ يۇمشاق پاختا پومزىكى قىزغىن سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە تېگىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟
— كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، كەينىڭىزگە ئۆرۈلۈپ تۇرۇڭ!
پەرمان ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ئۇ چىرايلىق تىكىلگەن رەڭلىك كەك ئىپتەكلىك كۆڭلىكىنى سالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ قەلبلەر تارىنى تىترەتكۈدەك، قايماققا ئوخشاش سىلىق، ئاپئاق، پارقىراق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تولغان ئىلاستىكىلىق تەنلىرى كۆرۈندى. سۇس ئەت رەڭ چىرايلىق-قىنە گۈللۈك نىپىز لىپتىكنىڭ ئۈستىدىن غىل-پال كۆرۈنۈپ، لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسى گويا چىمىرلاپ تۇرغان ئاي نۇرىدەك كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئاسىيەنىڭ كۆكلەكنى سىققان ھەرىكىتى بىلەن تەڭ تىترەپ تۇراتتى. لىپتىكى بىلەن ئوخشاش رەختتىن تىكىلگەن ئۈچ بۇرجەكلىك ئىچ كىيىمى ئۇنىڭ دۇۋسۇنىغا چىڭ تارتىلىپ، سىزىقچىسى روشەن، ئاپئاق يۇمران تەنلىرىگە ھۆسن قوشقانىدى. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل-ھە، پەرىشتىنىڭ ئۆزىغۇ...

پەرمان شىددەتلىك ئۇركەشلەۋاتقان ھېسسىياتىنى باسالماي، شارت قىلىپ ئالدىغا بۇرۇلۇپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئاسىيەنىڭ ھەممە يەرلىرىگە قارىدى.

ئاسىيە "ۋىيەي" دەپ ۋارقىراپ، ئالدىراپ-تېنەپ ھۆل كۆكلىكى بىلەن بەدىنىنى توسۇپ، ئىككى قولىدا ئالمىدەك قىزارغان يۈزىنى چىڭ ئېتىۋالدى.

— جېنىم ئاسىيە، خاپا بولماڭ، مېنى كەچۈرۈڭ. مەن سىزنى ئەزىز جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىمەن! — دېدى پەرمان تىترەك ئاۋازدا.

قىزلار جىسمانىي جەھەتتە يىگىتلەردىن ئاجىز، ئەمما ھېسسىياتتا يىگىتلەردىن باي بولسا كېرەك، ئاسىيە پەرماننىڭ تەلمۈرگەن كۆزلە-رىدىن، تىترىگەن لەۋلىرىدىن چىققان يالقۇنلۇق سۆزلىرىدىن گويا ئىسسىق چايغا سالغان قەنتتەك غۇژژىدە ئېرىپ، پەرماننىڭ سوزۇلغان قوللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى.

— ئاسىيە، توي قىلايلى، مەن سىزنى خۇددى ئوردىدىكى

مەلىكىلەردەك كىيىندۈرىمەن.

— ياق، نېمانچە ئالدىرايسىز؟ ئاسان تۇتاشقان ئوت ئوڭايلا ئۆچۈپ قالىدىغان چاغلار بولىدۇ. مەن تېخى تولۇق ئويلىنىپ بولالمىدىم.

— توغرا ئېيتتىڭىز، دۇنيادا تولۇق كامالەتكە يەتكەن شەيئى يوق، ئەگەر ھەممە ئىش تولۇق كامالەتكە يەتسە، كىشىلەردە ئىنتىلىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ. تولۇق ئويلىنىپ بولالمىغانلىقىڭىز ئىنتىلىشىڭىزگە تۈرتكە بولسۇن.

— ئەجەب گەپكە ئۇستا ئىكەنسىز-ھە! شائىر دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىكەنسىز!

پەرمان: ئۇ ماڭا مايىل بولدى، كۆڭۈلدىكى گەپلىرىمنى ئىزھار قىلىشىمنىڭ پەيتى كەلدى، دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— جېنىم ئاسىيە، بىر گېپىم بار ئىدى، قىلايمۇ-قىلمايمۇ؟

— ھەقىقىي مۇھەببەت ئىككى ئوخشاش قەلبنىڭ ئەڭ چوڭ دائىرىدىكى ماسلىشىشى ۋە ھېسسىياتتىكى ئورتاقلىشىشى دېگەنلىكتۇر. ماسلىشىش ۋە ئورتاقلىشىشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۆزئارا ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان نېمە گەپ قالدى دەيسىز!

— خوپ، ئۇنداق بولسا، مەن ئېيتاي، سىزچە كەسپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىككى كىشى بىر ئۆيگە كىرىپ قالسا، ياخشى ئۆتەلەرمۇ؟

— نېمىشقا ياخشى ئۆتەلمەيدۇ؟ ئىنتىلىش ئىچىدە مۇھەببەتكە، مۇھەببەت ئىچىدە ئىنتىلىشكە ئېرىشىش دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

— ياق، مېنىڭچە مۇمكىن ئەمەس، ھامان بىرسى قۇربان بېرىدۇ، مەن سىزنىڭ كېلەچەكتە ئۆز كەسپىڭىزنى قۇربان قىلىپ، مېنىڭ

كەسپىمگە ياردەمچى بولالايدىغان ياخشى رەپىقەم بولۇشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلاتتىم.

— قىزىق، كەسىپ ۋە مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدا نېمە زىددىيەت بار؟ نېمشقا ئىككەمىز كەسپىمىزنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانماي، مەن كەسپىمنى سىز ئۈچۈن قۇربان قىلىدىكەنمەن؟ — دېدى ئاسىيە ھەيرانلىق بىلەن.

— ئاسىيە، كەسىپچان ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئانچە ياخشى بولماي قالىدۇ، ئەتراپىمىزدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. تۇرمۇش خىيالدىكىدەك ئەمەس، كىنو كۆرۈشتىن، بىرىمىزنىڭ كەسپىي جەھەتتە نەتىجە قازىنىشىمىز ئۈچۈن بىرىمىز قۇربان بېرىشىمىز، ئۆي ئىشلىرىنى زىممىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن سىز ئۆز كەسپىڭىزنى ئازراق قۇربان قىلىپ، مېنىڭ كەسپىمگە ياردەمچى بولمايسىز؟ بىزدە ئەر كەسىپ ئەھلىلىرى ناھايىتى نۇرغۇنغۇ! ئايال خەقنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاسان ئەمسمۇ؟ — دېدى ئاسىيە قايتا سوئال قويۇپ.

پەرمان مۇرىسىنى قىستى. ئۇنىڭ سوئالىنى توغرا قويغانلىقىغا قوشۇلغاندەك قىلسىمۇ يەنە سورىدى:

— بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، ئادەتتە ئاياللار ئەرلىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇش بىز ئەرلەر ئۈچۈن نومۇس.

— ئەجەبا، بىز يېڭى زامان ياشلىرى بۇنداق كونا ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى ئۆزگەرتسەك بولمامدىكەن؟

— بۇ گەپنى قىلماق ئاسان، ئەمەلدە كۆرسەتمەك قىيىن. بىز ھازىر شىنجاڭدا ياشاۋاتىمىز، چەت ئەلدە ياشاۋاتقىنىمىز يوق.

ھازىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قانچىلىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؟

— دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز تېخىمۇ كۈچەپ تىرىشىپ، بۇ تارىخىي ھالەتنى ئۆزگەرتسەك بولامدۇ؟

— بۇنداق ھالەتنى سىز بىلەن مەن ھازىرچە ئۆزگەرتەلمەيمىز! يەنىلا ئەمەلىيرەك سۆزلىشەيلى!

— ياق، مېنىڭچە چوقۇم ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ! — ئاسىيە قەتئىي جاۋاب بەردى، ئۇ باياتىن شۇنچە ئۇچۇق چىراي، ساددا، مۇلايىم، نازاكەتلىك، ھېسسىياتچان، ھەم ھازىرقى زامان ياشلىرىغا خاس قىلچىمۇ تارتىنمايدىغان بىمالال خاراكتېرگە ئىگە كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە سەكسەنىنچى يىللار ياشلىرىغا خاس ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ئالغا ئىنتىلىدىغان روھ بار ئىدى. شۇنداق، ئۇ كەسىپچانلىقى كۈچلۈك قىز ئىدى. ئۇ قىسقىغىنا نەچچە يىل ئىچىدە يۇرتىمىزنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئىز قالدۇرغان، جاپا-مۇشەققەتلەردىن قورقماي، ھەتتا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، سۆڭىكىگە دەز كەتكەنلىكىگە قارىماي ئېكراندا ئوخشىمايدىغان ئالتە ئوبرازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانىدى. ئۇ ھەممە نەرسىدىن ۋازكەچسىمۇ، ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلسىمۇ، ئۆز كەسپىنى ھەرگىزمۇ قۇربان قىلمايتتى.

ئاسىيە پەرماننىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن ھەيران بولدى، ئەپسۇسلاندى، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كەينىگە بۇرۇلغانىدى، پەرمان ئۇنى تۇتۇۋالدى، پەرمان ئوتتۇرىدا پەيدا بولۇۋاتقان بۇ سوغۇقچىلىقتىن سەل خىجىل بولدى بولغاي، مۇلايىملاشتى:

— ئەمەلىيەتتە مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، سىز ھەقىقەتەن كەسپىڭىزنى ياخشى كۆرىسىز، بەلكى ئاز-تولا نەتىجىمۇ قازاندىڭىز، مەنمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشىمايدىغان مۇشۇنداق كەسپچانلىقىڭىز

بولغاچقا، سىزنى ياخشى كۆرگەنتىم.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇنداق بىمەنە، كۈلكىلىك تەلەپلەرنى قويىسىز؟

— كېلەچەكتە ناۋادا ئىككىمىز كېلىشىپ قالساق، سىز ئايلاپ-ئايلاپ سىرتلاردا قاتراپ، ئاپپارات ئالدىدا چۆگىلەپ يۈرسىڭىز، مەن ئۆيدە يالغۇز قالسام ئۇ چاغدا ئۇنداق-بۇنداق زىددىيەتلەردىن خالىي بولالماسمىزمىكىن دەپ...

— تۇرمۇش دېگەندە ئەلۋەتتە زىددىيەت بولۇپ تۇرىدۇ، دەل شۇ زىددىيەتلەر تۇرمۇشىمىزنى خىلمۇخىل رەڭلەر بىلەن بېزىمەمدۇ؟!

— ئاسىيە، مۇھەببەت ئاپپارات ئالدىدا كۆرۈنۈش ئېلىشقا ئوخشاش، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىنمىسا، قايتا ئېلىشقا بولىدىغان نەرسە ئەمەس، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم بۇلا ئەمەس، بەلكىم...

— بەلكىم نېمە؟

— باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، بىزگە ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تولىسى كەسىپچان ئايال تېپىشنى ئۈمىد قىلمايدۇ، كەسىپچان ئاياللارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشقا ۋاقتى يوق، ھەم ئۆي ئىشلىرىغا خام كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، ئۇلار ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە، ئۇلارنى چۈشەنمەكمۇ، باشقۇرماقمۇ تەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئېكراندا تولا كۆرۈنۈۋېرىشىنى، سانسىز ئاچكۆز ھەم شەھۋەتپەرەس كۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا قادىلىپ قارىشىنى خالىمايمەن. ئېكراندىكى كىشىلەرنىڭ تولىسى تۇرمۇشتا ئانچە ئېھتىيات قىلىپ كەتمەيدۇ، يالغان ئويۇننى بىلىپ-بىلمەي راست ئويناپ قويىدىغانلىرىمۇ بار، كېلەچەكتە بىز بىر ئۆيدە بولغاندا كۆپ ئىشلاردا

زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. ئۆتمۈش پەقەت بايامقى چاقماقتەك بىردەملىك-
لىلا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، كېلەچەك مەڭگۈلۈكتۇر!

پەرمان خۇددى بىر يامغۇر چۈشى كۆرگەندەك، بۇ چۈشنىڭ يېشى-
لىشى بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ تەشنا بولغان سۆيگۈسىنى يامغۇر سۇلىرى
ئېقىتىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ قارا يامغۇر ئىچىدە كېتىۋاتقان
ئاسىينىڭ قارىسىغا ھاڭۋېقىپ ئۇزاققىچە قاراپ، ئۆز-ئۆزىنى
مەسخىرە قىلغاندەك ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەقەت ھېلىلا ئۆز سۆيگۈسىنى ئېقىتىپ
كەتكەن بىپايان يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ئۇلار مېڭىپ كەلگەن ھېلىقى
پاتقاق چىغىر يول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئېھ، يامغۇردا قالغان سۆيگۈ...



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# گۇمان

مېھرىگۇل ئېرىگە ھەددىدىن تاشقىرى ئامراق ئىدى، بىر مىنۇت بىر سېكۇنتمۇ ئېرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئېرى ھۇختەر مېھرىگۇلنى كۆپىنچە چاغلاردا ئۇنتۇپ قېلىپ، پۈتۈن ئىشقىنى يېزىقچىلىققىلا بېغىشلىۋېتەتتى. ئۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ، كۈچلۈك قەلىمى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇنىڭ «شەپقەتسىز دۇنيا»، «ئازابلانغان يۈرەك» ناملىق ھېكايىلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى، بىرقانچە ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى. لېكىن ئۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ پات - پات ئاپتونوم رايون بويىچە، ھەتتا مەملىكەت بويىچە ئېچىلغان ئىجادىيەت يىغىنى، قەلەمكەشلەر يىغىنى، ئەسەر ئۆزگەرتىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا كېتىپ قېلىپ، مېھرىگۇلنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق ئېچىشتۇرىدىغان بولۇۋالدى. مانا بۇ قېتىممۇ ھۇختەر جەنۇبتىكى بىر ھېكايىچىلىق ئىجادىيەت يىغىنىغا كەتكىلى يىگىرمە نەچچە كۈن بولۇپ قالدى.

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئەگەر ھۇختەر يېنىدا بولغان بولسا، مېھرىگۇل ئۇنىڭ ئىسسىققىنا باغرىدا ئەركىلەپ يېتىپ، سائەت توققۇز - ئونغىچە ئورنىدىن تۇرمىغان بولاتتى، لېكىن ئەمدىچۇ؟ سائەت تېخى

ئالته بولمايلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى، ئاپپاقىنا يوتقان كىرلىكىگە بىلىنەر - بىلىنمەس سىڭىپ قالغان ئېرىنىڭ يېقىملىق ھىدىنى پۇراپ كۆزلىرىنى ھەرقانچە قىلىپ يۇمۇپ باقسىمۇ ئۇنىڭ قاپقارا قايرىلىپ تۇرغان ئۇزۇن - ئۇزۇن كىرپىكلىرى قونغان قاپاقلىرى گويا قىسقىراپ قالغاندەك زادىلا يۇمۇلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان - يوغان ئېچىپ، قېرى خوتۇننىڭ چىگىش چاچلىرىغا ئوخشاش خىلمۇخىل ئوي - خىياللار ئىچىدە، ئۆينىڭ ئاپئاق تورۇسىغا قاراپ ياتاتتى.

ئۇ ئاران سائەت يەتتىگىچە ياتالىدى، كۆن نۇرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، قىزىل زەر دۇخاۋا پەردىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۆي ئىچىنى سۇس قىزغۇچ رەڭ بىلەن بويىدى. ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، پەرداز ئەينىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەرداز ئەينىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇختەرنىڭ چوڭايتىلغان رەڭلىك سۈرىتى سۆپسۈزۈك ئەينەك جازىغا ئېلىپ ئېسىلغان، سول تەرىپىدە ئۆزىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئۇ مۇختەرنىڭ سۈرىتىنى قولىغا ئېلىپ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى، نېپىز ئاق رۇباشكىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ لىغىرلاپ تۇرغان يۇمشاق كۆكسىگە يېقىپ سەل تۇرغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىرنېمىلەر ئېسىگە كەلدى بولغاي، دوققىدە قىلىپ دۈم قويۇپ قويدى.

مېھرىگۈل ساغرىسىغىچە ساڭگىلاپ قارا شارقىراتمىدەك سوزۇلغان چاچلىرىنى تاراپ بولۇپ، ئەينەكتىكى ئۆزىنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ مەستلىكى كەلگەندەك، ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. ئەينەكتە خۇمار كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا تۆكۈلۈپ تۇرغان قاش - كىرپىكلىرى، قىزىرىپ پىشقان توقاچتەك ئىككى مەڭزىگە ئويۇپ قويغاندەك ئوماق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زىنىقى، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويلىرى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بىر گۈزەل تۇراتتى.

بۇ مەنمۇ؟ نېمانچە گۈزەل-ھە! ئۇ ئەينەكتىكى گۈزەل رۇخسارىغا قاراپ، مەستلىكى كەلگەندەك مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى. شۇنچە گۈزەل رەپىقىسى تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن تاشلاپ كېتىدۇ ئۇ؟ مېھرىگۈل ئېرىنى ئېسىگە ئالغان ھامان ئۇماق ئىككى زىنىقى دەرھال يوقاپ، سىزىپ قويغاندەك ئىنچىكە قاشلىرى خۇددى ئىككى دانە ئۆتكۈر شەمشەرگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ پەقەت ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتنىشىشنىلا بىلىدۇ، ئىچكىرىدە ئېچىلغان بىر قەلەمكەشلەر يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ ھاردۇقى چىقا-چىقمايلا مانا يەنە جەنۇبقا كېتىپ قالدى. ئون بەش كۈندە قايتىپ كېلىمەن دېگەن كىشى بۈگۈن توپتوغرا يىگىرمە بەش كۈن بولدى، يا خەۋىرى، يا بىرەر پارچە خېتى يوق، كىشىنى قانداقمۇ تاقەتسىزلەندۈرمىسۇن. ئەگەر توي قىلماي مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلار بولغان بولسا ئىدى، بۇ چاغقا ئۇ يېلىنجاپ كۆيۈۋاتقان قەلبىنى ئىزھار قىلىدىغان نەچچە پارچە ھېكايىدەك قېلىن سېغىنىش خەتلىرىنى يېزىپ بولغان بولاتتى، ياش يازغۇچىمىش تېخى! توي قىلغىلى ئون يىل بولاي دېدى، يېزىقچىلىقىمغا تەسىر يېتىدۇ دەپ، يا بىرەر بالا تاپمىدى، ھەر كۈنى تۈن يېرىمىدىن ئاشقۇچە خۇددى چۈمۈلىدەك قەغەز ئۈستىدىلا ئۆمىلەيدۇ. گاھىدا ھېسسىياتى قوزغىلىپ قالغاندا يېرىم كېچە بولۇپ قالغىنىغا قارىماي سوغۇق قوللىرىنى ئىسسىق يوتقانغا تىقىپ، ئۇخلاپ قالغان كىشىنى بىرمۇنچە ئاۋارە قىلىدۇ. كۆپىنچە چاغلاردا سەھەرگە يېقىن ھېرىپ-چارچاپ، پۇتىدىكى پايپاقنىمۇ سېلىشقا ئېرىنچەكلىك قىلىپ، ئۆزىنى تۆشەككە ئاتىدۇ-دە، ھەش-يەش دېگۈچە خورەكنى

دۆك تارتىپ بىخىرامان ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ. ئادەتتە كىشىنى يا ئەركى-لىتىشنى بىلمەيدۇ، ياكى تاتلىقىنا بىر-ئىككى ئىغىز سۆزى يوق. ئايدا-يىلدا بىرەر قېتىم كىنو ياكى ئويۇن تاماشىلارغا ئاپارمايدۇ. توي قىلماستىن بۇرۇن ناۋاتتەك تاتلىق سۆزلىرى ئىغىزىدىن چۈشمەيتتى، بىر كۈن كۆرمىسە ئۇيقۇسى كەلمەي، ئەتىسى سەھەردە سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ كېلەتتى. ھەممە يەرلىرىمنى سۆيۈپ-يالاپ، خۇددى يۇتۇۋالغۇدەك قىلاتتى. ئەمدىچۇ؟ ئۇلار نەگە كەتتى؟ مېنىڭ ئۇنى دەپ، ئۆز كەسپىمنى، ئاتا-ئانامنى تاشلاپ، كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قىلغان ئەقىدىلىرىم قېنى؟... مەن بۇنداق تۇرمۇشتىن قانچىلىك لەززەت ئالدىم؟ ئۇ ماڭا زادى قانچىلىك مېھىر-مۇھەببەت بەردى؟ مەنغۇ بارلىقىمنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىم، لېكىن ئۇچۇ...

شۇلارنى ئويلاپ، ھەسرەتلەنگەنلىكىدىن مېھرىگۇلنىڭ گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى، دەملىگەن چېيىمۇ سوۋۇپ قالدى.

سىرتتىن كىچىك بالىنىڭ "مېھرىگۇل ھەدە، مېھرىگۇل ھەدە، سىزنىڭ خېتىڭىز" دېگىنىچە ئىشىكنى تاقىلدىتىپ قاققان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مېھرىگۇل كۆڭلىكىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، رۇباشكىسى بىلەنلا يېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك تۈۋىدە بىرىنچى قەۋەتتىكى قوشنىسىنىڭ بەش-ئالتە ياشتىكى ئوغۇل بالىسى بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مېھرىگۇل خۇشلۇقىدىن بالىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ خەتنى ئالدى، ئىشىكنى چىڭ يېپىپ، ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا خەتكە قاراشقا باشلىدى. خەت ئاق كونۋېرتقا سېلىنغان بولۇپ، كونۋېرت ئۈستىدە "مېھرىگۇلگە تېگىدۇ" دېگەن چىرايلىق يېزىلغان خەتلەر تۇراتتى. بىراق بۇ مۇختەرنىڭ تونۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۈچۈركىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىق بىردىنلا بوران ئۇچۇرغاندەك يوقىلىپ، كۆڭلى غەشلىككە چۆمدى. مېھرىگۈل بىرھازادىن كېيىن كونۋېرتنى ئاستا يىرتتى. ئىچىدىن پەقەت تۆتلىكچە بىر پارچە خەت چىقتى:

"ھۆرمەتلىك مېھرىگۈل قىز:
سىز قانداقمۇ خاتىرجەم بولۇپ يولدىشىڭىزنى جەنۇبقا يالغۇز يولغا سالدىڭىز؟ ھەقىقەتەنمۇ ئاق كۆڭۈل، ساددا ئىكەنسىز...
سىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر كىشىدىن"

مېھرىگۈلنىڭ كاللىسى پىررىدە قايىغاندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، ئۇچقۇنلار چاقناۋاتقاندەك تۇيۇلدى. باياتىنقى ئېرىنى ئەيىبلەشلىرى، ئېرىدىن رەنجىشلىرى، ئەنسىرەشلىرى بىردىنلا گۇرۇلدەپ تۇرغان غەزەپ ئوتىغا ئايلاندى. ئىلگىرى قۇلىقىغا كىرىپ قالغان بەزى مىش-مىش پاراڭلار، ئۆزىنىڭ بەزى گۇمانلىرى كاللىسىغا بىراقلا بېسىپ كىردى، قەلبىنى كۈچلۈك بىر شەكلىسىز قول كېلىپ مۇجۇشقا باشلىدى. نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىم مېنى جەنۇبقا ئاپارمىدىكى، نېمىشقا "خوتۇنىنى بىللە ئاپارسا تەسىرى ياخشى بولمايدۇ" دەيدۇكى دېسەم، مەقسەت مۇشۇكەن-دە! ياز بولسىلا ئۇ يىغىن-بۇ يىغىن دەپ سىرتقىلا يۈگۈرەيدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئالىلقاچان تالاغا قاراپ قالغانىكەن-دە! كىم بىلىدۇ، بىللە يىغىنغا قاتناشقان ھېسسىياتچان شائىرچاق قىزلارغا باغلىنىپ قالدىمۇ؟ ياكى ئۆزى چۈشكەن ئېسىل مېھمانخانىلاردىكى چىرايلىق ياش كۈتكۈچى قىزلار بىلەن ئىچ-پەش تارتىشىپ قالدىمۇ؟...

مېھرىگۈل بۇ خەتتىكى گەپلەرگە راستىنلا ئىشىنىپ قالغانىدى. خەتنى يازغان كىشى مۇشۇ جايدا بولغان بولسىدى، ئۇ چوقۇم ئۇنىڭغا

كۆپ رەھمەتلەر ئېيتقان بولاتتى. بۇ خەتنىڭ مېھرىگۈلنى شۇنچە ئىشەندۈرۈشى بەلكى خەتنىڭ قىسقىلىقى، ئۇنىڭدا كىشىگە تەسىر قىلىدىغان ئۇنداق-مۇنداق ۋەقەنىڭ يوقلۇقى، خەتنىڭ مۇلايىم، ھېسداشلىق تەلەپپۇزىدا يېزىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

شۇ دەم مۇختەرنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «ئازابلانغان يۈرەك» ناملىق ھېكايىسىدىكى "دالا گۈلى ئۆي گۈلىدىن گۈزەل" دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. دالا گۈلى ئۆي گۈلىدىن گۈزەل-مىش تېخى، ۋاي ۋىجدانىنى ئىت يەپ كەتكەن ئىپلاس! بۇنىڭدا دەل ئۆزىنى يازغان ئىكەن-دە...

مېھرىگۈل خۇددى بىر پارچە چوغنى يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ بىر يەرلىرى پىژىلداپ كەتتى. ئۇ توڭلاتقۇدىن بىر ئىستاكان مۇزدەك ئىچىملىك ئېلىپ ئىچتى، لېكىن يۈرىكىدىكى ھارارەتنى باسالمىدى.

مۇختەر ئوتتۇز نەچچە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، يازغۇچىلار ئىچىدە ياش يازغۇچى ھېسابلىناتتى. گېزىت-ژۇرناللاردىمۇ ئۇ ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچى دەپ تالاي قېتىم تونۇشتۇرۇلغان، گەرچە ئۇنىڭ قەددى-قامىتى ئانچە كېلىشمىگەن، چاچلىرى شالاڭ بولسىمۇ، بىراق پالانى يازغۇچى، پوكۇنى شائىر دېگەن ئاتاقلىق يازغۇچى-شائىر-لارنىڭكىدىن خېلى تۈزۈك ئىدى. مېھرىگۈل مانا يىگىرمە سەككىز ياشقا كىردى. ھەرقانچە گۈزەل بولغاندىمۇ ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن، ياشلىق ۋۇجۇدى ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل قىزلارغا يېتەلەمتى؟ ئاھ ھېلىقى لەنىتى "ئۆي گۈلىدىن گۈزەل دالا گۈلى!" بۇ ۋىجدانسىز بەلكىم شۇ مىنۇتلاردا قايسىبىر ئىپلاس ھەۋەسكار سەتەڭ بىلەن گۈزەل باغلاردا، شاۋقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان دەريا بويلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەندۇ؟! ياكى قايسىبىر ئېسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېھمانخانىنىڭ قېلىن ـ قېلىن پەردىلىرىنى چىڭ تارتىپ قويۇپ...

مېھرىگۈل ئويلىغانسېرى ئاچچىقلىناتتى، ئاچچىقلانغانسېرى ئويلايتتى. يۈرىكىنى بىر توپ مۈشۈكلەر ئۆتكۈر تىرناقلىرىدا تاتىلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ قەلبىنى چىڭ چىرمىۋالغان بۇ ئاچچىق گۇمان، ھەسرەت، ئازاب ئۇنىڭغا زادى ئارام بەرمەسدى. كۆڭ چۈش بولاي دېدى، لېكىن ئۇ يەنىلا كرېسلودا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى قورۇۋاتاتتى.

بىرى ئىشىكنى بوش چەكتى. مېھرىگۈل ئۇ قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، قاپىقىنى تۈرۈپ شۈك ئولتۇردى. ئىشىك يەنە بىر قېتىم يېنىك چېكىلدى. مۇختەرنىڭ يېنىدا ئاچقۇچ بارلىقى، كۆپىنچە ئۇ ئىشىكنى ئېچىپلا كىرىپ كېلىدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، مېھرىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك تۈۋىدە بىر يەردە كۆرگەندەك غۇۋا تونۇش بىر كىشى ئەدەب بىلەن تۇراتتى.

ــ بۇ مۇختەرنىڭ ئۆيىمۇ دەيمەن، ــ دېدى ئۇ كىشى مۇلايىملىق بىلەن. ئاچچىقى تېخى يانمىغان مېھرىگۈل:

ــ ھەئە، ئۇ يوق، جەنۇبقا يىغىنغا كەتكەن! ــ دەپ توڭلا جاۋاب بەردى. بىراق يەنىلا ھۆرمەت يۈزىسىدىن، ــ ئۆيگە كىرمەمسىز! ــ دەپ قويدى.

مېھمان تەكەللۇپ قىلىپ تۇرمايلا ئۆيگە كىردى.

ــ ئىسمىم ئابلەھەت بولىدۇ. بەلكىم ئېسىڭىزدىن چىقىپ قالغان بولسا كېرەك، بۇلتۇر ھېلىقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مەن مۇختەرنىڭ سول تەرىپىدە، سىز ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئەمەسمۇ؟ مېنى مۇختەرنىڭ قەلەمدىشى، يېقىن دوستى

دېسىڭىز بولىدۇ. بۇ بۇرادەر يىغىنغا بارىمەن دەپمۇ قويماي كېتىپ قاپتىغۇ؟ بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئۆز دوستلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— قارىڭا، مېنىڭ بۇ ئېسىمنى! ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، سىز ھېلىقى گېزىتخانىدا ئىشلەيدىغان «تۇمانلىق كېچە» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئابلەھەت بولىسىزغۇ دەيمەن! رەنجىمەڭ، تونۇماي قاپتىمەن! مۇختەرچۇ، ئاشۇنداقراق ئۇنتۇغاق ئادەم، ھېلىغۇ دوستىكەن، ئۆزىنىڭ خوتۇنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

— ياق، مۇختەر خېلى ۋىجدانلىق يىگىت جۇمۇ؟ — مېھمان ئۆزىنىڭ دوستىدىن پەخىرلىنىدىغان تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، — مۇختەر ئەقىل-پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئارىمىزدا يېڭىدىن تونۇلۇۋاتقان، قانچىلىغان كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى تىترەتكەن ياش يازغۇچى. مېھرىگۈل قىز، سىز ھەقىقەتەن بەختلىك ئىكەنسىز! خېلى كۆزىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ...، — مېھمان مۇختەرنى ماختاۋېتىپ مېھرىگۈلگە مەدھىيە ئوقۇشنىمۇ ئۇنتۇمىدى، — سىزنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىڭىزمۇ، قەلبىڭىزمۇ شۇنچە گۈزەل ئىكەن.

مېھرىگۈل مېھماننىڭ ئالدىغا چاي، قەنت-گېزەكلەرنى قويدى.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، سىزنىڭ يۇرتىڭىزمۇ جەنۇبتىغۇ دەيمەن، ھازىر تەتىل بولغاندىكىن نېمە ئۈچۈن سىزمۇ مۇختەر بىلەن بىللە بارمايسىز؟ — مېھمان چاي ئىچكەچ سورىدى.

— بۇنى مۇختەرنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ! — دەپ جاۋاب بەردى مېھرىگۈل سەل خىجىل بولغاندەك.

بىرپەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن مېھمان ئورنىدىن قوزغىلىپ:

— بۈگۈن مۇختەر يوق بولۇپ قاپتۇ، مۇختەر كەلگەندە يەنە كېلەرمەن! — دەپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ئولتۇرۇڭا، چۈش بولۇپ قالدى. تاماق يەپ كېتىڭ! — دېدى مېھرىگۈل مېھماننىڭ ئوچۇق چىراي، مۇلايىم، سىپايە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىردەم پاراڭلاشقۇسى كېلىپ.

مېھمان ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، ئەدەب بىلەن خوشلىشىۋېتىپ خۇددى بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك توختاپ دېدى:

— يالغۇز زېرىكىپمۇ قالغانسىز، مەندە بۈگۈن كەچنىڭ ئارتۇق بىر بېلىتى بار ئىدى، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى جەھەتتە قويۇلىدىغان «مەشھۇر ئايال جاسۇس» دېگەن فىلىمى ئىكەن، ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە بېرەي.

مېھرىگۈل كىنونىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىققان بولسىمۇ، ئەدەب يۈزىسىدىن:

— ئايالىڭىز بىلەن بىللە بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ، — دېدى.

— ئايالىمنىڭمۇ بېلىتى بار، — دەپ جاۋاب بەردى مېھمان يېنىك ئاۋازدا.

مېھرىگۈل قانداق قىلىشنى بىلمەي ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. مېھمان يانچۇقىدىن بىر بېلەتنى چىقىرىپ، مېھرىگۈلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مېھرىگۈلنىڭ يۈرىكى سەل - پەل تىترىگەندەك بولۇپ بېلەتنى تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى.

— ئۇنداق بولسا كەچتە كىنوخانىدا كۆرۈشەرمىز، — مېھمان مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مېھمان چىقىپ كەتتى، بىراق ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئۆيدە قالغانتى. مېھرىگۈل ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ھېلىقى مېھماننىڭ مۇلايىم سۆزلىرى،

ئەدەب-يۇسۇنلۇق ھەرىكەتلىرى ھەم بوي-بەستىنىڭ كۆڭلىدە قايتا ئايان بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئەجەبلەندى. ئۇنى ئۇنتۇشقا تىرىشتى، بىراق يەنە ئېسىگە كېلىۋالدى، ئۇ كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئايالىغا مۇختەردەك مۇئامىلە قىلمىسا كېرەك، چوقۇم ئايالىنى ئىززەت-ھۆرمەتلەپ، پۈتۈن ئىشقىنى ئايالىغا بېغىشلىسا كېرەك. خۇددى مۇختەر "دالا گۈلى ئۆي گۈلىدىن گۈزەل" دېگىنىدەك. "تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىدىن ياخشى" بولسا كېرەك دېگەن پىكىرلەر ئىختىيارسىز خىيالىدىن كەچتى.

مۇختەر نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن يۈز ئۆرۈدى؟ مېھرىگۈل يەنە ھېلىقى نامسىز خەتنى قولىغا ئېلىپ قاراپ، ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان چوقۇم "ماڭ، تالادىكى ئاشناڭ بىلەن ئۆي تۇت!" دەپ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ئۆيدىن قوغلىۋېتىشىنى كۆڭلىگە پۈكتى. ياق، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ناھايىتى كەڭچىلىك قىلغان بولمامدىمەن. خەپ، توختاپ تۇر، مەنمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر ئېچىتىپ باقسامچۇ، ئۇمۇ بۇنداق ئازابلارنى تېتىپ كۆرسۇن، ۋاقىتنىڭ مىنۇت-سېكۇنتلاپ ئاستا ئۆتۈشى بىلەن ئاچ قورساق كرېسلودا ئولتۇرغان مېھرىگۈلنىڭ كۆزلىرىگە ئۇكدەك ياماشقاندەك بولدى.

— مېھرىگۈل! مېھرىگۈل! — بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، مېھرىگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

—مېھرىگۈل ئايروپىلانغا بېلەت ئالالماي بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ قالدىم. كۈتۈۋېرىپ رەنجىمىگەنسىز! ماۋۇ ئەتىگەن باغدىن ئۈزگەن ئەنجۈر، تېتىپ بېقىڭا، تازا مەي باغلاپ پىشىپتۇ، — دېدى مۇختەر ئايرىلغىلى يىگىرمە نەچچە كۈن بولغان ئايالىغا كۆيۈنگەن ھالدا.

مېھرىگۇل ئاڭلىمىغاندەك ئۇن-تۈنسىز جايىدا ئولتۇرۇۋەردى. مۇختەر ئەنجۇردىن بىر تەخسە ئەكىرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىمىرلىمىدى.

— بۇگۈن نېمە بولدىڭىز؟ مەن سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە مۇنداق قىلمايتتىڭىزغۇ؟ يۈگۈرۈپ كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىپ، يۈز-كۆزلىرىمگە چوكۇلدىتىپ بىرەر يۈزنى سۆيۈپ، بىر ئايلىق ئۆتنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا قايتۇرۇۋالاتتىڭىزغۇ؟ بۈگۈن زادى نېمە گەپ؟ — مۇختەر مۇلايىملىق بىلەن مېھرىگۈلنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى، — مىجەزىڭىز يوقمۇ-يە؟!

مېھرىگۈل نەلەردە تاماشىنى دۆك سوقۇپ كېلىپ، مېنى يەنە ئالدىماقچى بولۇۋاتىسەن؟!... دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىماقچى بولدىيۇ، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ شۈك ئولتۇرۇۋەردى. مۇختەر مېھرىگۈلنىڭ زادى نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ، ئۆيدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭاتتى، تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شورايتتى، بىرچاغدا كۆزى مېھرىگۈلنىڭ يېنىدا تاشلاقلىق تۇرغان ھېلىقى خەتكە چۈشتى. ئۇ بىرنېمىنى چۈشەنگەندەك خەتنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ قارىدى.

مېھرىگۈل مۇختەرگە كۆز تىكىپ، ئۇنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى كۆزەتتى، بىراق مۇختەرنىڭ چىرايىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى. گويا خەتتە ھېچنېمە يېزىلمىغاندەك ئىدى.

ئۇ قاچان ئۇيۇن قويۇشنى ئۆگىنىۋالغاندۇ؟ مېھرىگۈل ئاخىرى چىدىماي، مەسخىرىلىك ئاھاڭدا سورىدى:

— تەسىراتىڭىز قانداقراق؟

— بۇنىڭغا سىز راست ئىشەنىدىڭىزمۇ؟ — مۇختەر ھېچقانداق ئىپادىسىز قايتا سوئال قويدى.

— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، — مېھرىگۇلنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— بۇ بىر ھېكايىنىڭ ياخشى خام ماتېرىيالى ئىكەن. ھەي ئەخمەق خوتۇن، شۇنىڭغىمۇ ئىشىنەمسىز! — مۇختەر پەسەنت قىلمىغاندەك خەتنى ئۆز ئورنىغا تاشلاپ، مېھرىگۇلگە باشقا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش ياكى تەسەللى بەرمىدى، مېھرىگۇلنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىشقا باشلىدى. بۇنداقمۇ باغرى تاش ئەر بارمۇ؟ يازغۇچى دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ مېھرىگۇلنىڭ مۇختەرنى تازا تىللاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقۇسى كەلدى. لېكىن مۇختەرنىڭ جىم ئولتۇرۇۋالغانلىقىغا قاراپ ئۆزىنى سەل بېسىۋالدى.

مۇختەر بۇنداق چاغدا مېھرىگۇلگە بىرنەرسە دەپ چۈشەندۈ-رۈشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلەتتى. بۇ ھەقتە گەپ قىلسا ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، بۇ كۆڭۈل-سىزلىكنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقاندەك قاتتىق-قاتتىق شورايتتى. ئاقۇچ تاماكا ئىسى گاھ ئىلاندەك تولغىنىپ، گاھ تۇماندەك يېيىلىپ، ئۆينىڭ ھەممە جايلىرىدا ئەگىپ، لەيلەپ يۈرەتتى. ئىككىلىسىنىڭ قەلبىمۇ خۇددى بۇ ئىس-تۈتەكلەردەك غەش ھەم تۇتۇق ئىدى، مۇختەر كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ ئۈچ-تۆت تال تاماكا چەكتى، بېشى سەل پىرقىرىغاندەك بولۇپ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مېھرىگۇل، قورساق ئېچىپ كەتتى، تاماق ئېتىپ بەرمىگىلىمۇ؟ ماڭا، — دېدى مۇختەر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھە، قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟ مېنىڭ، دالا گۈلى بىلەن

قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇپ كېلىڭ! — دېدى مېھرىگۈل چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ زەردە بىلەن.

مۇختەر ئاخىر بولماي ئۆزى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاشخانىدىن توك-توك قىلىپ گۆش توغرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئادەتتە تاماق ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئاز ئارىلىشىدىغان مۇختەر بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاران بىر تەخسە قازان كاۋىپى قورۇپ، مېھرىگۈلنىڭ ئالدىغا ئەكىردى.

مېھرىگۈلنىڭ ئاچچىقى يانمىغانىدى، ئۇ كاۋاپقا قاراپمۇ قويماي، كۆڭلىدە يەنە ھېلىقى نامسىز خەتنى ئويلاۋاتاتتى. ئامالسىز قالغان مۇختەر كاۋاپنى قېتىپ قالغان نانلار بىلەن ئۆزى يالغۇز يېيىشكە باشلىدى. مېھرىگۈل ئېرىنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كاۋاپنى كوم-كوم سوققانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىۋاتامدىمەن يا دەپ ئويلىدىيۇ، دەرھال بۇ خىيالىنى رەت قىلدى. ياق، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا پۈتۈنلەي ئويۇن قويۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى دالا گۈلىدە، دەپ ئويلىدى.

مۇختەر قورسىقى تويغاندىن كېيىن، قاچا-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىگۈل يەنىلا چىگىش خىياللىرىنى بىر يەرگە يىغالماي ئاۋارە ئىدى. "قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە" دېگەن گەپ بار. بۇنداق ئىشنى كىمگە ئېيتقۇلۇق؟! خەتنى تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بېرىشمۇ بىئەپ.

— مېھرىگۈل، سىز ئارام ئالغاچ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بۈگۈن كەچ مېكسىكىنىڭ «ھاقارەت» دېگەن تېلېۋىزىيە فىلىمىنىڭ داۋامى بارغۇ دەيمەن، مەن تۇرپان ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ كېلەي. تۇرپانلىق بىر قەلەمدىشىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ سومكىسىغا

سىغدۇرالماي، مېنىڭكىگە سېلىپ قويغان بىر خالتىسى بار ئىدى. ئۇ كىشى ئەتە سەھەردە ماڭماقچى، شۇنى ئاپىرىپ بېرىپ كېلەي.

ئابايام ئايروپىلاندىن چۈشكەندە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، — دېدى مۇختەر «هاقارەت» دېگەن سۆزنى كۆچلۈك تەلەپپۇز قىلىپ.

— ھە، چىرايلىق يازغۇچى قىزچاقلاردىنمۇ؟ — دەپ سورىدى مېھرىگۈل زەردە بىلەن.

— ھەئە، ھېكايىنى خېلى ئوبدان يازىدىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى مۇختەر قىلچىمۇ يوشۇرماي، ئەكسىچە ئۇنى قەستەنگە ئېچىتقاندەك.

— قانداق؟ خەتتە يېزىلغان گەپ راستمىكەن؟ سىزگە ئۇۋال قىلمىغاندىمەن؟ — دېدى مېھرىگۈل ھەممە ئىش ئايان بولغاندەك.

— مېھرىگۈل، قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى يوق، تاۋۇز يېيىشتىن قورقمايمەن، ئەگەر ئاشۇ خەتنى يازغان رەزىل كىشىنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن بولسىڭىز بوپتۇ، مېنى ئەمەلىيەتتىن كۆرۈڭ، ئۆزۈمنى ئاقلاپ ئولتۇرمايمەن — !دېدى مۇختەر ئىشەنچ بىلەن.

— ماقۇل، ئەمەلىيىتىڭىزدىن كۆرەي، بۈگۈن كەچنىڭ كىنو بېلىتىنى ئېلىپ قويغان، كىنوغا بېرىپ كېلىمەن، — دېدى مېھرىگۈل پەرداز ئەينىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاندىن زامانىۋى گىرىم بۇيۇملىرىنى چىقىرىپ پەردازغا تۇتۇندى. ئۇ ئالدى بىلەن تېشىغا سەل ئۇپا سۇرتۈۋېلىپ، بىر دانە قىسقۇچ بىلەن ياۋا قاشلىرىنى تېرىۋېتىپ، ئاندىن چىرايلىق بىر قۇتىدىكى ئاقارتىش مېيىدىن ئالقىنىغا ئاز تەگكۈزۈپ، ئالقانىنى ئالقانىغا سۈركەپ سەل ئۇۋۇلۇۋال-غاندىن كېيىن، ئىككىلا ئالقىنىنى يۈزىگە يېقىپ، سىلىق-سىلىق سۈركەشكە باشلىدى. ئۆي ئىچى جىمجىت بولغاچقا، ئالقاننىڭ

www.uyghurkitap.com

يۇزگە شىپىلداپ سۇركىلىۋاتقان ئاۋازى ناھايىتى ئوچۇق ئاڭلىناتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىرپىككە سۇرمە سۇردى، ئىككى مەڭزىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سۇس قىزغۇچ رەڭدە بويىغاندىن كېيىن، ماموق ئۇپا سۇرگۈچ بىلەن يۇزىگە يېنىك ـ يېنىك قىلىپ ئۇپا سۇردى. چېچىغا چاچ ماي سۇرتتى، چوتكىغا ئوخشاش تىكەنلىك تاغاق بىلەن قىسقا قىلىپ بۇدرەلىگەن چاچلىرىنى ئاۋايلاپ پاسون چىقىرىپ تاردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەينەككە تازا بىر قاردى ـ دە، كاتتا بىر قۇتىدىكى فرانسىيە ئەتىرىنى ئېلىپ كۆكسىگە چاچتى. چامداندىن بىر دانە يېڭى نېپىز نىلۇن پايپاق چىقىرىپ پۇتىغا تارتتى ـ دە، پۇتىنى مۇختەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئورۇندۇققا ئارتىپ، يېڭى كىيگەن پايپاقنى پۇتىنىڭ ئۇچىدىن يۇتىسىغىچە سىيرىپ، پۇتىنى ئۇياق، بۇياققا ئۆرۈپ خېلىغىچە قاردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇختەرنى كۆرسۇن دەپ قەستەنگە قىلىۋاتاتتى. ئاخىر مېھرىگۈل تۆردىكى گىلەمنىڭ ئۇستىدە ئېسقلىق تۇرغان بۆرەك شەكلىدىكى كىچىككىنە سومكىسىنى ئالدى ـ دە، يەنە بىر قېتىم ئەينەككە قارىۋېتىپ، سومكىدىن بۇرمىلاپ ئاچىدىغان لەۋ گىرىمىنى چىقىرىپ، لېۋىنى قىزىل بويىدى. ئاندىن ئىنچىكە ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بىلەن يەرنى توكۇلدىتىپ دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مۇختەرنىڭ بۇلار بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. ئۇ سەپەر سومكىسىدىن ھېلىقى كىشىنىڭ خالتىسىنى ئالدى، ئىككىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆيدىن چىقتى.

ئۇلار تونۇشمايدىغان كىشىلەردەك مېڭىشىپ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ بىرسى بېكەتنىڭ ئۇ تەرىپىدە، بىرسى بۇ تەرىپىدە قارىمۇقارشى تۇرۇپ ئاپتوبۇس ساقلىدى. مۇختەر خىيالىدا بوپتۇ، كۆڭلۈمنى

ئېچىپ كەلسەڭ كەل دېگەندىن باشقىنى ئويلىمىدى، لېكىن مېھرىگۈل شۇ تاپتا مۇختەرنىڭ قولىدىكى يازغۇچى قىزنىڭ خالتىسىغا قاراپ، ھېلىقى ئىمزاسىز خەتنىڭ راستلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىپ، سەن قىلغاننى مەن قىلالمامدىم، دەپ نىيىتىنى راستتىنلا بۇزۇۋاتاتتى. ئاپتوبۇس كەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، ھە دەپ سائىتىگە قارايتتى. كىنوغا يەنە يىگىرمە مىنۇت قالغانىدى. قارشى تەرەپنىڭ ئاپتوبۇسى كېلىپ مۇختەر كېتىپ بىرھازادىن كېيىن تۆت ئاپتوبۇس كەينى-كەينىدىن قاتار يېتىپ كەلدى، مېھرىگۈل ئاخىر ئىككىنچى ئاپتوبۇسقا قىستىلىپ چىقىۋالدى.

مۇختەر خالتىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپلا قايتتى. ئۇ ئاپتوبۇستا بىر مەستنىڭ قىزلارغا سۈركىلىپ، قەستەن جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، مېھرىگۈلنى ئېسىگە ئالدى-دە، ئۇدۇل كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى كەچكى بازار تازا قىزىپ كەتكەنتى. قاتار تىزىلىپ تۇرغان كاۋاپچىلارنىڭ كاۋاپلىرىدىن مەززىلىك پۇراق ئارىلاش ئىس-تۈتەكلەر تارقىلاتتى. مەيدىلىرىنى ئېچىپ قويۇپ، گالدى-گۇلدۇڭ دەسسەپ يۈرگەن مەست-لۈكچەكلەر يېنىدىن ئۆتكەن قىز-چوكانلارغا قەستەن سۈركىلىپ قوياتتى.

كىنو ئاخىر تارقىدى. كىشىلەر توپى خېلى شالاڭلاشقاندىن كېيىن مېھرىگۈلنىڭ قارىسى كۆرۈندى، لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر تونۇش كىشى تۇراتتى، مۇختەر كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇ ھەقىقەتەنلا ئۆزىنىڭ ئانچە يېقىن بولمىسىمۇ، خېلى يامان ئەمەس دەپ يۈرگەن ئاغىنىسى ئابلەھەت بولۇپ چىقتى. مۇختەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ جايىدا تۇرۇپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالدى، مېھرىگۈل بىلەن ئابلەھەت خىيالدا يوق سۆزلىشىپ كۈلۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىرىغىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، ئابلەھەت يانچۇقىدىن بىر پارچە ئادرېس كارتوچكىسىنى چىقىرىپ مېھرىگۈلگە ئۇزاتتى، ئارقىدىنلا نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك "توختاڭا، بۇنىڭدىكى ئادرېس كونا، مەن ھازىر داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كەتتىم، تېلېفون نومۇرۇممۇ ئۆزگىرىپ قالدى، ئۆزگەرتىپ بېرەي" دەپ مېھرىگۈلنىڭ قولىدىن كارتوچكىنى قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە يېڭى ئادرېسىنى ۋە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى. مېھرىگۈل ئادرېسقا قاراپ نېمىدۇر بىرنېمىنى ئەسلىگەندەك قىلىپ، خېلى ئۇزاققىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىقى ئىمزاسىز خەتتىكى چىرايلىق پۈچۈركا كۆرۈنگەندەك بولماقتا ئىدى.

شۇ تاپتا مۇختەر غەزەپلىنىشنىمۇ، ھەسرەتلىنىشنىمۇ بىلمەي قالدى. ئۇ ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئىككى كۆلەڭگىنىڭ كەينىدىن ماڭدى، كاللىسى خىياللار، سوئاللار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. مېھرىگۈل زادى نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىدۇ؟ ئۇ مۇنداق كىشىلەردىن ئەمەس ئىدىغۇ؟ مەن ئىشقىمنى ئۇنىڭغا بەردىممۇ ياكى قۇرۇق قەغەزدىكى ھېكايىگە بەردىممۇ؟ مېنىڭ ئۇنىڭغا زادى ئىشقىم كېرەكمۇ؟ ياكى قۇرۇق ھېكايەم كېرەكمۇ؟ ئابلەھەت نېمانداق مۇناپىق ئادەم؟ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئابلەھەتنىڭ گېلىدىن سىقايمۇ؟ يا مېھرىگۈلنىڭ تەستىكىگە ئىككىنى قويايمۇ؟...

مۇختەر ئاچچىق تاماكا ئىسىنى ئىچىگە ھەرقانچە كۆچەپ تارتسىمۇ كۆڭلىدىكى چىۋىن يۇتۇۋالغان كىشىنىڭكىدەك غەشلىكنى، جېنىغا پېچاقتەك قادىلىۋاتقان خورلۇقنى، ئاچچىقنى نېرىغا ھەيدىۋېتەلمىدى.

# ئالتۇن رەڭ كەچقۇرۇن

بەختيار بلەن گۈلنار ئشچى - خزمەتچلەر ئشتن سرتقى داشۆسننڭ ئەدەبيات كەسپنى ئەلا نەتجلەر بلەن تۈگتپ بۈگۈن قوللرىغا دپلوم ئالغانىدى. ئۇلار ھەر دائم ئۇچرشپ سەيلە قلدىغان، ئۇزاقتن - ئۇزاق مۇڭدشدىغان، ياپپېشل چملقتكى مەجنۇنتالنڭ بويىغا كېلشتى.

قۇياش ئۇپۇققا باش قويۇپ، كەڭ دالا ئالتۇندەك يالتراپ تۇرغان كەچكى شەپەق نۇرى بلەن قاپلانغانىدى. سەل نېرىدىكى پورەكلەپ ئېچلپ تۇرغان قزلگۈللەر يازنڭ كەچلك لەرزان شاملدا خۇددى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان قزل چوغدەك جۇلالنپ ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچپ تۇراتتى.

شۇ تاپتا بۇ ئككسننڭ نۇر قويندىكى شۇ تۇرقى بۇ ئالتۇن رەڭ كەچقۇرۇندا تەبئەتنڭ سېھرلك لەززتگە چۆمگەن ئاشق - مەشۇقلارنى ئەسلتپ، كشننڭ مەستلكنى كەلتۈرەتتى.

بەختيار قولدا بر كتابنى تۇتقان ھالەتتە لام - جم دېمەي جم تۇراتتى. ئۇ كۆڭلدە بۈگۈن گۈلنار بلەن نېمىلەر توغرسدا پاراڭلشدىغانلقنى ئويلىدى. يەنلا مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجپ، ناۋايى، پۇشكن، لېرمونتوۋ، لۇشۈن، ل. مۇتەللپلەر توغرسدا پاراڭلشش كېرەكمۇ...؟ ئۇلار توغرسدا قانچە - قانچە قېتملار سۆزلەشكەنلكمنڭ سانىنى ئۇ ئككسمۇ ئېنق

ئۇقمايتتى. گۈلنارمۇ بويىنغا چېگىۋالغان قىزىل ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى ئوينىغاچ جىمجىت تۇراتتى. ئۇمۇ بۈگۈن بەختىيارغا نېمىلەرنى دېيىشنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. يېڭى مودىدىكى ئۆي سايمان-لىرى، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك، شىپىلدۇخاۋا كۆڭلەك، بويىنغا ئاسىدىغان ئالتە قۇر مەرۋايىت، چەتنىڭ بۆرتۈمشال رومالى... توغرۇلۇق گەپ ئېچىش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ تونۇشقىنىغا ئۈچ يىل بولغان بولسىمۇ گۈلنار تېخىچە بۇنداق نەرسىلەر توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز ئاچقىنى يوق. ئەلۋەتتە، بۈگۈنمۇ ئۇ بۇ ھەقتە گەپ ئاچمايدۇ.

ئۇلار يەنىلا ئۈن-تىنسىز يىراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىچە ئۆرە تۇرۇشاتتى...

شۇ ئەسنادا ئاسفالتلىق يولدا كېلىۋاتقان ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىت ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، ۋېلسىپىتتە ئورۇق، بەللىرى مۈكچەيگەن بىر موماي ئولتۇرغان بولۇپ، ياشانغان بىر ئەر كىشى ۋېلسىپىتنى ئاستا ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. قارىماققا، ئۇ كىشى ۋېلسىپىتتە ئولتۇرغان مومايدىن خېلى ياشتەك كۆرۈنەتتى. چاچلىرى قاپقارا بولۇپ قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئۈستىگە تاقىۋالغان ئالتۇن جىيەكلىك كۆز ئەينىكى ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستىگە تولىمۇ ياراشقانىدى.

گۈلنار ئاستاغىنا بەختىيارغا قارىدى ۋە سەل ئويلانغان قىياپەتتە:

ئاۋۇ ۋېلسىپىتنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتقان كىشى مومايىنىڭ ئىنىسى ئوخشايدۇ-ھە! — دېدى.

— قانداق...؟ — دەپ سورىدى بەختىيار ھەيرانلىق بىلەن.

— موماي پالەچ ئىكەن، ۋېلسىپىتنى ئىتتەرگەن كىشى مومايغا

قارىغاندا خېلى ياشـتەك تۇرىدۇ. ئەگەر ئەر ـ خوتۇن بولسا...، ــ گۈلنار سۆزىنى داۋاملاشتۇرماي توختاپ قالدى. لېكىن بەختىيار گەپنىڭ تېگىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغانىدى. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى كىشىلەر ئۇلاردىن سەل نېرىراقتىكى گۈللۈكنىڭ قېشىدا توختىدى.

بەختىيار گۈلنارغا ئەمدىلا بىرنېمە دەي دەپ تۇرۇشىغا بۇ ئىككى كىشىنىڭ سۆھبىتى باشلىنىپ قالدى.

ــ نېمىدېگەن چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەر بۇ! ئادەم بۇ گۈللەرگە قارىسا ئۆزىنى ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ! ــ دېدى موماي بىر خىل سۆيۈنۈش بىلەن، ــ قىرىق نەچچە يىل ئىلگىرىكى ھېلىقى قىزىل گۈللەر، ئېچىلىپ تۇرغان ئالتۇندەك كەچقۇرۇن ئېسىڭىزدىمۇ؟ ــ موماي يېنىدىكى كىشىگە بېشىنى سەل ـ پەل بۇراپ قارىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق ئىككى مەڭزى سەل ـ پەل قىزارغاندەك بولۇپ، تورلاشقان كۆزلىرىدە ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك كۆرۈندى.

ــ ئېسىمدە، ــ دېدى ئەر كىشى، ــ ئۇ چاغدا سىز كىچىككىنە بىر قىز ئىدىڭىز، مەن ئۈچ ۋىلايەتتىن ئۇرۇمچىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلاشـقىلى كەلگىنىمدە سىز قولىڭىزغا بىر دەستە قىزىلگۈل تۇتۇپ مېنى دەل مۇشۇ يەردە كۈتۈۋالغان، كېيىن مېنى مەخپىي ئۇچرىشىدىغان ئادىمىم بىلەن كۆرۈشتۈرگەن ئىدىڭىز. شۇ چاغدا مەن سىزنىڭ قەيسەر، چېچەن، زېرەكلىكىڭىزگە قاراپ: "ھەي قىز، ھەقىقەتەن يارايدىكەنسىز! خېلى چوڭ بولۇپ قاپسىز!" دېگىنىمدە، سىز ئۇمشۇقىڭىزنى ئۇچلاپ: "سىزچۇ...؟" دېگەن ئىدىڭىزغۇ! بۇ ئىشلار تېخى تۈنۈگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ــ ئەر كىشى سۆزىنى تۈگىتىپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

مومايمۇ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەستىقلاش ئىپادىسىنى بىلدۈردى ۋە:

— مانا ئەمدى قېرىپ قالدۇق، — دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ھەي، ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق، ھەم ئاچچىق، ھەم لەززەتلىك خاتىرىلەرگە تولغان كۈنلەر! كىشىلەرنى ھەسرەتتە قالدۇرىدىغان ھايات!...

مومای چوڭقۇر ئەسلىمىلەر قوينىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ يېنىدىكى سومكىسىدىن بىر كىتابنى چىقىرىپ ئاچتى. كىتابنىڭ بىر بېتىگە بىرتال قىزىلگۈل قىستۇرۇلغانىدى. بۇ گۈل گەرچە قۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ غۇنچىسى، يوپۇرمىقى، شېخى ئۆز رەڭگىنى يوقاتمىغان بولۇپ، گويا ھېلىلا شېخىدىن ئۈزگەندەك، كىتابنىڭ ئاپئاق بېتىدە خۇددى ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان ماي بوياق رەسىمدەك كۆرۈنەتتى. ئەر كىشى لاپ قىلىپ گۈلگە قارىدى، ئۇ كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ، قول ياغلىقى بىلەن ئۇزاق سۈرتتى. ئۇلار بىرھازاغىچە ھېچنېمە دېيىشمىدى، پەقەتلا ئالدىدىكى قىزىلگۈلگە ئۈن - تىنسىز تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ قىزىلگۈل ئۇلارنىڭ ئۇزاپ كەتكەن ياشلىقىنى، ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىنى قايتىدىن ئېسىگە سېلىپ، يۈرەكلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىز قالدۇرغان ئۇنتۇلماس مىنۇت - سېكۇنتلار خۇددى دېڭىز دولقۇندەك ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆركەشلەتمەكتە ئىدى...

بۇ ئەھۋالدىن چوڭقۇر ھاياجانلانغان بەختىيار ئۆزىنى تۇتالماي:

— ئۇلار ئەر - خوتۇن ئىكەن! — دېدى ئاستاغىنا.

شۇ مىنۇتتا، خۇددى بۇ ئىككى ياشانغان كىشىنىڭ ياشلىق يالدامىسى بەختىيارغا ئۆزىنىڭ گۈلنار بىلەن تۇنجى قېتىملىق

ئۇچرىشىشنى چاقماق تېزلىكىدە ئېسىگە سالدى.

بۇنىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، خۇددى مۇشۇنداق ئالتۇن رەڭ كەچقۇرۇنلۇقى ئۇلار دەل مۇشۇ جايدا تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىپ مۇھەببەت رىشتىلىرىنى بىر-بىرىگە باغلىغانىدى. ئاھ، ئاشۇ لەززەتلىك مىنۇتلار، ھاياجان، ئىشەنچكە تولغان كۆزلەر... كىممۇ ياشلىق ھاياتتىكى بۇنداق كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئۇنتۇپ قالسۇن؟

— گۈلنار، مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرىمەن، بىراق مېنىڭ ئاتمىش ياشقا كىرەي دەپ قالغان كېسەلچان ئانام بار، مەن ئانامدىن ئايرىلالمايمەن، بۇنى ئويلاپ كۆرەرسىز!... — دېگەنىدى بەختىيار شۇ چاغدا گۈلنارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن.

— بەختىيار، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەن سىزگە شۇنى ئېيتايكى، ئەگەر سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، مۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ، سىزگە ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانىڭىز، ئوخشاشلا مېنىڭمۇ ئانام!...، — گۈلنار شۇنداق دەپلا كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپلا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالغانىدى.

"سىزگە ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان ئانىڭىز ئوخشاشلا مېنىڭمۇ ئانام!" ئاھ، نېمىدېگەن پاك ۋىجدان، نېمىدېگەن پاك قەلب-ھە! بەختىيار ئۆزىنىڭ ئويلىماي دەپ تاشلىغان بۇ گېپىگە پۇشايمان قىلىپ، گۈلنارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىسسىق ئالقانلىرىنى چىڭ سىققان ۋە گۈلنارنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرەك سوقۇشلىرى تومۇرلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە تۇتاشقان ئىدى...

بەختىيار ئىختىيارسىزلا گۈلنارغا قارىدى. ئۇنىڭ مىننەتدارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېسسىياتقا تولغان كۆزلىرى گۈلنارنىڭ يۈزىگە مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئاشۇ ئۈن-تىنسىز بېقىشلار ئىككى يۈرەكنىڭ بىر-بىرىگە ئىنتىلىپ سوقۇشلىرى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئېيتىدىغان نۇرغۇن-نۇرغۇن قەلب سۆزلىرىنى ئىزھار قىلدى. بىرچاغدا بەختىيار گۈلنارنىڭ كۆزىدە بىلىنەر-بىلىنمەس يالتىراۋاتقان ياش تامچىسىنى غىل-پال كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزىنىمۇ بىر خىل ھاياجانلىق سېزىم چولغىۋالغانىدى. ئۇلار يۈزلىرىنى ئوڭشاپ ئالدى تەرەپكە قارىغاندا، بايىقى ئىككى كىشى ئالتۇن رەڭ كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن ھالدا، ئاستا-ئاستا ئۇلاردىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

بەختىيار بىلەن گۈلنار بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى ۋە ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشتى. گۈلنار گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر جۈپ قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئاۋايلاپ ئۈزۈپ، بەختىيارنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويدى...

شۇنداق، گۈل ھامان قۇرۇيدۇ، لېكىن بۇ ئالتۇن رەڭ كەچقۇرۇن بۇ بىر جۈپ قىزىلگۈل غۇنچىسى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ھاياتىدا مەڭگۈ ياشايدۇ!

ئاھ، گۈزەل ئالتۇن رەڭ كەچقۇرۇن!

# باھار نەدە؟

باھار يېقىنلاشقانسېرى جۇدۇن تېخىمۇ كۈچىيىپ، سوغۇق گويا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم نەشتەر سانجىۋاتقاندەك قىلاتتى. دېرىزىنى نېپىز بىر قات مۇز قاپلاپ تۇراتتى. يېڭى كۆتۈرۈلگەن قۇياش نۇرى ئاشۇ مۇز بىلەن قاپلانغان دېرىزىدىن ئۆتۈپ، چۇۋۇلغان چاچلىرىڭ ۋە ھارغىن يۈزلىرىڭگە چۈشۈپ تۇراتتى. سول قولۇڭنى ئاستا كۆتۈرۈپ سائىتىڭگە قارىدىڭ، سائەتنىڭ سترېلكىسى توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. لېكىن كاللاڭ ئېغىرلاشقان بولۇپ، سەندە نە سەھەردىكى يەڭگىللىك، نە سەگەكلىك، نە ساپلىقتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئورنىڭدىن تۇرغۇڭ كەلمىدى، مۇشۇنداق بىھوش ھالەتتە يېتىۋېرىشنى خالايتتىڭ، ھەتتا بىر ئەسىر ياتساڭمۇ رازى ئىدىڭ.

كاللاڭ گويا بىر چېكىتمۇ قويۇلمىغان ئاق قەغەزگە ئوخشايتتى. بۈگۈن كۈننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە بۈگۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشنى بىلمەيتتىڭ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىڭ گەرچە شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشلارنى قىلىشقا زادىلا قولۇڭ بارمايتتى. ھەر كۈنى سەھەردە مانا مۇشۇنداق گاڭگىراش ئىچىدە ئويقۇڭنى ئاچاتتىڭ.

تام مەشىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغانىدى. سوغۇقتىن ياتاقنىڭ ئىچى تېخىمۇ سۆرۈن كۆرۈنەتتى، سەن ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن بىر كېرىلىپ، ئاستاغىنا يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ چىقتىڭ، كىيىم-كېچەكلىرىڭنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كىيىپ بولۇپ، ھەر كۈنى قىلىۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەن ياتاقنى تازىلاش ۋە يىغىشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن قايتىلاشقا باشلىدىڭ.

ھەر كۈنى مېڭىۋېرىپ خۇددى مەڭگۈ مېڭىپ تۈگىتەلمەيدىغاندەك بىلىنىدىغان ياتاق بىلەن ئىش ئورنى ئارىلىقىدىكى بۇ يولنى بېسىشتىن زېرىككەنىدىڭ، ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇق بىلەن قاراشلىرىنى كۆرۈشنى خالىمايتتىڭ، سەن بىلەن تەڭتۇش قىزلارنىڭ چۈشىنىكسىز قوپال كۈلكە-چاقچاقلىرىنى ۋە بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىپ ۋارقىراش-چىرقىراشلىرىنى ئاڭلاشتىن سەسكەنگەنىدىڭ.

ئەگەر سەن ھەممە ئىشتا ساپ ۋىجدانىڭ بىلەن ئەستايىدىل پوزىتسىيىدە قارىمىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى نۇقسانسىز ئالىيجاناب چاغلاپ يۈرمىگەن بولساڭ، بەلكىم ھازىر ئۆزۈڭنى ناھايىتى بەختلىك، خۇش خۇي، قانائەتچان ھېس قىلغان بولاتتىڭ، بەلكىم ۋاۋۇتتىكى باشقا قىزلارغا ئوخشاش ھەر كۈنى سەھەردە ئىش ئورنىغا كىرگەن ھامان ئۆزئارا كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ، ۋارقىرىشىپ-چىرقىرىشىپ يۈرگەن، يىگىتلىرىنىڭ يەنە قانداق يېڭى نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەنلىكى، ئاخشامقى ئولتۇرۇشنىڭ قانداق قىزىغانلىقى، قانداق كىيىم كىيىپ بارغانلىقى، قانچە يىگىت تانسىغا تارتقانلىقىنى، كىمنىڭ كىم بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ، باشقا بىرسى بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقى توغرۇلۇق سەنمۇ ماختانچاقلىق بىلەن سۆزلەشكەن بولاتتىڭ. سەنمۇ شۇ قىزلارغا ئوخشاش كۈندە بىر خىل مودا كىيىم ئالماشتۇرۇپ، يۈز-كۆزلىرىڭنى ئالىيىشىل بويىغان بولاتتىڭ...

لېكىن سەن ئۇنداق قىلمايسەن. ئۇ قىزلارنىڭ ئۆزلىرىگە لايىق

دۇنياسى بار. بۇ دۇنيانىڭ ئىشىكى سەن ئۈچۈن چىڭ ئېتىكلىك. ئۇنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيسەن ھەم كىرىشىڭمۇ مۇمكىن ئەمەس. گەرچە كۆپ قېتىم تىرىشىپ باققان بولساڭمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەن ئۇلار بىلەن بىر دۇنيادىكى كىشىلەردىن ئەمەس، ئۇلار سېنى ئارىغا ئالمايدۇ. سەن ئۇلار بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشنى چىن كۆڭلۈڭدىن خالاپ، نەچچە قېتىم ئۇلارغا ياقىدىغان گەپ-سۆزلەرنى كۆڭلۈڭدە پىشۇرۇۋېلىپ ئېغىز ئاچاي دېگىنىڭدە، ئۇلار ساڭا غەلىتە نەزىرى بىلەن خۇددى بىر نېرۋا كېسەل كىشىگە قارىغاندەك تىكىلىپ قاراشتى. تىلىڭنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى ئىچىڭگە يۇتۇۋېتىپ ئۇلارغا زورمۇزور كۈلۈپ قويىدۇڭ، لېكىن كۆڭلۈڭدە يىغلىغۇڭ كېلەتتى، ئىش ئورنىڭدا ھەرگىز قاتتىقراق ئاۋازدا سۆز قىلمايتتىڭ، كۈلمەيتتىڭ، كىشىلەر بىلەنمۇ ناھايىتى ئاز مۇڭدىشاتتىڭ، ئۆزۈڭنى ئىنتايىن مۇساپىر ھەم غېرىب بىچارە چاغلايتتىڭ.

بىر قېتىم شەھەردە دەۋر روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشۇش تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى تەشكىللەپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە تەشۋىقات ئېلىپ بارماقچى بولۇپ، سىلەرنىڭ فابرىكىدىن باشقا لايىق كىشى تاپالماي سېنى چىقىرىپ بەرگەنىدى. گەرچە بۇنداق نام چىقىرىدىغان ئىشلار بىلەن ئانچە خوشۇڭ بولمىسىمۇ، فابرىكا باشلىقى ۋە تەشكىلىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئامالسىز بارغانىدىڭ. تولۇق بىر ھەپتە تىرىشىپ-تىرمىشىپ، تۆت پارچە نۇتۇق تېكىستىنى يېزىپ چىقىپ، فابرىكا ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىڭ. ئىشخانىدىكى تەشۋىقاتقا مەسئۇل قىز ساڭا كۆزىنىڭ مېزىنى چىقىرىپ بىر قىسما قاراپ قويغانىدى. ئەسلى مۇنداق ئىشلار شۇ قىزنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراق ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارغا قۇربى يەتمەدى بولغاي. كېيىن ئاڭلىشىمچە بۇ قىز چەت بىر ناھىيەدىن بۇ شەھەرگە كېلىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىكەن. يەنە ئاشۇ چەت ناھىيىگە تەقسىم قىلىنغانىكەن. ئۇ قىز مەلۇم ئورۇندىكى بىر باشلىق تۇغقىنى ئارقىلىق تۈرلۈك ئامالىلار بىلەن مۇشۇ ئىشخانىغا كېلىۋالغانىكەن.

نېمە ئۈچۈن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئىقتىدارى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايدۇ؟ زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسىدا خەتنىمۇ تۈزۈك ئوڭلاپ يازالمايدىغان يەتتە-سەككىز چالا ساۋات كىشى بار، نېمە ئۈچۈن سەندەك ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى شۇ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەيدۇ؟ دەپ سەن تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلەيدىغانلارمۇ خېلى بار ئىدى. ئۇلارغا بىر تەرەپتىن، مىننەتدارلىق بىلدۈرسەممۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئانچە ياقتۇرمايتتىم. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ قانچىكى بىچارە ھەم ئاجىز ھالەتتە ئىكەنلىكىڭنى ئۆزۈڭگە ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى. گەرچە ئۆزۈڭگە ئۇۋال بولغانلىقىنى كۆڭلۈڭدە ئوبدان چۈشەنسەڭمۇ، يەنىلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شتاتى ئېشىپ كېتىپتۇ، ئادەمگە ئېھتىياجلىق ئەمەسكەن. مەن بارغان بىلەنمۇ نېمە ئىش قىلىمەن ھەم مەندە ئۇ يەرگە لايىق ئىقتىدارمۇ يوق، دەپ كۆڭلۈڭنى ياساپ، ئۇ كىشىلەرگە ئىزاھات بېرىپ قوياتتىڭ.

سابىق زاۋۇت باشلىقىنىڭ كېيىن ئالغان خوتۇنى خەيرىنىساخان زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. بۇ ئايال قىرىق بەش ياشلاردا بولۇپ، يېشىغا باقماي كۆندە قېشىنى ئىنچىكە تېرىپ، يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ يۈرەتتى. بىراق ئۇپا-ئەڭلىك رەھىمسىز يىللار ئۇنىڭ يۈزىدە قالدۇرغان ئىزلارنى ئۆچۈرۈۋې-

تەلمەيتتى. بىركۈنى سەن بىر ئىش بىلەن ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئىشخانىسىغا كىرىپ قالدىڭ. خەيرىنىساخان ئىشخانىدىكى بىرنەچچە كىشى بىلەن ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىر ھېكايەڭ توغرۇلۇق پاراڭلىشۋاتقانىكەن. خەيرىنىساخان سېنىڭ كىرگىنىڭنى كۆرۈپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن سېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن:

— بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى زادى نېمە؟ باش-ئاخىرىنىڭ تايىنى يوق، كىملەرنى مەدھىيىلەپ، كىملەرنى سۆككەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئىجابىي ئوبراز بولغانىكەن، سەلبىي ئوبرازمۇ بولۇشى كېرەك. ھېكايىنىڭ ئالدىدا بىر قىز بالىنى يېزىپ كېلىپ، ئاخىرىنى يەنە شۇ قىز بالا بىلەن ئاخىرلاشتۇرماي، بىر قېرى بوۋاي بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىنى نېمىسى؟! بىز بارغۇ، ھېكايە يېزىشنى بىلمىگەن بىلەن ئۇنىڭغا باھا بېرىشنى خېلى ئوبدان بىلىمىز، — دېدى.

بۇلارنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىڭ. بۇ خىل گۆل تاپسا قىسىشنى بىلمەيدىغان، ئۆزىنى ھەممىدىن ئەقىللىق ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ نادان ھەم رەزىللىكىنى، ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك قەدىر-قىممىتى بارلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى سەزدىڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىندىڭ. سەن ھېچقانداق گەپ-سۆز ئاڭلىمىغاندەك، خەيرىنىسا-خانىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي ئۈن-تىنسىز ئولتۇردۇڭ. خەيرىنىساخان نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، پەقەت زەھەرخەندىلىك بىلەن ساڭا تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. چۈنكى سەن ئۇنى مۇشۇ يول بىلەن بىرنەچچە ئادەم ئالدىدا ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدۇڭ. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ يەنە بىرنېمىلەرنى دېيىشكە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىڭ. كەينىڭدىن ئۇنىڭ چىرقىراق ھەم بوغۇق ئاۋازى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئاڭلاندى:

— كىچىككىنە تۇرۇپ ھاكاۋۇرلۇقىنى كۆرمەمدىغان...

ئۇنىڭ كەينىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىيالمىدىڭ ھەم ئاڭلاشنىمۇ خالىمايتتىڭ. خۇدايىم بەرگەن ئاغزى، نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، دەپ ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەردىڭ.

كېيىن نۇتۇق سۆزلەش غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى. ساڭا بولغان ھەر خىل باھالار بەلكىم داۋاملىشىۋاتسا كېرەك، لېكىن ئۇلار بىلەن كارىڭ بولمىدى. يېرىم ئاي سىرتلاردا يۈرۈپ كۆڭلۈڭ ئاز-تولا ئېچىلىپ، خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇڭ. لېكىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆڭلۈڭ يەنە پەرىشانلىق ئىچىدە قالغانىدى. چۈنكى بۇ تۈگىمەس يوللار، بۇ تۈگىمەس ئىشلار، ھەر خىل كۆز قاراشلار يەنە سېنى كۈتۈپ تۇراتتى. سەن يەنىلا بۇ يوللارنى داۋاملاشتۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى قىلىشىڭ كېرەك.

سەن كەچلەردە تالا-تۈزگە چىقىپ ئاز-تولا سەيلە قىلىشقا ئۈزاق بولغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇ بۈگۈن ئىچىڭ بەكلا پۇشۇپ، كەچلىك بازاردا سەيلە قىلغۇڭ كەلدى. كەچلىك بازاردا كىشىلەر مىغىلدايتتى. بۇ دۇنيانىڭ قاچانلاردىن بېرى بۇنداق قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالدىڭ. بۇ كىشىلەر ئارىسىدا بىرەر تونۇش كىشىنىڭ ئۇچراپ ئۆزۈڭ بىلەن بىللە مېڭىشىنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. لېكىن كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ نەچچە-نەچچە ئىزدىسەڭمۇ، بىرەر تونۇش كۆرۈنمەيتتى. ھەممە كىشىلەرنىڭ چىرايى ساڭا ناتونۇش ئىدى. بۇرۇنقى تونۇش-بىلىشلىرىڭ، بۇرۇنقى دوست-يارەنلىرىڭ نەلەرگە كەتتىكىنە؟ بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيتتىڭ.

ئالدىڭدىن كېلىشكەن بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق قولتۇقلىشىپ ئۆتتۈپ كەتتى. ئۇلارغا ئۇزاققىچە قاراپ قالدىڭ. ھەتتا ئۆزۈڭنىڭمۇ يېنىڭدا شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ بولۇشىنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىڭغا كەلتۈردۈڭ. سەپىرىڭدە نۇرغۇن ئاشىقلارنى كۆرگەنىدىڭ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساڭا باھاردىكى تاڭ قۇياشىدەك نۇرلۇق سىيماسى بىلەن كۈلۈپ باقتى؛ بەزىلىرى ئاي قاراڭغۇسىدىكى مېيىپنىڭ كۆلەڭگىسىدەك بىچارە قىياپەتتە كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە كۆڭۈل بېرىپ ئەقىدىمۇ باغلىغانىدىڭ. بەزىلىرىنى سوغۇق كۈلكەڭ بىلەن ئەبەدىي توڭلاتقانمۇ ئىدىڭ. چۈنكى سەن ئۇلارنىڭ ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ئاشىقلىق تونىنىڭ ئۇلارنى تېخىمۇ سەت، تېخىمۇ كېلەڭسىز كۆرسىتىپ قويىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇلاردىن يىراقلاشقانىدىڭ.

بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان قىز دوستۇڭ رىسالەتمۇ بۇرۇنقىدەك ئازراق ۋاقتى بولسىلا سېنى ئىزدەپ كەلمەيدىغان بولدى. ئۇ چاغدا بۇ بىر جۈپ ياش قەلبلەر نۇرغۇن-لىغان گۈزەل ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بىلەن تولغان. ئون سەككىز ياش خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان ئەتىرگۈلدەك ھەممە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان چاغ. ئەمدى سېنىڭ بۇ چاغلىرىڭ مەڭگۈلۈككە كەتتى. ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ مارايدىغان ۋاقتىڭ قالمىدى. كۈندۈزلىرى خىجىل بولمايلا كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بەش زىخ كاۋاپ بىلەن بىر تەخسە سېرىق ئاشنى يەۋېتىپ كېتىۋېرىد-دىغان چاغلىرىڭ قالمىدى، رىسالەت بىلەن بىر يوتقانغا كىرىۋېلىپ، كېچە ـ كېچىلەپ مۇڭدىشىپ، ئىچ ـ باغرىڭلارنى تۆكۈشىدىغان زامانىڭلار كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سەندىن يىراقلاپ كەتتى، رىسالەتمۇ سەندىن يىراقلاپ كەتتى. ئۇ بەكباش، گۈدەك چاغلار ئۆتۈپ كەتتى. سەن چوڭ بولدۇڭ، رىسالەتمۇ چوڭ بولدى. ئۇ ئاخىر ھېلىقى ئوغرىلىقچە ياخشى كۆرۈپ قالغان ساۋاقدىشى بىلەن تېپىشەۋالدى. شۇندىن بېرى ئىككىڭلارنىڭ ئارىسى يىراقلىشىشقا باشلىدى. ئىككىڭلار بىر يەرگە كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ قىلىشىدىغان گەپ تاپالمايدىغان بولۇپ قالدىڭلار. سەندە قالغىنى پەقەتلا تونۇش ھەم ناتونۇش ئىككى ياش قەلبنىڭ يىراقلاشقان ئىزى ۋە تاشلىۋەتكىلى ياكى قوغلىۋەتكىلى بولمايدىغان يالغۇزلۇق.

مېڭىپ-مېڭىپ ئاخىر يەنە پالچى بوۋاينىڭ ئالدىغا كەلدىڭ. قولۇڭنى ئېچىپ پالچى بوۋايغا كۆرسەتتىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدىڭ. پالچى بوۋاي ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ساڭا پال ئاچتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇنقى ئىشىڭ ئانچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولسىمۇ، كېيىنكى ھاياتىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەم بەختلىك بولىدىكەن. توغما ئەقىللىق ئىكەنسەن، بىر بەخت قۇشى دائىم سېنى ئەگىپ يۈرۈيدىكەن. بۇلارنى ئاڭلاپ قەلبىڭدە بىر خىل تەڭپۇڭلۇق پەيدا بولدى. شۇ بەخت قۇشىنىڭ تېزرەك كېلىپ بېشىڭغا قونۇشىنى تىلىدىڭ. كۈنلەرنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى تىلىدىڭ. لېكىن پالچىنىڭ يالغان گېپىنىڭ قانداقمۇ ئىلمىي ئاساسى بولسۇن، دەپ كۆڭلۈڭ بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ”پالغا ئىشەنمە، پالسىزمۇ يۈرمە“ دېگەن گەپ ئېسىڭگە كېلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پالچى بوۋاينىڭ گېپىنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلدىڭ، سەن ھەر قېتىم پال سالدۇرغاندا ئىككى سوم پۇلنى يىتتۈرۈپ كېلەتتىڭ، شۇنىڭ بىلەن

ۋاقىتىنچە ئۆز كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىپ، غەشلىكتىن قۇتۇلغاندەك بولاتتىڭ.

بۇ زېرىكەرلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەك تەس ئىدى. لېكىن ئۇنى ئۆتكۈزمەي نېمە ئامالىڭ؟ زاۋۇت خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى بوۋاي سېنى ياخشى كۆرەتتى. سەن بۇ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدىڭ. كۈندە كەلگەن خەت-چەكلەرگە شۇنچە قاراپ كېتەتتىڭ، لېكىن ساڭا كەلگەن بىرەر پارچە خەتمۇ چىقمايتتى. شۇڭا ھەر قېتىم كۆڭلۈڭ يېرىم بولغان ھالدا چىقىپ كېتەتتىڭ. كىشىلەردىن خەت كەلگەن بولسا كۆڭلۈڭ خۇش بولۇپ، بۇ زېرىكىشلىك يالغۇزچىلىقتىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلغان بولاتتىڭ. لېكىن مۇشۇنچىلىك ئارزۇيۇڭنىمۇ قاندۇرۇرالمايتتىڭ ھەم بۇ ئارزۇيۇڭنى قاندۇرالايدىغان بىرەر كىشىمۇ يوق ئىدى. ھەر قېتىم تېلېفوننى ئېلىپ بىرەر تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىڭ. بەزىدە تېلېفون نومۇرى دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ، ساڭا تونۇشلۇق بىرەر تېلېفون نومۇرىنى تاپالمايتتىڭ. ئاخىر بۇ دۇنيادا قەلبىڭنى چۈشىنىدىغان، قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھەسرەتلەرنى تەڭ تارتىشىپ بېرىدىغان بىرەر كىشىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي ئامالىڭ يوق ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتە، ھېرىپ-ئېچىپ ئىشتىن يانغانىدىڭ. خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى بوۋاي گويا سەندىن سۆيۈنچە تەلەپ قىلغاندەك خۇشال ھالدا ئالدىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىسمىڭ يېزىلغان بىر خەتنى تاپشۇرۇپ بەردى.

كىچىككىنە يۈرىكىڭ گويا قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سوقۇپ كەتتى، تىترىگەن قولۇڭ بىلەن خەتنى ئاچتىڭ. بۇ خەت بېيجىڭدىكى خەنزۇ تىلىدا چىقىدىغان بىر ئەدەبىي ژۇرنالدىن كەلگەنىكەن.

ئۇنىڭدا «ئاق بۇلۇت» ناملىق ھېكايەك تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەم سىپىنىڭ ھەمىشە باھار بولۇپ تۇرىدىغان باھار شەھىرىدە — يۇنىنەن ئۆلكىسىنىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ياش قەلەمكەشلەر يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىنىڭ ئېيتىلغانىكەن. كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بىراق ئاق قەغەزگە چىرايلىق يېزىلغان خەتلەر سىپىنى ئاخىر ئىشەندۈردى. شۇ تاپتا قاغىجىرىغان قەلبىمگە گويا كەۋسەر بىلەن سۇغىرىلغاندەك، ھاياتى ساڭا قايتىدىن قۇچاق ئاچقاندەك بولدى. ھاياجىنىمنى باسالماي خەۋەرچى بوۋاينى چىڭ قۇچاقلاپ كەتتىم. خەۋەرچى بوۋاي سەندىنمۇ ئۆتە خۇرسەن بولغاندەك قىلاتتى.

زاۋۇت ئىشخانىسى ئۈچىنچى قەۋەتتە ئىدى. بۈرۈن بۇ پەلەمپەيلەر ساڭا شۇنچە ئېگىز، شۇنچە سىلىق بىلىنەتتى. بۈگۈن سەن بۇ خەتنى كۆتۈرۈپ گويا ئۆزۈڭنى بىر ئاق كەپتەردەك ھېس قىلىپ، يۇقىرىغا ئۇچقاندەك لىككىدە كۆتۈرۈلدىڭ. ئىشخانىدىكى ئۈچ جۈپ كۆز گويا بىر ئەيىبى ئېچىلىپ قالغان كىشىگە قارىغاندەك ساڭا تىكىلدى. سەن ھەيران بولۇپ، ئۈستىبېشىڭغا سەپسالدىڭ، لېكىن سەندە ھېچقانداق ئەيىب يوق ئىدى.

ئىشخانىدا خەيرىنىساخانمۇ بار ئىكەن. بىراق سەن ئۇنىڭغا كۆزۈڭنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدىڭ، گويا ئۇنى كۆرمىگەندەك قىلىپ، ئىشخانىدىكى سابىرجاندىن زاۋۇت باشلىقىنىڭ بار-يوقلۇقىنىلا سورىدىڭ. سابىرجان زاۋۇت باشلىقىنىڭ يىغىنغا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. سەندىن تېخىمۇ تېرىككەن خەيرىنىساخان ئورنىدا ئولتۇرالماي ئۆزلۈكىدىن زۇۋان سۈردى:

— نېمىگىزگە بۇنچىلا كۆرەڭلەپ كېتىسىز؟ ھېكايە يازالايدىغان

سىزلا ئەمەس، يازىمىز دېسەك بۇنچىلىك ئىش دېگەن ھەممىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. يازغان نېمىڭىزمۇ تايىنلىق. نەدىكى ئاق بۇلۇت، قېرى بوۋاي، قېرى موماي-لارنى يازغۇچە بىزدەك قەلبى گۈزەل، قولى چېۋەر ئىشچىلارنى يازسىڭىز بولمامدۇ؟ بەزىلەر بىزدەك ئىشچىلارنى مەينەت، مەدەنىيەتسىز دەيدىكەن، مېنىڭچە، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى چاتاق. زاۋۇت ئىشچىلىرى سوتسىيالىزم ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان، سىز مۇشۇ زاۋۇتنىڭ نېمىنى يەۋاتقاندىكىن، زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ گۈزەل ئوبرازىنى يارىتىشىڭىز كېرەك ـ تە!

ــ خەيرىنساخان ئاچا، زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ئەلۋەتتە قەلبى گۈزەل، قولى چېۋەر، لېكىن سىز نېمە ئۈچۈن ئىشچى بولماي ئىشخانىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالسىز؟ نېمە ئۈچۈن زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان قىزىڭىزنى بەزىلەرگە مىڭنى تەزىم قىلدۇرۇپ نۇرغۇن چىقىم قىلىپ ئىشچىلىقتىن باشقا ئىدارىگە يۆتكەپ، كادىر شتاتىغا ئۆتكۈزۈۋالسىز؟ ــ سابىرجان خەيرىنساخاننىڭ ساڭا دېگەن گەپلىرىگە نارازى بولۇپ، چاقچاق ئارىلاش كۆڭلىدىكىنى دەۋالدى.

ــ سابىرجان، سىزنىڭ تونۇشىڭىزدىمۇ مەسىلە بار ئىكەن، سىياسىي ئۆگىنىشنى ياخشى قىلسىڭىز بولغۇدەك. ماركسىزم- لېنىنىزمنى ياخشى ئۆگەنسىڭىز بولغۇدەك. بىزنى ئىشچى بولمىغان دەمسىز؟ بىز بارغۇ سىلەردەكلەر تېخى ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەندە ئىشچى بولغان. ئەمدى بىزگە ئىشچىلىق ياراشمايدۇ، ئىشچىلىقىا يارايدىغان كىشىلەر يېنىمىزدا تۇرىدۇ...

خەيرىنساخان كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ساڭا قاراپ قويىدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى سابىرجانغا قىلمىدى، بەلكىم ساڭا دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشى سىڭنىڭ قابىلىيىتىگە ۋە ياشلىق ھەۋىسىگە ھەسەتخورلۇق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

سەن غەزەپ بىلەن ئۆزۈڭگە ئەگەشكەن بىر-ئىككى ئىغىز گەپ قىلاي دېگەندىڭ، بىراق يەنىلا تىلىڭنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتتىڭ. بۇنداق ئۆزىنى-ئۆزى سورىمىغان كىشىگە گەپ قىلغاندىن ھايۋانغا گەپ قىلغان ياخشىراق دەپ چۈشەندىڭ. قولۇڭدىكى تەكلىپنامىنى:

— بۇنى فابرىكا باشلىقى كەلسە تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز، — دەپ سابىرجانغا بېرىپ قويۇپ، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىڭ.

شۇ تاپتا قەلبىڭ گويا بىر پارچە تاشتەك ئېغىر ئىدى. ئەزەلدىن ئۆزۈڭنىڭ بوغۇنكىدەك ئاجىز ھەم ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىڭنى بۇنداق كۈچلۈك، بۇنداق روشەن چۈشەنمىگەنىدىڭ. نېمە ئۈچۈن خەيرىنساخاندەكلەر سىنى كۆرەلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھاقارەتلەيدۇ؟ سەن شۇنچە ئاجىز، شۇنچە بىچارە، شۇنچە ئىقتىدارسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدىڭمۇ؟

سەن گۆدەك چاغلىرىڭنى ئەسلىدىڭ. ھەر يىلى باھار كەلگەندە، مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇپ ئوينايتتى. سەنمۇ داداڭغا لەگلەك ياستىپ ئۇچۇرۇپ ئوينايتتىڭ. بىركۈنى بىر پارچە قىزىل رەڭ كونا كالىندار قەغىزىنى تېپىپ كېلىپ، ئۆزۈڭ بىر دانە لەگلەك ياسىدىڭ. گەرچە داداڭ ياساپ بەرگەن لەگلەكتەك چىرايلىق ياسالمىسىمۇ، ياسىغان لەگلىكىڭ بىراقلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ سىڭنىڭ تۇنجى قېتىم قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىڭ ئىدى. يۈرەك شەكلىدە ياسالغان قىزىل رەڭلىك بۇ لەگلىكىڭ ئېگىز ئاسماندا خۇددى لاچىندەك پەرۋاز قىلىپ، گۆدەك

قەلبىمنى يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كەتكەنتى. كېيىن تۇيۇقسىز بىر قارا بوران كېلىپ لەگلەكنىڭ يىپىنى ئۈزۈۋېتىپ لەگلەكنى ئۇچۇرۇتۇپ كەتكەنتى. سەن لەگلەكنىڭ كەينىدىن خېلى يەرلەرگىچە قوغلىشىپ باردىڭ. بىراق ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدىڭ. گۈدەك قەلبىمۇ شۇ لەگلەك بىلەن بىللە يىتىپ كەتكەندەك بولدى. شۇنىڭدىن بۇيان قايتا لەگلەك ئۇچارمىدىڭ، لېكىن ئاشۇ بوران ئۇچۇرۇتۇپ كەتكەن لەگلەكنى ئۇنتۇپ قالمىدىڭ، ئاشۇ لەگلەكنى ئۇچۇرۇتۇپ كەتكەن قارا بوراننىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىڭ.

هازىر سەن قەلبىڭنى ئاشۇ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتكەن لەگلەكتەك، ئاشۇ لەگلەكنى ئۇچۇرۇتۇپ كەتكەن قارا بوراندەك هېس قىلدىڭ... قەلەمكەشلەر ئۇچرىشىش يىغىنىغا بېرىشىڭغا فابرىكىدىن قوشۇلمىغانىدى. سەۋەبى سېنىڭ بۇنداق يىغىنلارغا قاتنىشىشىڭ مۇۋاپىق ئەمەسمىش، بۇنداق ئىشلار يازغۇچىلارنىڭ ئىشىمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، فابرىكىدا ئىش ئالدىراشمىش، بۇنداق ئىشلارغا ئاجرىتىپ بېرىدىغان ئىقتىساد يوقمىش.

ئالدىڭدا يېڭىدىن يېزىپ پۈتتۈرەي دەپ قالغان بىر پارچە هېكايەڭنىڭ ئورىگىنالى تۇراتتى. ئاخىرىنى تۈگىتىۋېتەي دەپ قەلەمنى قولۇڭغا ئالغاندىڭ. بىراق قولۇڭ قېتىپ قالغاندەك قەلەمنى تۇتالماي قالدى. يۈرىكىڭ ئاچچىقتىنمۇ، ھەسرەتتىنمۇ، غەزەپتىنمۇ ياكى ئەلەمدىنمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل غەشلىك ئىچىدە ئۆرتىنەتتى. شۇ تاپتا بۇ ئورىگىنال قەغەزلەر كۆزۈڭگە خۇددى ساڭا بارلىق دەرد ـ ئەلەملەرنى كەلتۈرگەن ئەشەددىي دۈشمەندەك، قەلبىڭنى جاراهەت قىلغان شەمشەردەك كۆرۈنەتتى. ساڭا دەرد ـ ئەلەملەرنى كەلتۈرگەن بۇ ئورىگىناللارنى بىراقلا يوقىتىپ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرد ـ ئەلەملەردىن قۇتۇلغۇلۇك كەلدى.

ئورىگىنالغا ئۈزاققىچە قاراپ ئولتۇردىلۇق. قارىغانسېرى ئۇلار ساڭا سەت كۆرۈنەتتى. ئاخىر ئورىگىناللارنى ئېلىپ تام مەشنىڭ ئالدىغا كەلدىلۇق. ئورىگىناللارنى بىر ۋاراق ـ بىر ۋاراقتىن يىرتىپ ئوتقا تاشلاشقا باشلىدىلۇق. قۇرۇق قەغەز ئوتقا چۈشكەن ھامان گۈپپىدە ئوت ئېلىپ گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. چىرايىلۇق خۇددى سېغىزدا ياسىغان ھەيكەلدەك ھېچقانداق ئىپادىسىز ئىدى. ئۆزۈڭنى چۈشۈڭدە كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىلۇق. ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاراق ئورىگىنال كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغاندىن كېيىن، يۈرىكىلۇق بىردىنلا ئاغرىشقا باشلىدى، ئۆزۈڭنى بەكمۇ ئەخمەق، بەكمۇ نادان، بەكمۇ ئەقىلسىز ھېس قىلدىلۇق. ئازراقلا بىر ئىشلار ئۈچۈن قەلبىلۇق ئاسانلا جاراھەتلىنىدىغانلىقىنى سەزدىلۇق. گەرچە سەن تۈمەن مىلۇق ۋاراق ئورىگىناللىڭنى كۆيدۈرۈۋەتسەڭمۇ، ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىڭنى پەسەيتەلمەيتتىلۇق، قولۇڭغا يەنىلا قەلەم ئالغۇلۇك كېلەتتى، ھايات مۇساپەڭدىن ئىزلار قالدۇرغۇلۇك كېلەتتى، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ناھەق ئىشلارنى قامچىلىغۇلۇك كېلەتتى. خەيرىنساخاندەك رەزىل كىشلەرنى ئەيىبلىگۈلۈك كېلەتتى...

سەن يەنە بىر قېتىم زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىڭنى، ساراڭلىق ھەم ئەخمەقلىق قىلغانلىقىڭنى سەزدىلۇق. بۇ ساراڭلىقىڭغا پۇشايمان قىلدىلۇق، بىراق ساڭا ھازىر پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق ئىدى...

بېشىلۇق ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىشقا باشلىدى. تارتمىدىن تۆت تال ئاغرىق دورىسىنى تاپتىلۇق. بىر ئىستاكان قايناق سۇنى ئارانلا قۇيدۇلۇق، قايناق سۇدىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى. كۆزلىرىڭنىڭ ئەتراپى نەملەشتى. مەرۋايىتتەك ياشلار مەڭزىڭدىن

ئېقىپ ئىستاكانغا چۈشتى. دورىنى ئاستا ئاغزىڭغا سېلىپ، ياش ئارىلاشقان بىر ئىستاكان ئاچچىق قايناق سۇ بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتىڭ.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر يولدا مېڭىپ كېتىۋاتاتتىڭ، بۇ يول كىشىلەر دۇنياسىدىن يىراق، خۇشاللىقتىن يىراق، قاراڭغۇ ھەم ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى. سەن بۇ يولدا مەڭگۈ مەنزىلگە يېتەلمەي- دىغاندەك قىلاتتىڭ. بۇ يولدا مېڭىۋېرىپ، ئۆيۈڭگە قايتىدىغان يولنىمۇ تاپالماي قالغانىدىڭ. يولدا بىرەر كىشىنىمۇ ئۇچرىتالمىدىڭ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەندىن يىراقلاپ كەتكەنىدى. سەن مانا مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇقتا ئۆيۈڭگە قايتىدىغان يولنى ئىزدەپ يالغۇز يۈردۈڭ...

دەل يېرىم كېچە بولغاندا، گۈركىرەپ چېقىۋاتقان شىۋىرغان ئاۋازى سېنى ئويغىتىۋەتتى، بۇ سېنىڭ چۈشۈڭ ئىدى. بۇنداق چۈشلەرنى داۋاملىق كۆرەتتىڭ.

ئۇيقۇڭ ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كەتكەنىدى، كۆزۈڭنى ھەرقانچە يۇمساڭمۇ ئۇيقۇڭ قايتا كەلمىدى. تۈن نېمىدېگەن ئۇزاق، نېمىدېگەن قاراڭغۇ - ھە! قۇياش بالدۇرراق كۆتۈرۈلسە بولمامتى؟ سەن تۈندىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭ، تۈننى زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ساڭا تەس كەلدى. كۈندۈزلىرى ئەينەككە قاراپ بولسىمۇ، ئۆزۈڭنىڭ زورلاپ كەلتۈرگەن كۈلكەڭنى كۆرەلەيتتىڭ، تۈندە يالغۇزلۇقۇڭ، قەلبىڭنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ بوش ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالاتتى. لېكىن تۈن ھەر كۈنى ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقتىدارسىز ئىدىڭ. تۈگىمەس تۈنلەردە يالغۇز يېتىپ ياش ئاققۇزۇپ يىغلاشتىن باشقا ئامالىڭ يوق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغاندەك قىلاتتى. باھارنى ئېسىمگە ئالدىڭ، باھار يېقىنلاشقاندى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كىچىك ۋاقتىمدا زىمىستان قىش كۈنلىرى ھەمىشە باھارنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىڭ، قەھرىتان سوغۇقنى ياخشى كۆرمەيتتىڭ. بىر قېتىم سەن قورۇنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىققان تۇنجى يۇمران مايسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئاناڭنىڭ ئالدىغا خۇشال يۈگۈرۈپ باردىڭ ۋە قوڭغۇراقتەك ئاۋازىڭ بىلەن:

— ئانا، مەن باھارنى تاپتىم، بىرىنچى بولۇپ باھارنى تېپىۋالدىم! — دەپ ۋارقىرىدىڭ.

سەن باھاردا دۇنياغا كۆز ئاچقاچقىمۇ ياكى ئاتا-ئاناڭ باھارنى بەك ياخشى كۆرگەچكىمۇ، ئىسمىڭنى باھار دەپ قويۇپتىكەن. باھار دېگەن نەقەدەر چىرايلىق، گۈزەل ئىسىم-ھە! ئۇ تەبىئەتنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز گۈزەللىكى، ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى، جانلىق-تېتىك ھاياتنىڭ ئالامىتى... لېكىن بۇ باھار نەدە؟ ئۇ نەگە كەتتى؟

گۆدەك چاغلىرىڭدىكى ئۇ باھار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى، ھاياتىڭدا پەقەت قەھرىتان قىشلا قالغانتى، قەلبىڭمۇ سوغۇق شاماللار بىلەن تەك مۇزلاپ قالغانىدى. سوغۇق شامال يۈرىكىڭنى چاك ئەتتى. قەلبىڭ گويا بىر پارچە يېشىل رەڭنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان قۇملۇققا ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى...

سەن باھارغا تەشنا ئىدىڭ، باھاردىكى يامغۇر سۈيىگە تېخىمۇ تەشنا ئىدىڭ، باھاردىكى يامغۇر سۈيىنىڭ تېزرەك كېلىپ، قەلبىڭدىكى قۇملۇقنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىڭ...

سەن يەنە مۇشۇ ياتاق بىلەن ئىش ئورنى ئوتتۇرىسىدىكى

تۇگىمەس يولدا كېتىپ باراتتىڭ. ئەتراپتىكى قار قالدۇقلىرى ئېرىشكە باشلىغانىدى. گۆدەك چاغلىرىڭدىكىدەك كۆزلىرىڭنى يوغان-يوغان ئېچىپ، ئەتراپىڭدىن تۇپراقلارنى يېرىپ چىققان بىرەر تۇنجى بۇمران مايسىنى پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن ئىزدەيتتىڭ.

— باھارگۈل، باھارگۈل!

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز سېنى ھەيران قالدۇردى. گويا باھار قىزى سېنى قۇچاقلاپ كېلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇدا ئەتراپىڭغا خۇشال قارىدىڭ. نەدىكى باھار قىزى بولسۇن! خەيرىنىساخان كەينىڭدىن پايپاسلاپ كېلىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ قىشنىڭ قارا بۇلۇتلىرى قاپلاپلا تۇرىدىغان چىرايى بۈگۈن باھاردىكى يىللىق شامالدەك خۇش خۇي كۆرۈنەتتى. ھەيرانلىقىڭدىن نېمە قىلىشىڭنى بىلەلمەي جايىڭدا تۇرۇپلا قالدىڭ.

— باھارگۈل، مۇبارەك بولسۇن! سىزنى شەھەرلىك ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەپتۇ. يۆتكەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ ئىشقا بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىقتىدارلىق كىشىنى ئۆزىمىز ئىشلەتمەي خەققە بېرىمىز؟ دەپ قوشۇلمىغانىدى، مەن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ ھەممىسىنى ماقۇل كەلتۈردۈم، خاتىرجەم بولۇڭ، يۇقىرى ئورۇنغا كېتىۋېلىپلا بىزدەك ھەدىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ، جۇمۇ! — دېدى ئۇ.

بۇ سەن ئۈچۈن ئالاھىدە زور خۇش خەۋەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدىڭ. ئەكسىچە خەيرىنىساخاندەك چىرايى بۇلۇتتەك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ئېچىندىڭ، ئۇلارغا قاراپ ئاچچىق كۈلگۈڭ كەلدى. خەيرىنىساخاننىڭ چىرايى نېمە ئۈچۈن بىراقلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ساڭا ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

كىتابخانىلارغا ئاپان. سەن بۇ يەردە داۋاملىق بولساڭ كېلەچەكتە ئۇنىڭ ئورنىغا خەۋپ كەلتۈرۈشۈڭ مۇمكىن ياكى ئۇ قىلغان ئەسكىلىكى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە يېنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇ؟! شۇڭا:

— رەھمەت سىزگە! — دەپ قويۇپ ئۆز يولۇڭغا راۋان بولدۇڭ. خەيرىنساخان كەينىڭدىن خېلى چاغلارغىچە بويىنىنى سوزۇپ قاراپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە قانداق بولۇتلار پەيدا بولغانلىقى بىلەن كارىڭ بولمىدى. لېكىن ئۇ:

— باھارگۈل، يەنە بىر خۇش خەۋەر، سىزنىڭ كۆنمىگىدىكى قەلەمكەشلەر يىغىنىغا بېرىشىڭىزنى فابرىكىدىن ماقۇل كۆردى. يىغىنغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن رەسمىيەتلىكىڭىزنى بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى! — دەپ كەينىڭدىن ۋارقىراپ، ئەڭ ئاخىرقى خۇشامەت قىلىش پۇرسىتىنىمۇ قولدىن بەرمىدى. خۇشامەتچىنىڭ ئاۋازىنى غۇرۇلداپ كەلگەن باھار شامىلى يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

سەن بۇرۇن دۇنيا ئۆزگىرىدۇ، شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىڭ. ئەمدى بۇرۇنقى ھەسرەتلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولدۇڭ. بۇرۇن يىتتۈرۈپ قويغان ئەزىز نەرسىلىرىڭنى قايتا تېپىۋالىدىغان بولدۇڭ. چۈنكى ئەمدى بۇ دۇنيا ساڭا يېڭى تۇيۇلدۇ. ھايات ساڭا يېڭى تۇيۇلدۇ. ئۆتكەن كۈنلەر خاتىرە بولۇپ مەڭگۈ ئېسىڭدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھېكايەڭنى قايتىدىن يازىسەن. بەلكىم، يېقىنقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە چېكىسىگە ئاق كىرىشكە باشلىغان ئاناڭنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ تەبەسسۇم بىلەن:

— ئانا، مەن يىتتۈرۈپ قويغان باھارنى ئاخىر تېپىۋالدىم، باھار يەنە قويىنۇمغا قايتىپ كەلدى دېيىشىڭ مۇمكىن.

# ئىككى كاتىپ

سەۋردىن شۇجى پېنسىيىگە چىقىپلا بىرقانچە يىلدىن بېرى—
خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن يوقلىيالمىغان تۇغقانلىرىنى—
يوقلاپ كەلدى.

بۈگۈن ئۇ يول خىراجەتلىرىنى ئاتچوت قىلىش ئۈچۈن ئىدارىگە
كەلگەنىدى.

ئۇنى كۆرگەن يولداشلارنىڭ ھەممىسى قىزغىن ھەم سەمىمىي
كۆرۈشۈپ، تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى. ئۇ پېنسىيىگە چىقىپ،
ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ،
كۆپچىلىك بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

سەۋردىن شۇجى پارتكوم ئىشخانىسىغا كىرگىنىدە، ئۆزىنىڭ
بۇرۇنقى كاتىپى قادىر ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇ
خۇددى ئالدىن يادلىۋالغاندەك سەۋردىن شۇجىنىڭ ئاكا-ئۇكىلىرىنىڭ
ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاپ، ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىنى
سوراپ چىقتى. سەۋردىن شۇجى كەلگەن كۈنى ئەھۋال سوراپ
ئالدىغا چىقالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىدى، ئۇنى كرېسلوغا
تەكلىپ قىلىپ، تاماكا تۇتتى.

سەۋردىن شۇجى تاماكىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، قادىرنىڭ
ئۈستىبېشىغا نەزەر سېلىپ:

— ئىدارىمىزدا چاققانلىقتا، ئالدىراشچىلىقتا سىزگە يېتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرىسى

ئادەم يوققۇ دەيمەن! ئەگەر پارتكوم ئىشخانىسىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇش ئىشىڭىز تەستىقلىنىپ قالسا، تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەرسىزمىكىن! — دېدى چاقچاق ئارىلاش.

— ھەي، سەۋىردىن ئاكا، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدىمەنكىن؟ ئەگەر سىز پېنسىيىگە چىقماي داۋاملىق ئىشلەۋەرگەن بولسىڭىز، قانات ئاستىڭىزدا كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى خېلى كۆرگەن بولاتتۇق! قېنى، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز! — دېدى قادىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا مۇشۇ ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان سادىق ئىسىملىك كاتىپ سىرتتىن كىرىپ كەلدى ۋە قىزغىنىمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس بىر كەيپىياتتا سەۋىردىن شۇجى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان، كەمسۆز، بىرئاز جىمغۇر كىشى ئىدى. سەۋىردىن شۇجىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتمەيتتى.

قادىر كاتىپنى سەۋىردىن شۇجى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ چىققان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ زېرەك، چاققان، خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى. خېلى يىللاردىن بۇيان، ئۇ سەۋىردىن شۇجىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئورۇنداپ كەلگەنىدى.

سەۋىردىن شۇجى چايدىن بىر-ئىككى ئوتلاپ، ئازراق ئارامىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، سومكىسىدىن ئاتچوت قىلىدىغان ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ:

— ھە، قادىرجان ئۇكام، بىز قېرىپ قالدۇق، بۇ نەرسىلەرنى بىردىن-بىردىن ساناپ قەغەزگە چاپلاپ بولغۇچە ئىچىم پۇشۇپ

قالدىكەن. ئېغىر كۆرمەي، خوجىلىق بۆلۈمگە ئەكىرىپ غاچچىد
جۆندىۋەتمەمسىز! — دېدى.
— ۋاي سەۋردىن شۇجى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ
ئىشى ئەمەسمۇ!... بىراق، مەن ھازىر ئىدارە ياشلار ئىتتىپاق
ياچېيكىسىنىڭ يىغىنىغا قاتناشماقچى ئىدىم، ئۇلار ھازىر ماڭا قاراپ
تۇرىدۇ، — دېدى قادىر ۋە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئەستايىدى
ئىشلەۋاتقان ھېلىقى سادىق كاتىپقا مۇراجىئەت قىلدى، — سادىق ب
ئىشنى سىز جۆندىۋەتمەمسىز!
سادىق قولىدىكى ئىشنى تاشلىدى-دە، گەپ-سۆز قىلماي
سەۋردىن شۇجىنىڭ قولىدىكى سچوتلارنى ئېلىپ خوجىلىق بۆلۈمگە
چىقىپ كەتتى.
قادىر سەۋردىن شۇجى بىلەن يەنە ئاز-تولا پاراڭلىشىپ،
ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدا سەۋردىن شۇجى ئۆزى يالغۇز
قالدى. ئۇ، قادىر كاتىپنىڭ بۈگۈنكى پوزىتسىيىسىنىڭ بۇرۇنقىغا
ئاز-تولا ئوخشىماي قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.
چۈشكە يېقىن قادىر كاتىپ پەيدا بولدى ۋە كېچىكتۈرگىلى
بولمايدىغان جىددىي ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ يەنە غىپپىدە چىقىپ
كەتتى. سەۋردىن شۇجى ئىشخانىدا ئۇزاقىچە خىيال سۈرۈپ
ئولتۇرۇپ قالدى.
سادىق خوجىلىق بۆلۈمدىكىلەر بىلەن ھېساب-كىتابنى تۈگىتىپ
قايتىپ چىققاندا، ئاللىقاچان چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.
ئۇ ئىدارە ئاشخانىسىدىن ئىككى قاچا تاماق ئېلىپ، سەۋردىن
شۇجىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى.
تاماقتىن كېيىن سادىق كاتىپ شاھمات تاختىسىنى كۆتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇجىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەۋىردىن ئاكا، كېلىڭ، ئىككىمىز بىر سىنىشىپ باقايلى! — دېدى سادىق كاتىپ چاقچاق ئارىلاش.

سەۋىردىن شۇجى شاھمات ھەۋەسكارى بولۇپ، ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىر مەيدان ئوينىۋالمىسا، خۇماردىن چىقمايتتى.

ئىلگىرى قادىر كاتىپ ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، شاھمات تاختىسى بىلەن چاي، تاماكا تەييارلاپ، سەۋىردىن شۇجىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. سەۋىردىن شۇجى بۈگۈنمۇ قادىر كاتىپ بىلەن بىر مەيدان شاھمات ئويناپ ئاندىن قايتىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق قادىر كاتىپ غىل-پاللا كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقالغانلىقتىن، ئۇ شاھمات ئويناشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئولتۇرغانىدى. سادىق كاتىپ شاھمات تاختىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، سەۋىردىن شۇجى ھەم ھەيران بولدى، ھەم خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ سادىقنىڭ شاھمات ئوينىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

سادىق كاتىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن شاھماتقا كىرىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا سەۋىردىن شۇجىنىڭ بىرنەچچە تال ئورۇقىنى يەپ قويدى. سەۋىردىن شۇجى سادىق بىلەن قادىرنىڭ شاھمات ئويناش ئۇسۇلى ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. قادىر شاھمات ئوينىغاندا سەۋىردىن شۇجىنىڭ رايىغا بېقىپراق ئوينايتتى، سادىق بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، قىلچىمۇ يۈز-خاتىر قىلماي، ئۇزلۇكسىز ھۇجۇم قىلىپ ئويناۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈندۇ سەۋىردىن شۇجىنىڭ قەلبىدە سادىققا نىسبەتەن بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل سەممىي، قىزغىن

ھېسسىيات پەيدا بولۇپ قالدى. سادىق كاتىپ ئىدارە بويىچە قەلـ
كۆچلۈك كادىرلارنىڭ بىرسى ئىدى. گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنـ
ئاز ـ تولا ئەسەرلىرىمۇ ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. ماتېرىيال تەييارلا
ياكى دوكلات يېزىش قاتارلىق ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندايتتى،
بۇ جەھەتتە ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. بىراق، ئۇ خىزمەتـ
ھەددىدىن تاشقىرى ئەستايىدىل بولۇپ، جانلىق ئىشلەش روھـ
كەمرەك ئىدى. بەزى ئىشلاردا قادىر كاتىپتەك ئۇنچە چاققا
بولمىغاچقا، كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ قوياتتى. شۇڭلاشقىمۇ باشقىلا
ئۇنى "موس ـ موس" كاتىپ دەپ قوياتتى. ئىككى يىل ئىلگىرى
ھېلىقى "مەنىۋى بۇلغىنىش"قا قارشى تۇرغاندا، ئىدارە رەھبەرلىكى
"تانسا قىلماسلىق، غەلىتە كىيىنمەسلىك، كېچىچە ئولتۇرۇش
قىلماسلىق، ئىدىيىدە ئازاد بولدۇق، دەپ قالايمىقان ئەسەر
يازماسلىق" توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارماقچى بولۇپ، سەۋرىدىن
شۇجى بۇ ماتېرىيالنى يېزىپ چىقىشنى سادىق كاتىپقا تاپشۇرغاندا،
سادىق كاتىپ بۇنداق ماتېرىيالنى يېزىشنى رەت قىلىپ، بۇ
بەلگىلىمىگە نۇرغۇن پىكىرلەرنى بەرگەنىدى. شۇ چاغدا سەۋرىدىن
شۇجىنىڭ تازا ئاچچىقى كېلىپ، سادىق كاتىپقا غەزەپ بىلەن
ۋارقىراپ كەتكەنىدى.

ئەگەر سادىق كاتىپنىڭ ھېلىقىدەك يېزىقچىلىق ئالاھىدىلىكى
بولمىغان بولسا، سەۋرىدىن شۇجى ئاللىقاچان ئۇنى كاتىپلىقتىن
ئېلىۋېتىپ، باشقا ئىشقا سالغان بولاتتى.

لېكىن بۈگۈن، سەۋرىدىن شۇجى سادىق كاتىپنى باشقا بىر
ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. سادىق كاتىپ
بۈگۈن سەۋرىدىن شۇجىنىڭ سېچوتلىرىنى ئاتچوت قىلىپ، ئاشخانىـ

دىن تاماقلارنى ئالدىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شاھمات ئويناپ، مۇڭدىشىپ كۆڭلىنى ئېلىۋاتاتتى.

شاھمات ئويناش سەۋىردىن شوجىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىلگىرىكى چاغلاردا سەۋىردىن شوجى يېڭىلىپ قالىدىغان بولسا، مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىزمۇ تەن بەرمەي، قايتا - قايتا ئويناپ باشقىلارنى بىر مەيدان ئۇتۇۋالمىغۇچە كۆڭلى تىنمايتتى. بۈگۈن بولسا، بىر مەيدان ئويناپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى ۋە قاتتىق - قاتتىق شورىغىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

شۇ ئەسنادا سەۋىردىن شوجى قادىر كاتىپنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر تاغار تاۋۇز ئارتىلغان ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە ئىدارىگە يېقىندىن شوجى بولۇپ تەيىنلەنگەن كىشىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى.

بۇنى كۆرگەن سەۋىردىن شوجى ئۆز جايىدا قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: "ھە، سېنىڭ جىددىي ئىشىڭ مۇشۇكەن - دە!" دەپ ئويلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي سادىق كاتىپ بىر تاغار تاۋۇزنى يۈدۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— سەۋىردىن ئاكا، — دېدى ئۇ تاغارنى بىر بۇلۇڭغا قويۇۋېتىپ، — ئىدارىمىز ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن تاۋۇز ئەكەلگەنىكەن، سىزگە بىر تاغار ئېلىپ قويدۇم، كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ بېرەي، ھازىر بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

— رەھمەت ئۇكام، — دېدى سەۋىردىن شوجى، — سىزگە كۆپ رەھمەت. ئاپىرىپ بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، مەن ئۆيگە بېرىپ بالىلارنى ئەۋەتەي.

سەۋردىن شۇجى ئۆيگە ماڭغاي دەپ تۇرۇشىغا قادىر كاتىپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ سەۋردىن شۇجىنى كۆرۈپ:

— ۋاي، سەۋردىن ئاكا، بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئالدىراشلىقى دېمەيلا قويۇڭ. شوپۇرىمىز تاۋۇز ئەكەلگۈچە يولدا بىر بالىنى سوقۇۋېتىپ يارىدار قىلىپ قويۇپتىكەن، شۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ كەلدىم. خىزمىتىڭىزدە بولالماي قالدىم، رەنجىمىگەيسىز! — دېدى. ئۇنىڭ كۆزى بىلەن لەۋلىرىدە بىر خىل سۇنئىي ھېجيىش قېتىپ قالغانىدى.

سەۋردىن شۇجى قادىر كاتىپنىڭ بۇ چىرايلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلى غەش بولدى ۋە ئۇنىڭ رەتلىك كىيىنگەن ئۇستىبېشىغا، باشتىن ئاياغ نەزەر سالغاندىن كېيىن، "ھە، شۇنداقمۇ؟" دەپ قويۇپ، ئېغىر-ئېغىر دەسسەپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

سەۋردىن شۇجى ئۆيگە كېتىۋېتىپ، خىلمۇخىل مۇرەككەپ خىيال دېڭىزىغا چۆمۈپ كەتتى.

بىر كىشىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. بىراق سەۋردىن شۇجىنىڭ قادىر كاتىپ بىلەن سادىق كاتىپنى چۈشىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتى خېلى ئۇزاق ھېسابلىناتتى. بۈگۈنكى بۇ رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئالدىدا، سەۋردىن شۇجىنىڭ قادىر كاتىپنى ئەيىبلەپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىشى ئورۇنلۇقمۇ ياكى ئورۇنسىزمۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ چۈشىنەلمەي قالدى. ئەسلىدە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ئانا-بالىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش ھەرقاچان نورمال بولۇشى كېرەك ئىدى. بۈگۈنكىدەك نورمالسىزلىقنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟! زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟!

سەۋىردىن شۈجىنىڭ قەلبى خېلى ئازابلاندى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇ، قادىر كاتىپنىڭ بۇ خىل ئادەتلىرىنىڭ بۇرۇن ئۆزىگە ناھايىتى ئىللىق كۆرۈنىدىغانلىقىنى ۋە سادىق كاتىپنىڭ بەزى ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى سوغۇق تۇيۇلىدىغانلىقىنى ئاچچىق بىلەن ئېسىگە ئالدى...

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سەۋىردىن شۈجى قورۇسىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ تۇرغاندا، سادىق كاتىپ ھېلىقى بىر تاغار تاۋۇزنى يۈدۈپ كىرىپ كەلدى.

سادىق تاغارنى ئاستاغىنا يەرگە قويغاندىن كېيىن، سەۋىردىن شۈجى بىلەن خوشلىشىپ ئارقىسىغا ياندى ۋە ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بىردىنلا توختاپ قالدى.

— قانداق، دەيدىغان بىرەر گېپىڭىز بارمىدى ئۇكام؟ — دەپ سورىدى سەۋىردىن شۈجى.

— سەۋىردىن ئاكا، مېنىڭ ئۆيۈم قادىر كاتىپنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا، بۇرۇن سىز داۋاملىق ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتىڭىز، بۇندىن كېيىن ۋاقتىڭىز بولسا بىزنىڭ ئۆيگىمۇ بېرىپ تۇرۇڭ، بىز ئائىلىمىز بويىچە سىزنى قارشى ئالىمىز.

— بارىمەن ئۇكام، چوقۇم بارىمەن!

سەۋىردىن شۈجى ھاياجانلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزىگە ياش تولۇپ، خىرەلىشىپ قالغانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئىككى كاتىپنى بۈگۈنلا ھەقىقىي چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

# ھۇرۇننىڭ كۆز يېشى

قوياش ئىللىق نۇر چېچىپ تۇرغان باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە
مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئايىمخان ئاچا ساۋۇتنىڭ ئۆيىگە قارا
ماڭدى.

ئۇ دوختۇرخانىنىڭ ئارقىسىدىكى تار كوچىغا كىرىپ، ئۆرۈلۈپ
چۈشۈشكە ئازلا قالغان بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئۆيدىن
ساۋۇتنىڭ خورىكى ئاڭلاندى. ئۇ سەل تۇرۇپ بېقىپ ئىشىكنى مۇش
نۇمى بىلەن قاتتىق مۇشتلىدى. ئۆي ئىچىدىن غودۇڭشىغان ئاۋا
ئاڭلاندى:

— ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي، سەھەردە ئىشىك قاققان قانداق
پەسەندە ماۋۇ!

ئايىمخان ئاچىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى
بېسىۋېلىپ:

— ساۋۇت، ئىشىكنى ئاچ، نەۋاقىتچە ئۇخلايسەن؟ — دېدى.

ساۋۇت ئايىمخان ئاچا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ
بەردى. ئۆيدىكى سېسىقچىلىق ئايىمخان ئاچىنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى،
ئۇ، بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ ئۆيگە
كىردى.

ئۆينىڭ دېرىزىسى چىڭ يېپىقلىق ئىدى، تام- تورۇسلارغا قات-
قات تور باغلاپ كەتكەن بولۇپ، بىرنەچچە ئۆمۈچۈكلەر تور توقۇۋا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە غاجاپ تاشلاپ قويغان سۆڭەكلەر ۋە قېتىپ كەتكەن نان پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. نانىنىڭ ئۈستىدە بىر توپ چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۆي ئىچى چېكىپ تاشلانغان تاماكا قالدۇقلىرى، توكۇرۇك-لەر ۋە قەغەز پارچىلىرى بىلەن تولغانىدى.

ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كونا ياغاچ كارىۋاتتا دەسمالدەك قارىداپ كەتكەن يوتقان - كۆرپە بار ئىدى. كارىۋاتنىڭ بىر بېشىغا ياغلىشىپ، ساتىراشنىڭ كاپىلىغۇچىدەك پارقىراپ كەتكەن ئىشتان - كۆڭلەكلەر ئېسىپ قويۇلغانىدى.

دېرىزىگە سېسىپ كەتكەن كونا پايپاقلار، نان ئۇۋاقلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن موخۇركا، بىرنەچچە دانە دورا قۇتىسى، قوشۇق، چوكا... دېگەندەك نەرسىلەر تاشلاپ قويۇلغانىدى.

— ساۋۇت، مە، بالا - چاقاڭدىن خەت كەپتۇ! — ئايىمخان ئاچا يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— ھە، يەنىلا "بالىنى باقالمىدىم، پۇل ئەۋەت" دېگەن خەتتۇ! بولدى، ئۇنى كۆرىدىغان كۆزۈم يوق! — ساۋۇت ئايىمخان ئاچىنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى.

— ھەي ساۋۇت، قاچانغىچە تەييارغا ھەييار بولۇپ يۈرىسەن؟ نەچچە قېتىم ئىشقا تونۇشتۇرساق ھېچقايسىغا چىدىمىدىڭ، ئۆمرۈڭ مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرەمدۇ؟ ئىشلەپ پۇل تېپىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئوغۇل بالىدەك كۆكسىڭنى كېرىپ يۈرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئايىم-خان ئاچا سەل تېرىكىپ.

— ۋاي جېنىم ئايىمخان ئاچا، ئاللا ئىگەم ياراتقان بەندىسىگە بىر كىشىلىك رىزقىنى بېرىدۇ، مانا، كۈنۈم ئۆتۈپ كېتىۋاتامدۇ!

سىلىنىڭ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت. بۇنداق قۇرۇق تەربىيىلىرىنى
كۆپ ئاڭلاپ قۇلاقلىرىم قاپىرىپ كېتەي دەۋاتىدۇ، — ساۋۇت
بىردىنلا "ئۆھۆ، ئۆھۆ" دەپ يۆتىلىشكە باشلىدى، چىرايلىرى باشتا
قىزىرىپ، كېيىن كۆكىرىپ كەتتى. ئايىمخان ئاچا بۇنى كۆرۈپ،
يەنىلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، دۈمبىسىدىن يۆلەپ ئاستا ئېقىپ
قويدى. ساۋۇت بىرھازا يۆتەلگەندىن كېيىن، ھاسىراپ تۇرۇپ:
— ۋاي خۇدايىمەي، يۆتەلنى ئاز دەپ، ئەمدى مەيدەم ئېچىشىپ
ئاغرىيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇرۇن مېنىڭ ئاشقازىنىم تاشنىمۇ ھەزىم
قىلالايتتى...، — دەپ قاقشىغىلى تۇردى.
— ھە، يەنىلا مۇشۇنداق يۇرۇۋەرسەڭ يېشىڭ ئەللىككە كىرمەي
تۇرۇپلا پۈتۈك گۆرگە ساڭگىلايدۇ، ئوبدان ئويلاپ باق. ئىتتىپاق
رايونى يېڭىدىن بىر خۇمدان قۇرۇپتۇ، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەم-
سەن؟ — دەپ سورىدى ئايىمخان ئاچا.
— ۋاي جېنىم ئايىمخان ئاچا، مۇشۇ ھالىم بىلەن خۇمداندا
ئىشلىيەلەمدىم؟ مېنى تېززەك ئۇ دۇنياغا كەتسۇن دەملا نېمە؟ —
دېدى ساۋۇت.
— خەپ، ياخشىلىققا يامانلىق دېگەن مۇشۇ ئىكەن-دە! كېيىن
پۇشايمان قىلىپ قالارسەن. ئوبدان ئويلاپ باققىن، ئەگەر ئىشلەي-
مەن دېسەڭ مەھەللە كومىتېتىغا بېرىپ بىزنى ئىزدە!
ئايىمخان ئاچا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
— ھىم! نەدە ئېغىر ئىش بولسا ماڭا تونۇشتۇرىدۇ، ئەجەب
ئۆزلىرى بارمايدىكەنسىلەرغۇ؟ — ساۋۇت ئايىمخان ئاچىنىڭ كەينىدىن
"چىرت" قىلىپ بىرنى تۈكۈرۈپ قويدى.
ساۋۇت يەنە يوتقانغا كىرىپ بىرئاز يېتىپ باقتى. لېكىن دېرىزد-

دىن چۈشۈپ تۇرغان كونا نۇرى ئۆينىڭ كۆزىنى چېقىپ بىزار قىلىۋەتتى. شۇندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرى چۈشۈپ كەتكەن چاشكىدىكى سۇ بىلەن شاپۇر-شۇپۇر يۈزىنى يۇيۇپ، كۆڭلە-كىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى. يېرىمىنى چېكىپ ئۆچۈرۈۋەتكەن تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق بىر شورىدىيۇ، يەنە يۆتىلىشكە باشلىدى. بىرھازا يۆتەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى قېتىپ كەتكەن نان پارچىلىرىنى يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن كارىۋات ئاستىدىن ئىككى-ئۈچ يۇتۇملا ھارىقى قالغان شىشىنى ئېلىپ قوينىغا سالدى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قورۇنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، باللار مەكتەپكە، چوڭلار ئۆزلە-رىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىغا كېتىپ قالغان بولۇپ، پەقەتلا بىرنەچچە توخۇ يەر تاتىلاۋاتاتتى. ساۋۇت چوڭ كوچىغا چىقتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كاۋاپچىلار، مانتىپەزلەر، قاساپلار ۋە ئۆپكە-زاسىي-چىلەر ئۆز ماللىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىرماقتا ئىدى.

مەززىلىك كاۋاپ ۋە مانتىلارنىڭ پۇرىقى ساۋۇتنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈۋەتتى. ئۇ بىر پېشىنى ئېگىز، بىر پېشىنى پەس يۆگەپ، بىر كاۋاپچى ئۇستامنىڭ يېنىغا كەلدى-دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! قانداق ئەھۋاللىرى؟ — دەپ كاۋاپچى ئۇستامدىن ئەھۋال سورىدى.

— ھە، سەنمىدىڭ؟ — دەپ ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىغاندەك جاۋاب بەردى كاۋاپچى ئۇستام. ئۇستامنىڭ يېشى ئەللىكتىن سەل ھالقىغان بولۇپ، ساقاللىق، دىقماقىنا بىر كىشى ئىدى. ئۇ پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپلارغا دورا-دەرمان سېپىۋېتىپ سورىدى:

— ھە، ساۋۇتجان، بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلىمىدىڭمۇ؟

— ۋاي-ۋۇي، سەمەت قارىيكا، ئىش قىلمىسامۇ كۈنۈم ئۆتۈۋاتىدىغۇ، خۇداغا شۈكۈر. ئىش دېگەننىمۇ قىلالمىدىغان، بىرنەچچە كۈن تامچى ئۇستامغا كېسەك ئېلىپ بەرگەنىدىم، جېنىمنى ئېلىپ چاڭگاللىدا قويغىلى تاس قالدى، بولدى، ئاچ قالسام قالاي، مەدىكارچىلىق قىلمايمەن!

— ۋاي بۇرادەر، بۇنداق يۇرۇۋەرسەڭ قانداق بولغىنى! ھازىر زامان ئۆزگىرىپ قالدى، بىرەر ئىش قىلمىساڭ جان باقماق تەس!

كاۋاپچى ئۇستام خېرىدارلارنى كۈتۈش بىلەن بەند بولۇپ كەتتى.

ساۋۇت تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ خېلىغىچە تۇرۇپ باقتى. لېكىن كاۋاپچى ئۇستامنىڭ بىرەر-ئىككى زىخ كاۋاپنى ئىلتىپات قىلغۇدەك ئەلپازى يوق ئىدى.

بۇندىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ساۋۇت كاۋاپچى ئۇستامغا گۆش توغراش، زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزۈش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىشىپ بەرگەنىدى. لېكىن بەزىدە كاۋاپ ئېتىدىغان گۆشلەردىن بىر-ئىككى پارچىنى قوينىغا تىقىۋالاتتى. بەزىدە ئۇستام باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، كاۋاپدانىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن چاغلاردا، ئاغىنىلىرىنىڭ بىرەر رومكا ھاراقىغا ئون-يىگىرمە زىخ كاۋاپنى بىكارغا بېرىۋېتەتتى. بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، كاۋاپچى ئۇستام ئۇنى قوغلىۋەتكەنىدى. ساۋۇت مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ، خىجىل بولدى بولغاي، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت كوچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

كۈچلۈك كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چاقاتتى. باھار تۇيغۇلىرى خېلى قويۇق بولۇپ، ساپ ھاۋا كىشىنىڭ دىمىغىغا يېقىملىق ئۇرۇ-

لاتتى. قېلىن پاختىلىق كىيىملەرنى ئەتىيازلىق كىيىملەرگە ئالماشتۇر-غان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرىدىن باھاردەك ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دەل-دەرەخلەرمۇ قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يۇمران ياپراقلار بىلەن بېزەلمەكتە ئىدى.

ساۋۇت قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە، تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىكى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ، قولىنى كۆزىگە سايە قىلىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا كۆز تاشلايتتى. ياش بىر چوكان بالىسىنى يېتىلەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بالىنىڭ قولىدىكى قىزىرىپ پىشقان بىر دانە ساما ئۇنىڭ كۆزىنى ئال-چەكمەن قىلىۋەتتى. كەينىدىن يەنە بويىغا يەتكەن بىر قىزچاق ئۆتتى، ساۋۇتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ قوينىدىكى ھاراق شىشىسىنى چىقاردى-دە، غۇرت قىلىپلا بىر يۇتۇم ئىچىۋەتتى، ئاندىن كېيىن، ئاغزىنى چاكىلدىتىپ قويۇپ، يەنە ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراشقا باشلىدى...

ساۋۇت ئەمدىلا ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغان چاغدا ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ئانىسىنىڭ بىرەر تاپاۋىتى بولمىغانلىقتىن، كۈن ئۆتكۈزمەك تەس بولۇپ، ساۋۇتنى بىر موز-دۇزغا شاگىرتلىققا بەردى. لېكىن قولى ئەگرىلىك قىلىپ قويغانلىق-تىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەردىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇ، شۇندىن كېيىن كاۋاپچىلىق، قاسساپلىق، لەڭپۇڭچىلىق، يايمىچىلىق دېگەندەك ئوقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. لېكىن ھۇرۇنلۇقى ئۇنى زادىلا روناق تاپقۇزمىدى.

كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ تۇرمۇشى يامان ئەمەس ئۆتتى. بولۇپمۇ "زور ئىنقىلاب" مەزگىلىدە ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلىتى، گۆش

بېلەتتى... ئىشقىلىپ، ھۆكۈمەت نورما قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن نەرسەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ـ سېتىشقا باشلىدى، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ئۆيى قىمارخانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يەنە توختاپ قالغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنى ئوغرىلاپ سېتىشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى... شۇندىن كېيىن، ئۇ، ئۆز يۇرتىدىكى تۇغقىنىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى. ئۇ ئالغان قىز ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئىشچان، ئائىلە ئىشلىرىغا خېلى پىششىق ئىدى. بىراق ساۋۇتنىڭ ھەر خىل خورلۇقلىرىغا چىدىماي، ئاخىر يەتتە ياشقا توشقان بالىسىنى ئېلىپ، ئۆز يۇرتىغا كېتىپ قالدى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بازارلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئاشلىق بېلىتى، رەخت بېلەتلىرى ئانچە پۇلغا يارىمايدىغان بولۇپ قالدى، قىمار ئوينايدىغانلارنىڭمۇ قويرۇقىنى قوم باستى. ئۇنىڭ كونا قەدىناسلىرىنىڭ ھەممىسى ئاستا ـ ئاستا بۇرۇنقى كەسپلىرىنى تېپىۋالدى، لېكىن ساۋۇت ھېچ ئىش قىلمىدى، يەنىلا كوچىلاردا ئۆتكەن ـ كەچكەنگە قاراپ تام يۆلەپ ئولتۇرۇشنى داۋام قىلىۋەردى. بەزىدە، ئامالىنىڭ يوقىدا كىشىلەرگە بىرنەچچە كۈن مەدىكارچىلىق قىلىپ ئىشلەپمۇ قوياتتى.

— ۋۆي، ساۋۇت قارىي، يەنە مەيدەڭنى ئاپتاپقا قاقلاپ ئولتۇرۇپسەنغۇ؟ — تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ساۋۇت بېشىنى بۇراپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئىككى قوينىڭ گۆشى ئېسىلغان كانارىنى ھارۋىغا سېلىپ سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇمۇ ساۋۇتنىڭ كونا بۇرادىرى بولۇپ، بۇرۇن كۈن بويى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، مەيدىسىنى ئاپتاپقا قاقلايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ساۋۇت ئۇنىڭغا سەل ـ پەل كۈلۈمسىرىگەندەك قىلىپ، چىشىنىڭ ئېقىنى

كۆرسىتىپ قويدى.

بۇ يەر بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كوچىدا لاغايلاپ يۈرگەن ساۋۇتقا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇپ دولىسىنى ئاپتاپقا قاقلايدىغان جايى ئىدى. ئۇلار قوپال يۆگەلگەن موخۇركىلارنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ چېكىشىپ، قۇرۇق ئەسنىشىپ، ئەتىدىن كەچكىچە تام يۆلەپ ئولتۇراتتى. بەزىدە قارتا، قاتار دېگەندەك ئويۇنلارنىمۇ ئويناپ قوياتتى. بىرەر شىشە هاراق تېپىلىپ قالسا بىرەر يۇتۇمدىن ئىچەشىپ، بىرەر قىزچاق ياكى ياش چوكانلار ئالدىن ئۆتۈپ قالسا "ۋە!" دەپ ئۈچكىدەك ۋارقىراپ كۈلۈشەتتى.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بۇ يەرگە كېلىپ مەيدىسىنى ئاپتاپقا قاقلايدىغانلار ئازلاپ قالدى. مانا هازىر، ساۋۇت ئۆزىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋىدى، كۆڭلىنى غېرىبلىق باستى. بىرئازدىن كېيىن يانچۇقىدىكى قاتتىق ناننى چىقىرىپ كوسۇلدىتىپ چاينىغاچ، كىنوخانىنىڭ تېمىغا چاپلانغان سۈرەتلەرگە قاراشقا باشلىدى.

ساۋۇت كىنو كۆرۈشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ناۋادا بىرەر قېتىم كىنوغا كىرىپ قالسىمۇ، "ۋاي، باشتىن ئاياغ بىر پاي ئوقمۇ ئاتمايدىغان ماز كىنوكەن!" دەپ يېنىپ چىقاتتى. بىراق، ئۇ، بىرەر يېڭى كىنو قويۇلۇپ قالسا، سەهەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئون - يىگىرمە بېلەتنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ قوياتتى. كىنو باشلىنىش ئالدىدىكى جىددىيلىكتىن پايدىلىنىپ، ئىككى موچەنلىك بېلەتنى تۆت - بەش موچەنگە سېتىپ پايدا كۆرەتتى. بۇرۇنلاردا يېڭى كىنولار ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ تاپاۋىتى خېلى ئاققانىدى. بىراق بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان، يېڭى كىنولار كۆپىيىپ، كىشىلەر كىنولارنى تاللاپ

كۆرىدىغان بولۇپ قالىغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرىمۇ كاساتلىشىش
باشلىدى. ھەتتا بىرنەچچە قېتىم بىلەتنى جىق ئېلىۋېلىپ، ساتالماي
زىيان تارتقان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى.

ساۋۇت ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە قاتتىق ناننى ئېغىزىغا سېلىپ،
ھاراقتىن يەنە بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ، موخوركىچىلارنىڭ يېنىغا قاراپ
ماڭدى. ئۇ ئەزەلدىن، پۇل خەجلەپ موخوركا ئېلىش ئەخمەقنىڭ
ئىشى، دەپ بىلەتتى. موخوركا بازىرىنى بىر ئايلىنىپ، بىر تىيىن
خەجلىمەي يانچۇقىنى تۇشقۇزاتتى. ئۇ، ھەربىر موخوركىچىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، يوغان-يوغان يىرتىپ تەييارلاپ قويغان گېزىت
قەغىزىنى چىقىرىپ، بارماقتەك قىلىپ بىرنى ئوراپ تىتى-دە، بىر-
ئىككى شوراپ بېقىپ، "بوشكەن" ياكى "ئاچچىقكەن" دەپ كېتىپ
قالاتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا بىرەر ئورام موخوركا
چەككۇدەك ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، يانچۇقىنى ئىككى-ئۈچ موچەنلىك
موخوركا بىلەن توشقۇزدى-دە، ئاخىرقى قېتىم ئورىغان موخوركىنى
شوراپ، يەنە ھېلىقى جايىغا كېلىپ تامنى يۆلەپ ئولتۇردى.

قۇياش ئاستا-ئاستا كوچىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىنانىڭ كەينىگە
ئۆتۈپ كەتتى. ساۋۇتنىڭ قورسىقى ئاچلىقتىن كوركىراشقا باشلىدى.
ئۇ ئاستا ئورنىدىن قمىرلاپ، كوچىنىڭ سول ياقىسىدىكى ئاشپۇزۇلغا
قاراپ ماڭدى.

ئاشپۇزۇلدا ئادەم كۆپ ئىدى. كىشىلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە
تاماق يېيىشىۋاتاتتى.

ساۋۇت بۇلۇڭدىكى بىر بوش ئورۇندۇققا چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇ-
رۇۋىدى، كوتكوچى كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى چوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنى
ئېيتتى. ئۇ، كوتكوچىغا ھومىيىپ بىر قاراپ قويۇپ، ئىلاجسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇتىنى چۈشۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ ئاشلىق بېلەتلىرىنى قويىندىن چىقىرىپ، بىرەر خېرىدار چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرۈتتى. خېلى ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ، سەپەردىن يېڭى كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. ساۋۇت ئىتتىكلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى-دە، پىشىدىن تارتىپ، پەس ئاۋازدا:

— ئاشلىق بېلىتى كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قانچە؟ — دەپ سورىدى يولۇچى.

— ئۈچ موچەن.

— ئىككى موچەندىن بەرسەڭ ئالىمەن، بولمىسا... — دەپ يولۇچى قىزىقمىغاندەك جاۋاب بېرىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراشقا باشلىدى.

قورساقنىڭ ئۈزمەي كوركىرىشى ساۋۇتنى يان بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ھېلىقى كىشىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ، ئاران دېگەندە تۆت كىلو ئاشلىق بېلىتىنى بىر كويغا ساتتى-دە، پۇلنى قولىغا ئېلىپ، تۆت نان بىلەن بىر قاچا سۆڭەك شورپىسى سېتىۋالدى. شورپىنى شالاپ-شۇلۇپ قىلىپ سۈمۈرۈپ، ئۈچ ناننى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سوقۇۋەتكەندىن كېيىن، "گارت" قىلىپ كېكىرىۋېتىپ، ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ كەتتى...

گۈگۈم چۈشتى. چېگرا رايوندىكى بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ كۈندۈزكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى تىنىپ، يېقىملىق جىمجىتلىق باشلاندى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىراغلار گويا ئاسماندىكى سان-ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك پارقىرايتتى. لەرزان باھار شامىلى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇراتتى. جۈپ-جۈپ يىگىت-قىزلار شېرىن خىياللار ئىلكىدە سەيلە قىلىشىپ يۈرەتتى.

باھار. كېچىسى كۆگۆلـلەرنى مەپـتۇن قىلـغۇدەك گۈزەل ئىدى. لېكىن ساۋۇت بۇ مەنزىرىـلەرگە پەرقـسىز قارىـغان ھالدا، كونىراپ كەتكەن چىبەرقۇت چاپىنىنى تېخـىمۇ چىـڭ ئوراپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ، ئۆيىگە كىرىپلا يوتقانغا پۈركـىنىۋالـدى. بىرئازدىن كېيىن ئاشقازىنى مۇجۇپ ئاغرىغىلى تۇردى. ئاغرىق بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى، ئاخىر ئاغرىقـقا چىدىماي كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە دومىلاپ ۋاي-ۋايلاشقا باشلىدى. لېكـىن ئۇنىڭ ھالـىدىن خەۋەر ئېلىپ قويىدىغان بىرەر ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا بەكمۇ قىينالدى، ئۆزىنىڭ غېرىبسىنغان-لىقـىنى تۇنجـى قېتىم ھېس قىلـدى. بىراق ئامال قانچە؟ ئۇنـىڭغا چىداشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ساۋۇت ئاخىر ھالـسىزلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر پارچـە ئالـتۇن تېپىۋالـدى. خۇشالـلىقـدا ئەڭ ئالدى بىلەن ئېسىل سورتـلۇق ھاراقـتىن ئىككى شېـشە ئېلـىپ، ئەڭ كاتتا ئاشپۇزۇلدىن بىرىگە كىردى. ئېسـىل تاماقلارنى ئېپـكەلدۈرۈپ ئۈس-تەلنىڭ ئۈستىنى توشقازدى. بولدى دېگۈچە يەپ-ئىچتى. شېشىنىمۇ بوشاتتى. شۇ پەيتتە ئاشپۇزۇلغا چىرايلىق بىر چوكان كىرىپ كەلدى. ساۋۇت ھېلىقى ئالـتۇننى كۆتۈرۈپ، دەلدەڭشـىگەن پېتى چوكاننىڭ ئالدىغا كەلدى. چوكان ساۋۇتقا قاراپ ھىجىيىشـقا باشلىدى. ساۋۇت ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى...

ئۇخلاۋاتـقان ساۋۇت راستـتىنـلا قۇچـىقـىنى كەڭ كەرگەنـدى، تۇيۇقسىز ئويغىنـىپ كەتـتى. ئويغانغانـدىن كېيـىن ئۇنىڭ پۈتـكۈل ۋۇجۇدىـنى ھەسرەت چىـرمىۋالـدى. ئۇ، يوتـقانـدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، قانـغۇدەك موخـۇركا چەكـتى، كېيـىن يوتقانـغا پۈركىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇخلاشقا باشلىدى.

ساۋۇت يەنە بىر چۈش كۆردى. ئۇنى كۆرۈنۈشى ناھايىتى قورقۇنچلۇق بىر كىشى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىشى ساۋۇتنى ئىچىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. ساۋۇت قورقۇپ كېتىپ: "بۇ قەيەر؟" دەپ سورىدى. ھېلىقى كىشى غەزەپ بىلەن ئالىيىپ: "بۇ ھۇرۇنلارنىڭ بارىدىغان ماكانى، دوزاخ دېگەن شۇ" دەپ جاۋاب بەردى. ساۋۇت ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دوزاخنىڭ ئىچىگە كىردى. دوزاخنىڭ ئىچە-ىدىكى مۆڭگۈزلۈك ئىلان-چايانلار تولغىنىپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. بىرپەستىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا بىر يىڭنە پەيدا بولدى. "مۇشۇ يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتەلىسەڭ، خۇدايىم گۇناھىڭنى كەچۈ-رىدۇ، ئۆتەلمىسەڭ ئاشۇ ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولىسەن!" دېدى بايىقى كىشى. ساۋۇت ئوتتا كۆيۈشتىن قورقۇپ يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈشكە تەمشەلدى. بىراق يوغان بىر ئادەم يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن قانداقمۇ ئۆتەلىسۇن؟ ئۇ ئاخىر دوزاخقا سېلىنىدى، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتى ئۇنىڭ بەدىنىگە تۇتاشتى... ساۋۇت: "گۇناھىمنى كەچۈرسىلە، ئىككىنچى ھۇرۇنلۇق قىلمايمەن، ئادەم بولىمەن!..." دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمگەنىدى.

ساۋۇت چېكىپ تاشلىۋەتكەن موخۇركا ساندۇق ئۈستىدىكى تور پاختىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئوت ئېلىشقا ئاز قالغان، ئۆي ئىچى ئىس بىلەن توشقانىدى. ئاغرىق ئازابىدىن ھالسىزلانغان ساۋۇت، ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك ئېچىلغان ھامان تور پاختا گۈپ قىلىپلا ئوت ئالدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ساۋۇتمۇ ئىشىك-

نىڭ بوسۇغىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. شۇ پەيتتە كۆندىلىك ئادىتى بويىچە ساۋۇتنى يوقلاپ تۇرىدىغان ئايىمخان ئاچا ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولمىغان بولسا، ساۋۇت راستتىنلا ئوت يالقۇنى ئىچىدە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولاتتى. ئايىمخان ئاچا ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىشنى شۇ يەرگە يىغىلغان قولۇم-قوشنىلارغا تاپشۇرۇپ، هوشىدىن كەتكەن ساۋۇتنى هارۋىغا سالدى-دە، دوختۇرخانىغا قاراپ يۈگۈردى...

دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق يوتقىنىغا پۈركىنىپ ياتقان ساۋۇت تەسلىكتە كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئايىمخان ئاچىنى كۆردى.

— ساۋۇت، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇكرە ئېتىپ ئەكەلدىم. ئىسسىقىدا ئىچىپ باقامسەن؟ — دېدى ئايىمخان ئاچا مۇلايىم ئاۋازدا.

لېكىن ساۋۇتنىڭ "هەئە" دېيىشكىمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى. ئايىمخان ئاچا ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ، قوشۇق بىلەن ئاش ئىچكۈزدى.

— ساۋۇت، بالا-چاقاڭدىن خەت-خالتا كەپتۇ، قارىغىنا! — دېدى ئايىمخان ئاچا ئاش ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن. ساۋۇت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، كۆزىنى پارقىرىتىپ قارىدى. ئايىمخان ئاچىنىڭ قولىدا راستتىنلا بىر دانە خالتا تۇراتتى. ئايىمخان ئاچا خالتىنىڭ ئۈستىدىكى خەتلەرنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ كۆرسەتتى. ساۋۇت هەر هالدا ئۆز ئىسمىنى تونۇيتتى. ئۇ، خالتىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى قۇر خەتنىڭ ئىچىدە "ساۋۇت" دېگەن خەت بارلىقىنى كۆرۈپ، ئايىمخان ئاچىنىڭ سۆزىگە چىندىن ئىشەندى.

ئايىمخان ئاچا خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. خالتىنىڭ ئىچىدە تازا ئوخشىتىپ ياقىلغان ياغلىق توقاچ، سۈپسۈزۈك ئۆرۈك قېقى، بادام، ياڭاق قاتارلىق يەل-يېمىشلەر بار ئىدى. خالتىنىڭ ئىچىدىن

يەنە بىر پارچە خەتنى چىقتى. ساۋۇت خەتنى ؛ قۇپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. ئايىمخان ئاچا خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى:

"دادا: ياخشىمۇ سىز؟ ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟

بىز سىزگە بىرنەچچە پارچە خەت يازغانىدۇق. سىزدىن بىرەر پارچىمۇ جاۋاب كەلمىدى. بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتىمىز. مەن ھازىر بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىمەن. تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى جېنىمىزنى باقالماي سىزگە پۇل ئەۋەتسەڭ دەپ خەت يازغانىدۇق، ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئۆيىمىز خېلى باياشات بولۇپ قالدى. ئانام ئۆزى يالغۇز ئىشلەپ سەككىز يۈز كوي پۇل تاپتى. ھازىر ياغاچ-تاش سېتىۋېلىپ، تۇغقانلارنىڭ ياردىمى بىلەن قورۇ-جاي، باغ-ۋاران سېلىۋالدۇق. بىزدە ھازىر بەش قوي، بىر ئىنەك بار. مەن ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئوتلارنى باقىمەن. ئۆيىمىزدە تاغار-تاغار ئاشلىقىمىز بار.

سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئېچىندۇق، سىزنى قاتتىق سېغىندۇق. سىزنىڭ قايتىپ كېلىپ، بىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭىزنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتىمىز.

مۇشۇ خالتا بىلەن بىللە يۈز كوي پۇل ئەۋەتتۇق، كەلگۈچە يولدا خىراجەت قىلارسىز.

دادا، خەير-خوش. بىز سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراۋاتىمىز.

ئوغلىڭىز: مەردان"

ساۋۇت خەتنى ئاڭلاپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى توختىتالماي، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى...

# سادىق ھەمراھ

سادىق قولىدىكى بىر پارچە خەتنى چىڭ تۇتقان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ھەمرا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تورۇسقا قاراپ ياتاتتى.

ئۇ، سادىققا ئىللىققىنا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. سادىق ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھەيران بولدى. ھەمرا رېماتىزىم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ چىرايىدىن بىرئازمۇ كۈلكە ئىزلىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ خۇددى مەڭگۈ قورۇمايدىغاندەك تۇيۇلىدىغان كۆز ياشلىرى سادىقنىڭ قەلبىنى بەكمۇ ئازابلايتتى. بۈگۈن ھەمرانىڭ سۇپسۇزۇك يۈزلىرى، يوغان-يوغان كۆزلىرى، قاڭشالىق بۇرنى ۋە كۈلكە ياماشقان قىپقىزىل لەۋلىرى سادىققا ھەم چىرايلىق، ھەم سۆيۈملۈك كۆروندى. سادىق ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى-دە:

— ھەمراھىم! — دېدى.

ھەمرا سادىقنىڭ چىرايىغا قاراپ شۇنى ھېس قىلدىكى، سادىقنىڭ چىرايىدىمۇ بۇرۇنقى ياسالما كۈلكىلەر يوقاپ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىققان شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، سادىقنىڭ قولىنى چىڭ سىقماقچى بولدى، بىراق ئۇنىڭ قوللىرى تۈگۈلۈپ قالغان بولۇپ، بارماقلىرىنى ئازراقمۇ ئاچالمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يەنە خەت كەپتۇ! — دېدى سادىق قولىدىكى بىر پارچە خەتنى كۆرسىتىپ.

— شۇنداقمۇ؟ نەدىن كەپتۇ؟ — ھەمرا ئۇن نەچچە كۈندىن بۇيان ھەربىر پارچە خەتنى كۆرسە مۇشۇنداق سورايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— داتۇڭدىن كەپتۇ!

— داتۇڭ دېگەن نەدە؟

— داتۇڭ دېگەن شەنشى ئۆلكىسىدە، ئۇ يەرمۇ بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە ئوخشاش كۆمۈر كۆپ چىقىدىغان يەر ئىكەن. بۇ خەت شۇ يەردىكى كۆمۈر كان ئىدارىسىنىڭ پارتكوم ئىشخانىسىدىكى بىر خەنزۇ ئايال يولداشتىن كەپتۇ.

— بىر ئايال يولداشتىن؟ ماڭا تېزرەك ئوقۇپ بەرگىنە!

بۇ خەتنى زاۋۇتنىڭ تەرجىمانى ئاللىقاچان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ قويغانىكەن. سادىق خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

"سىڭلىم ھەمرا:

سىلەرنىڭ توي قىلغان ۋاقتىڭلارنى ھېسابلىغاندا، سىزنىڭ يېشىڭىز مەندىن كىچىكتەك قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنى سىڭلىم دەپ ئاتىدىم. مەن مىڭ نەچچە كىلومېتىر يىراقتىكى چېگرا رايونىدا سىزدەك بىر ئۇيغۇر سىڭلىم بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇرسەنمەن. مەن ھازىر سىزنى "سىڭلىم، سىڭلىم!" دەپ چاقىرىۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟

مەن «ئىشچىلار گېزىتى»گە بېسىلغان خەۋەرنى ئوقۇپ، سىلەرنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئىش-ئىزلىرىڭلاردىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. سىز مۇخبىرغا: بىزنى تونۇشتۇرغان لېي فېڭ، دەپ جاۋاب بېرىپسىز. بۇ نېمىدېگەن ئەقىللىق سۆز-ھە! سىز كېسەل تۆپەيلىدىن دوختۇرخانىدا

يېتىپ، ھاياتتىن ئۈمىدىڭىز ئۈزۈلگەن چاغدا، سادىق ئۆزىنىڭ ئەڭ ساپ مۇھەببىتىنى سىزگە تەقدىم قىلىپ، سىزنى ئۆيىگە يۆدۈپ ئاپىرىپ، توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىنچە، سىزنىڭ كېسىلىڭىز تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، پۇت-قولىڭىز پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالغان ئون نەچچە يىل جەريانىدىمۇ بىر ئېغىز نارازىلىق بىلدۈرمەي سىزنى سەممىيلىك بىلەن كۈتۈپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئالىي پەزىلەت-ھە!؟ ئۇنىڭ قەلبى گويا كرىستالدەك سۈزۈك ئىكەن، مەن بۇ خەۋەرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، تەسىرلەنگەنلىكىمدىن كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى.

سىڭلىم ھەمرا، سىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، سىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىڭلار بىزنىڭ بۇ كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىماقتا. ھەممەيلەن سىلەرگە دوستلۇق قولىنى سۇنىدۇ، سىزنىڭ كېسىلىڭىز چوقۇم ساقىيىدۇ. مەن بىرقانچە چوڭ دوختۇرخانىلار بىلەن ئالاقىلاشتىم. ئاڭلىشىمچە، شىجاجۇاڭدىكى دوختۇرخانىدا بۇ خىل كېسەلنى ئوبدان داۋالايدىكەن، ئۇلارنىڭ بۇ خىل كېسەلنى داۋالاش ماھارىتىگە چەت ئەلدىكى بەزى تىببىي مۇتەخەسسىلەرمۇ قىزىقىۋېتىپتۇ. مەن ئاشۇ دوختۇرخانا بىلەن ئالاقە قىلغاندىن كېيىن، دەرھال سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن، سىزنىڭ شىجاجۇاڭغا كېلىپ، كېسىلىڭىزنى شۇ يەردە داۋالىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەير-خوش! شىجاجۇاڭدا كۆرۈشكەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

داتۇڭ كۆمۈركان ئىدارىسى پارتكوم ئىشخانىسىدىكى ۋاڭ يۇخۋادىن».

ھەمرا خەتنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا بوغىدا چوققىسىدىكى سۈزۈك بۇلاق سۈيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇلاقنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ ئايالنىڭ مۇلايىم چىرايى پەيدا بولىدى. ھەمرا ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئەسلىگەندە ئۇنىڭ شولىسىنى شۇ بۇلاقتا چۈشۈرەتتى. ھەمرانىڭ بۇنداق قىلىپ يۈرگىنىگە ئۇزاق

www.uyghurkitap.com

يىللار بولۇپ قالغانىدى. ھەمرا بوينىغا قىزىل گالستۇك ئېسىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، يازلىق كانىكۇلنىڭ بىركۈنى مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇلارنى بوغدا تېغىغا ئەپچىقىپ دالا سەيلىسى قىلدۇرغانىدى. ھەمرا ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ياپپېشىل ئوتلاق ئۈستىدە ئويناۋېتىپ، بىر توپ قارىغاينىڭ يېنىدىكى سۆپسۈزۈك بۇلاقنى كۆرۈپ قالدى. بۇلاقنىڭ تېگىدىكى ئۇششاق تاشلار مەرمەردەك ۋاللىداپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلاققا چۈشۈپ تۇرغان شولىسىنى كۆردى. بۇلاقتا ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى، قەلەمدەك قاشلىرى، قاڭشالىق بۇرنى، جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى خۇددى سۈرەتكە ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، بۇلاق سۈيىگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. قايتىدىغان چاغدا، بۇلاقتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قايتا-قايتا بۇرۇلۇپ قارىدى. تەبىئەتنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرغان ئەڭ قەدىرلىك يالدامىسى ئەنە شۇ بۇلاق بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ، كۆڭلىگە ياقىدىغان سۆيۈملۈك ئادىمىنى ئاشۇ بۇلاققا ئوخشىتىدىغان بولدى. ئۇ، سادىقنىمۇ ئەنە شۇ بۇلاققا ئوخشىتاتتى. ئۇن نەچچە كۈندىن بۇيان، ھەربىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا، خەت يازغۇچى كىشىنىڭ چىرايىنى ئۆز كۆڭلىدە پەرەز قىلاتتى ۋە شۇ بۇلاققا چىرايىنى چۈشۈرەتتى.

ھەمرا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىردەم ئويلىنىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن:

— سادىق، ئۇ ئايالنىڭ چىرايى قانداقتۇ؟ سىز ئۇنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن...مەن...، — سادىق قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەي دۇدۇقلىنىپ قالدى، — ھە، كۆرۈۋاتىمەن، ئۇ خەنزۇ يولداش بەكمۇ

ياخشى ئىكەن.

— ئۇ خەنزۇ ھەدەم مېنى چاقىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئاڭلاۋاتامسىز؟ — دېدى ھەمرا بېشىنى سەل قىڭغايتىپ.

سادىقمۇ بېشىنى شەرق تەرەپكە بۇراپ:

— ھەئە، ئاڭلىدىم، ئۇ سىزنى سىڭلىم دەپ چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى خېلى ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئالاھازەل، ئارىدىن بىرەر پىيالە چاينى ئىچىپ تۈگەتكۈدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھەمرا:

— مېنى ھويلىغا ئەپچىقىڭا! — دېدى ئۆتۈنگەندەك قىلىپ. سادىق ھەمرانى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ھويلىغا ئەپچىقتى - دە، كۆپكە ئولتۇرغۇزدى. ئادەتتە ھويلىدا ئولتۇرۇپ كۆك ئاسماننى، ئاق بۇلۇتلارنى، مۇز قارلار بىلەن قاپلانغان بوغدا چوققىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھەمرا پات - پات ئاشۇ قارلىق تاغلارغا كۆز تىكىپ، ئۇزاقلارغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالاتتى. لېكىن، ھەمرانىڭ بۇنداق ئولتۇرۇپ باقمىغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقانىدى.

سادىق بۇ كىچىككىنە ھويلىنى گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان تەشتەكلەردە سۆگەت گۈلى، مودەنگۈل، قوناقگۈل، ئانارگۈل ۋە يەنە ئىسمىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق گۈللەر ئۆستۈرۈلگەنىدى. گۈللەر ئۆستىدە كېپىنەكلەر، ھەرىلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئىلگىرى سادىق ھەمراغا: "ھويلىغا ئەپچىقىپ قويايمۇ، گۈللەرگە قاراپ ئولتۇرۇڭ" دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقانىدى. بىراق ئۇ چاغدا ھەمرا ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولۇپ، تېزرەك ئۇ دۇنياغا كېتىشنى ئويلايتتى، شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سادىقنىڭ تەلپىنى رەت قىلالاتتى. ھازىر بولسا بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا شۇنچە يورۇق، شۇنچە يېڭى، شۇنچە كەڭ تۇيۇلدى. ھەربىر تال يوپۇرماق، ھەربىر تال گۈل، كېپىنەك، ھەرە، كۆك ئاسمان... شۇنچە گۈزەل كۆرۈندى. ئۇ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە تويماستىن قاراۋېتىپ، سادىققا:

— ماڭا ئەينەكنى ئەكىلىپ بېرىڭا، — دېدى.

سادىق بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. ھەمرانىڭ چېچى چىگىش - چىگىش بولۇپ، خۇددى كونا كىگىزدەك بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولاتتى. سادىق سەل - پەل ئويلانغاندىن كېيىن، گەپنى ئەگىتىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن:

— سىز بۈگۈن بىر خەنزۇ ھەدە تېپىۋالدىڭىز، بۈگۈنكى كۈن بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشاللىق بىر كۈن، كېلىڭ، مەن سىزنى چىرايلىق ياساپ قوياي، — دېدى.

— ھەمرا سادىقنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى. ئۇ، سادىققا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

سادىق ئۆيدىن داس، سوپۇن، تاغاق، سۈزگۈچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقتى، ئالدى بىلەن ھەمرانىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويدى، ئاندىن كېيىن چاچلىرىنىڭ چىگىشلىرىنى چىقىرىپ ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. كېيىن ئۆيگە كىرىپ چامادانىدىن بىر ئەتلەس كۆڭلەكنى ئەپچىقىپ، ھەمراغا كىيگۈزدى. شۇندىن كېيىن قولىدىكى ئەينەكنى ھەمراغا سۇنۇپ:

— قارىڭا، يېڭى توي قىلغان قىزغا ئوخشاپ قالدىڭىز، — دېدى.

ھەمرا ئەينەككە قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيد
بولدى. ئۇ سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ:
— مەن تېخى ئۆزۈمنى جىنىغا ئوخشاپ قالدىممىكىن
دەپتىمەن، — دېدى.
— سىز تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپ بارىسىز، ئەگەر سىزنى ۋاڭ
يوخۋا ھەدىڭىز كۆرسە، مېنىڭ ئۇيغۇر سىڭلىم بەك چىرايلىقكەن،
دەپ خۇش بولىدۇ، — دېدى سادىق كۈلۈپ تۇرۇپ.
— نەچچە يىلدىن بېرى سىزنى بەكمۇ ئاۋارە قىلىۋەتتىم، —
دېدى ھەمرا كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، سىز مېنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىم،
مەنمۇ سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىڭىز، بىز مەڭگۈلۈك ھەمرا...
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلار ۋاڭ يوخۋاغا خەت يازماقچى
بولدى. كەچ كىردى. باللار شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سادىق
قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ، خەت يېزىشقا تەييارلاندى.
— ھە، سىز ئېيتىپ بېرىڭ، مەن يازاي! — دېدى سادىق
ھەمرانىڭ كۆزىگە قاراپ.
— سەل توختاپ تۇرۇڭ، ئويلىنىۋالاي، بۇ خەتنى چوقۇم ياخشى
يېزىش كېرەك، — دېدى ھەمرا.
ھەمرا تورۇسقا قاراپ جىم ياتاتتى. بوغدا تېغىدىكى ھېلىقى
بۇلاق يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇلاقتا بىر مۇلايىم چىراي
پەيدا بولدى. ھەمرا شۇ چىرايغا قاراپ ئۆز قەلبىدىكىلەرنى
تۆكمەكچى بولدى:

"سۆيۈملۈك يوخۋا ھەدە:

يولدۇشۇم سادىقنىڭ ئەھۋالىنى گېزىتتىن ئوقۇپسىز، ئون نەچچە

يىلدىن بۇيان، ئۇ مەن ئۈچۈن ئۇرغۇن ئازاب ۋە جاپالارنى چەكتى، مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن تەشەككۇر ئېيتىمەن. ئۇزاققى يىل قىشنىڭ بىر كۈنى، ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ، تاماقنى ئېتىپ بولۇپ، كىر يۇيۇشقا باشلىدى، ئۇ كىر يۇيۇۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولغانىدى. شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتىم، سادىقنىڭ مەن ئۈچۈن شۇنچە جاپا چېكىۋاتقانلىقى مېنىڭ كۆڭلۈمنى بەكمۇ بىئارام قىلدى. ئەگەر مەن يەنىلا مۇشۇنداق يېرىم جان ھالەتتە ياشاۋەرسەم، سادىق تېخىمۇ كۆپ جاپا تارتىشى، مەن ئۈچۈن قىينىلىپ تۈگىشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن تېزرەك ئۇ دۇنياغا كېتىشىم كېرەك دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدىم.

«ئىشچىلار گېزىتى»دە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز توغۇلۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بىزگە نۇرغۇن خەت كەلدى. بۇرۇن مەن پەقەتلا مۇشۇ كىچىككىنە ئۆيدە ياشاۋاتىمەن دەپلا ئويلاپتى-كەنمەن، شۇڭا ئېچىم پۇشۇپ، ئۆزۈمنى يەككە-يېگانە ھېس قىلىپ، يورۇق دۇنيادىن ۋازكېچىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن خەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، مېنى ئويلايدىغان، ماڭا غەمخورلۇق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممە يەردە بارلىقىنى ئۇقتۇم. مەن كىچىككىنە ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئەمەس، بىر مىليارد خەلقنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

سۆيۈملۈك ھەدە، سىلەرنىڭ خېتىڭلار ماڭا روھىي ئوزۇق بولدى. مەن كېرەكسىز ئەمەسكەنمەن، ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىم مۇمكىن ئىكەن. سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇپ، ھاياتقا قايتىدىن مۇھەببەت باغلىدىم.

يوخوا ھەدە، بىزنىڭ زاۋۇتنىڭ پارتىيە تەشكىلى ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. تۇرپانغا بېرىپ قۇمغا كۆمۈلۈشۈم ئۈچۈن مەخسۇس بىر ماشىنا ئاجرىتىپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىنىمۇ كۆرۈپ باقارمىز. كېسىلىم

ساقايسىغۇ ياخشى، ساقايمىسىمۇ ئانچە قايغۇرۇپ كەتمەيمەن. ياشـ
ئاققۇزمايمەن.

ھەدە، سىز مەن ئۈچۈن كۆپ ئاۋارە بولۇپسىز، سىزگە قانداق
رەھمەت ئېيتسام بولار؟ ئاۋادا شىجياجۋاڭدىكى دوختۇرخانىدا داۋالىنىش
پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەم بەكمۇ ياخشى بولاتتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدى
لىنىپ سىز بىلەن كۆرۈشۈۋالغان بولاتتىم، ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ ـ
دەريالىرىنىمۇ كۆرۈۋالغان بولاتتىم. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئۆلسەمـ
ئارمىنىم قالمايتتى.

خەير ـ خوش، ئامان بولۇڭ!

ھۆرمەت بىلەن:

شىنجاڭ × × زاۋۇتى

ھەمرادىن".

خەت يېزىلىپ بولدى. سادىق خەتنى كونۋېرتقا سېلىۋاتقاندا،
ھەمرا ئۈنىڭدىن ئۈتۈنۈش ئاھاڭىدا سورىدى:

— سادىق، مەن ناخشا ئېيتمىغىلى خېلى ئۇزاق يىللار بولۇپ
قالدى، ئۇنتۇپ قالدىممىكىن، ئېيتىپ باقايمۇ؟

— ھە، ناخشا ئېيتقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ ئېيتىڭ، مەن دۇتار
چېلىپ بېرىمەن! — دېدى سادىق ۋە ئۇزاق يىللاردىن بېرى تامدا
ئېسىقلىق تۇرغان دۇتارنى ئېلىپ، ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى
سۈرتتى، ئاندىن كېيىن تارنى تەڭشەپ چېلىشقا باشلىدى. مۇڭلۇق
دۇتار ئاۋازى ھەمرانىڭ قەلبىدىكى غەزەللەرنى سۇغۇرۇپ چىقتى:

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم
بىر جان ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم
قۇربان ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

. . . . . . . . . . . .

مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئەتراپتىكى قولۇم-قوشنىلارنى ھەيران قالدۇردى. "ۋاھ، ھەمرا ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ" دېيىشىپ، بىرمۇنچە كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى، ئۆيىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولدى. سادىق دۇتارنى چېلىۋەردى، ھەمرانىڭ ناخشىسى تېخىمۇ ياڭراپ كەتتى، ئۆيگە يىغىلغان كىشىلەرمۇ ھەمراغا جور بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى...

تۈن يېرىم بولغاندا، ھەمرا تۇيۇقسىز "ھەدە، ھەدە!" دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. سادىقمۇ ئويغىنىپ چىراغنى ياقتى.

— چۈشۈمدە مەن ۋاي يۇخۇا ھەدەمنى كۆرۈپتىمەن، ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەنمىش. مەن ئۇنى بازارغا، باغچىغا ئاپىرىپ ئويناتقانمىشمەن، — دېدى ھەمرا.

— ياخشى چۈش كۆرۈپسىز. ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشقۇدەك، — دېدى سادىق.

— سادىق، ھېلىقى خەتنى ماڭا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بېرىڭا! — دېدى ھەمرا.

سادىق خەتنى ياستۇقنىڭ تېگىدىن ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ھەمرا يەنە بوغدا چوققىسىدىكى سۈزۈك بۇلاقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇلاقنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان سەممى، سۆيۈملۈك چىرايلار كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەمراغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى...

# قوغۇن پىشقاندا

— دادا، ئاپام تازا ئوخشىتىپ لەغمەن ئېتىۋاتىدۇ. چاپ
بېرىپ يەۋالسىلا، قوغۇنلۇققا مەن قاراپ تۇراي! — تېخى چ
بولمايلا پاتىگۇل قوغۇنلۇققا كېلىپ، تازا شىرنە بولۇپ پى
كەتكەن قوغۇنلارنى تاللاپ ئۈزۈپ، چۆنەك بېشىغا ئەپچىقىۋات
دادىسى سايىم ئاخۇننى چاقىردى.

سايىم ئاخۇن لەغمەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قورسىقى ئاچقاند
قىلدىيۇ، بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇ تازا غ
تارتىپ سوزۇلۇپ ياتقان پەلەكلەرنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ، يەنە ب
چۆنەكنىڭ قوغۇنلىرىنى ئۈزۈپ بولۇپ، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھە، بالام، ھازىر بىرنەرسە دېگەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىد
پاتىگۇلدىن.

— ھە، ئاپام ئاش سوزۇپ قالدى. چاپسان كەلسۇن دەيد
دەيمەن! — پاتىگۇل قېيدىغاندەك قىلىپ جاۋاب بەردى.

— ھە، شۇنداقمۇ؟ ئاپاڭ بۈگۈن بەكلا ئاكتىپقۇ؟ چۈش بولا
بولماي ئاشنى پىشۇرۇپ بوپتىغۇ؟ لەغمەننى سەن سوزدۇڭمۇ، ئاپ
سوزدىمۇ؟ — سايىم ئاخۇن ئەجەبلەنگەندەك قىلىپ يەنە سورىدى.

— بۈگۈن لەغمەننى ئاپام ئۆز قولى بىلەن سوزدى، ئۆزىن
چىچەندەك ئىنچىكە قىلىپ بەكلا ئوخشىتىۋەتتى، — دېدى پاتىگۇل.

— ماقۇل بالام، ئاشۇ چاچتەك قىلىپ سوزغان ئاپاڭنىڭ لەغمىنى

بىر يەۋېتىپ كېلەي! — سايىم ئاخۇن چۆنەكلەرنىڭ قاش - قاشلىرىغا قاتار تىزىپ قويغان تورلىشىپ سارغىيىپ پىشقان قوغۇنلارنى ئارىلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— ھەي، دادىسى، چاپسان ماڭسىلا دەيمەن! ئاشنى پىشۇرۇپ قويغىلى نەۋاخ! — دېدى ئايسىخان تاقەتسىزلەنگەن ھالدا يىراقتىن كېلىۋاتقان ئېرىنى كۆرۈپ.

سايىم ئاخۇن تېخى ئۇششاق ئالدىغا كېلە-كەلمەيلا، ئايسىخان ئالدىغا چۈشۈپ قالغان ئىككى تال ئۇزۇن چېچىنى كەينىگە تاشلىۋېتىپ، ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۈستىبېشىدىكى چاڭ-توزانلارنى قېقىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، باراڭ ئاستىدا تۇرغان ئۇشۇرىقنى قولىغا ئالدى-دە، ئېرىنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇشقا باشلىدى.

سايىم ئاخۇن ئۆيگە كىرىپ كاڭدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئايسىخان نېمىشقىدۇ ئۆينىڭ ئىچىدە تىنەپلا كەتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئېرىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، بىر تەخسە لەغمەننى ئەكەلدى. لەغمەن سېيىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى سايىم ئاخۇننىڭ ئىشتىيىنى ئېچىۋەتتى.

— ۋاي ئاپىسى، ئاشنى مۇنداقمۇ جىق سالامدىغان، سالغان ئېشىڭنىڭ ئېگىزلىكىدىن جامالىڭنىمۇ كۆرەلمەي قېلىۋاتىمەن! — سايىم ئاخۇن تەخسىدىكى چوخچا سېلىنغان ئاشقا قاراپ، خوتۇنىغا چاقچاق قىلدى.

— ئاران تۆت پىلتە ئاش بۇ، چاققان ئىسسىقىدا يەۋالسىلا، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەندۇ؟ ئەكەلسىلە، سىركە قۇيۇپ بېرەي، ماۋۇ ھازىر ئەتكەن لازىجاڭ، ئازراق سەپ قويايمۇ؟ — دېدى

ئايسخان كۆلۈمسىرەپ:

"بۇ خوتۇنغا بۈگۈن نېمە بولدى؟ ھېچقاچان قىلمايدىغا قىلىقلارنى قىلىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ قوغۇنلىرىمىزنىڭ ئوخشا كەتكەنلىكىدىنمۇ ياكى..." سايىم ئاخۇن لەغمەننى يېگەچ ئاشۇلار ئويلىدى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھە، ئاپسى، بۈگۈن نېمە بولدۇڭلار؟ كېچە ئالتۇن چۆشە قالدىڭلىمۇيە؟ — دەپ چاقچاق ئارىلاش سورىدى.

— ھەئە، ھېلىغۇ ئالتۇنكەن، ھەر يامبۇلارمۇ بار تېخى، — دەپ جاۋاب بەردى ئايسخان.

— قېنى ئۇ ئالتۇن-يامبۇلار؟

— ھەي دادىسى، ئېگىز ئادەم ئەخمەق بولىدۇ دېگەندەك، ش ئېگىز بويلىرىڭغا نېمە دەي! قوغۇنلۇقتىكى ھەر ئالتۇن-يامبۇلارنى ساناپ قويۇپ كەلگەنلا؟ — دېدى ئايسخان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە... شۇ خۇشاللىقمۇ؟

— ھېلىقى ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىر داڭلىق ئارتىسنىڭ ئوينىغان «قوغۇن تاتلىق، دىلدا شادلىق» دېگەن ئۇسسۇلنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ بۇ ئوخشىغان قوغۇنلىرىمىزغا قاراپ كىم شادلانمايدۇ؟

سايىم ئاخۇن لەغمەننى يەپ بولۇپ، "شۈكۈر" دېگىنىچە قاڭشالىق بۇرنىنىڭ ئاستىغا خوپمۇ ياراشقان قاپقارا بۇرۇتىنى سىلاپ، ئارقىغا سۇرۇلۇپ بېرىپ زەدىۋالغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ، يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ:

— ۋاي ئاپسى، تاماكا قۇتام ئالچۇقتا قاپتۇ ئەمەسمۇ! قوشنى-لارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىرەر سىقىم موخوركا تېپىپ چىققىنا! — دېدى تازا خۇمارى تۇتۇپ.

www.uyghurkitap.com

— ۋاي - ۋۇي، قۇرۇپ كەتسۇن بۇ ئېسىم، ئۇنتۇپ قالغىنىمنى تېخى! موخوركا دېگەن خالتىسى بىلەن، ئۇنىدىن باشقا تېخى ساقا دەمدۇ، ياقا دەمدۇ، ھېلىقى ئىچىدىغانلىرىڭمۇ بار تېخى! — ئايسىخان كېپىنى تۈگەتمەيلا ئىتتىك بېرىپ تامدىكى ئويۇقنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ، لىق بىر سۇلياۋ خالتا موخوركا بىلەن بىر شىشە ساقا ھارىقىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

قىيىنچىلىق يىللاردا ھاراق تاپالماي ئىسپىرتقا سۇ قويۇپمۇ ئىچىپ باققان. كېيىنچە ھېلىقى كانايىنى كۆيدۈرۈپ كىرىپ كېتىدىغان خۇڭشۇدىن ياسىغان "ئەربا" دېگەن ھاراقلارنىمۇ ئىچىپ باققان سايىم ئاخۇننىڭ بۇ ئېسىل ھاراقنى كۆرۈپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. بىراق ئۇ تاقىلداپ تۇرغان نەپسىنى يىغىۋېلىپ:

— ھەي خوتۇن، ئۆيدە مۇنداق نەرسە يوق ئىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى خوتۇنىدىن گۇمان بىلەن.

— نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىماي، بەرگەن خۇدايىمغا شۈكۈر دەپ ئىچۋەمەملا! ھېلى دۇكانغا بېرىپ ئەكەلدىم، ئوغرىلاپ كەلگىنىم يوق!

سايىم ئاخۇن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئېچىپ، پىيالىغا يېرىم ھاراق قۇيۇپ كۆتۈرۈۋەتتى.

— دادىسى، ئازراق ئىچسىلە، چوپچوك بولۇپ قالغان قىزلىرىنىڭ ئالدىدا مەست بولۇپ قالمىسىلا يەنە!

— ۋاي خوتۇن، قاچان مەست بولغىنىمنى كۆرگىنىڭ بار؟ خاتىرجەم بول! — دېدى سايىم ئاخۇن كەينى - كەينىدىن يەنە ئىككى قېتىم ئوتلاپ.

سايىم ئاخۇننىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئايسىخان

دەرھال ئىسسىق چايدىن بىر پىيالە قويۇپ، چاقماق قەنتتىن
تالنى سالدى-دە، ئېرىگە ئىككى قوللاپ سۇنۇپ، گەپ باشلىدى
— دادىسى، قوغۇنلىرىمىز مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بىر
پىششقا باشلىدى. يىگىرمە مو يەرنىڭ قوغۇنى جۇمۇ، ئەگەر ۋاق
بىر ئامال قىلمىساق، ھەممىسى سېسىپ قوغۇنلۇقتا قالسىمۇن يە
ھەننىۋاسى يازلىق قوغۇن تۇرسا، كۈزلۈك قوغۇن بولسىغۇ مەيلى!
— ئالدىرىما خوتۇن، كۆكۈلدە سان بار، — دېدى سايىم ئاخ
كېرىلىپ تۇرۇپ: بىرنىمۇ زايە قىلمايمىز. كېچىچە خەقلەرگە
تۇتۇشۇپ بېرىمەن دەپ سەل چارچاپ قاپتىمەن، ئۈگىدەك بېسى
تىدۇ، كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي، ئاندىن دۆيجاڭنى باشلا
كېلىمەن!
— نېمە، دۆيجاڭنى باشلاپ كېلىمەن؟! دۆيجاڭنى نېمە قىلما
بارات ئاخۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىلامۇ؟ بۇ يىگىرمە مو يەرنى بىز
ھۆددىلەپ بەرگەنىكەن، نېمە قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى
ئۆزىمىزدە ئېشەك ھارۋىسى بار، بارات ئاخۇندا ماشىنا بار، قاندا
قىلساق ئۆزىمىز يېتىشىمىز ئەمەسمۇ؟
"ھە... گەپ بۇ يەردە ئىكەن-دە، باياتىن قايناتقان ئۇستىخانن
شورپىسى ئەمدى چىقىۋاتىمامدۇ! بارات ئاخۇنۇڭنى كىم بىلمەيد
ئالدىنقى يىلى ئۇ كېرەكتىن چىققان بىر ماشىنىنى سېتىۋېلىپ ئاز
تولا رېمونت قىلىپلا، خەقلەرنىڭ نەرسىلىرىنى توشۇپ بېرىم
دەپ، ئەمەتنىڭ بۆكىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ، قاقتى-سوقتى قىل
كىملەرنى ئەخمەق قىلمىدى؟ بولتۇر يىگىرمە مو يەرنىڭ سەكك
ماشىنا قوغۇننى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ بېرىمەن دەپ، بىزنىڭ
بۆكىمىزگە جىگدە سېلىپ، ماشىنا كىراسى، بېنزىن پۇلى، ي

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشۋا تورپېكىتى

ھەققى، باج تۆلىدىم، ئۇ پۇل-بۇ پۇل دەپ قولىمىزغا قانچىلىك پۇل بەردى؟ كەلگەن بەرىكەتنى بورانغا سورىۋەتكەن شۇ ئەمەسمۇ؟ خەقلەر بىزگە ئوخشاش يىگىرمە مو يەرنىڭ قوغۇنىنى ھۆكۈمەتنىڭ مىلىچمال سېتىۋېلىش پونكىتىغا دۈك ئۆتكۈزۈپ، بىر ماشىنىسىنى تۆت يۈز يۈەندىن بەش يۈز يۈەنگىچە نەق ساتتى، بىز يەنە شۇ كاززاپنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشەمدۇق؟" سايىم ئاخۇن شۇلارنى ئويلىدى-دە، جىددىي ھالدا خوتۇنىغا قاراپ:

— ھە، خوتۇن، بۇ يىلمۇ ئاينى سۈنىڭ ئىچىدىن سۈزەي دەۋاتامسەن؟ بۇلتۇرقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى.

— ۋاي دادىسى، ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن ئاپتاپلاردا قاق سېلىپ ئولتۇرۇپ بىردىن-بىردىن جىگلاپ ساتىدۇ، كېچىلىرى يامغۇر-جۇدۇنلاردا قاراپ ياتىدۇ، بۇلارنى ئاسانمىكىن دەمدىلا؟ كىرا ھەققىنىلا بەرگەنگە كىم ماقۇل دەيدۇ بۇ كەمدە؟ ئاز-تولا پايدا كۆرمىسە بولامدۇ؟

— ھاراقنى مەن ئىچسەم سەن مەست بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا يەنە بارات ئاخۇننىڭ ئالدام خالتىسىغا موكىلا چۈشكەن ئوخشىمامسەن؟ بارات ئاخۇن بۇلتۇرغۇ بىر كىيىملىك شىپۇن دۇخاۋنى ئالدىڭغا تاشلاپ قويۇۋىدى، خۇدۇڭنى يوقىتىپلا قويدۇڭ. بۇ يىلچۇ؟ ئىككى كۆڭلەكلىك شىپۇن دۇخاۋا ئەكىلىپ بېرەي دەمدۇ يا؟ بولدى، ھېلىغۇ شىپۇن دۇخاۋا ئىكەن، ئۇن گەزلىك خوتەن گىلىمى دېسىمۇ ئەمدى ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىمايمىز، — دېدى سايىم ئاخۇن تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ.

— بارات ئاخۇن ھېلى كېلىپ ماڭا بۇ يىل مۇشۇ قوغۇنۇڭلارنى ئاز دېگەندە بەش مىڭ يۈەن قىلىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە بەردى.

بۇ يىل بۇلتۇرقىدەك قىلمايدۇ.
— ھەي ئەخمەق، سېنىڭ راستتىنلا چېچىڭ ئۇزۇن، ئەقل
قىسقا ئىكەن. ئۇ بۇلتۇرمۇ مۇشۇنداق ۋەدە بەرگەنتۇ! — سا
ئاخۇننىڭ كۆزى بىردىنلا خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يېڭىدىن سېلىنغ
ئالتۇن يىگىنىگە* چۈشتى، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بېشى
لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەي ئەخمەق خوتۇن، ب
بارات ئاخۇن يەنە كېلىپ گېلىڭنى مايلاپتۇ-دە! بۇلتۇر قوغۇن
بازارغا ئەكىرمەي تارانچى، يامانسۇلارغا ئاپىرىپ ئىشچىلارغا دۆلە
باھاسىدىن بىر يېرىم ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىپ تەگمۇتە
پايدا كۆرگەن گەپ. بۇلار خېلى بۇرۇنلا قۇلىقىمغا يەتكەن. بىر ا
بارات ئاخۇن سېنىڭ ئىنىڭ بولغاچقىلا، مەن بۇلارنى يۈزۈڭ
سالمىغان، بىلدىڭمۇ؟!
— بۇ گەپلەرمۇ مېنىڭ قۇلىقىمغا ئاز-تولا كىرگەن. بارا
ئاخۇندىن سورىسام ھەممىسى يالغان گەپ، خەقلەرنىڭ تېپىۋالغا
پىتنە-ئىغۋاسى، مەن ئۆز قېرىندىشىمنىمۇ ئەخمەق قىلامدىم
دەيدۇ، — دېدى ئايسىخان قۇلىقىدىكى ئالتۇن يىگىنىنى سە
يوشۇرغاندەك قىلىپ.
— دادا، دادا...، — شۇ ئەسنادا ئىشىكتىن پاتىگۈلنىڭ ئاۋاز
ئاڭلاندى. ئۇ قويۇندەك يۈگۈرۈپ مۇجۇقتىن ئاتلاپ كىرىپ كەلدى
ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بۇ قىزنىڭ ئىككى مەڭزى خۇددى
قىزىل ئالمىدەك قىزارغانىدى، — بارات ئاكام ماشىنىنى ھەيدەپ قوغۇن
لىۋۇقا كەلدى، ئۈزۈپ قويغان قوغۇنلارنى قاچىلاي دەۋاتىدۇ! — دېدى

---

* يىگىنە — ھالقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئۇ جىددىيلىك بىلەن.

"ھە... بۇ ھىيلىگەر تۈلكە راستتىنلا كەپتۇ-دە! ھاراق، تاماكا، خوتۇننىڭ قۇلىقىدىكى يىگىنە..." سايىم ئاخۇن ھەممىنى چۈشەندى ئۇ ئىتتىك كاڭدىن چۈشۈپ سىرتقا ماڭدى.

— ھەي، دادىسى! توختىسىلا، گېپىم بار دەيمەن! ھەي دادىسى! — ئايىشىخان ئالدىرىغان ھالدا بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماستىن ئېرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ مېڭىپ كەتتى.

سايىم ئاخۇن خوتۇنىنىڭ ۋارقىرىغىنىغا پىسەنت قىلماي كېتىۋەردى. پاتىگۈلمۇ دادىسىنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى، سايىم ئاخۇن تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھە قىزىم، سېنىڭچە بۇ قوغۇنلارنى قانداق قىلساق بولار؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭچە بۇ يىل بارات ئاكامنى ئارىلاشتۇرمايلى. ئۇ شەخسىي مەنپەئەتكە كەلگەندە تۇغقانىنىمۇ تونۇمايدىغان ئادەمكەن. ئۇ بولتۇر بىزنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇ ئىچكۈزمەي ئەكىلىپ، بىزنى تازا ئوڭدا قويدىغۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئايىشىخان ھاسىراپ-ھۆمىدەپ پاتىگۈلگە ئاران يېتىشىپ:

— ھەي باشباشتاق، سەن نېمىنى بىلىسەن؟ چوڭ-كىچىك دېگەننى بىلەمسەن؟ بەكلا ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىپسەنغۇ؟ بۇندىن كېيىن چوڭلارنى چىشلەپ تارتقۇچى بولما! — دېدى ئاچچىقلانغان ھالدا قوللىرىنى شىلتىپ.

سايىم ئاخۇن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك پاتىگۈلگە قاراپ يەنە

سورىدى:

— بارات ئاخۇن بولمىسا، كىم بولار؟

— ئۇلارنى سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بارات ئاخـ بولىدۇ. ئۇ دېگەن مېنىڭ ئىنىم. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن! ھايانكەشلىك قىلغان بولسا بىزنىڭ نېمە كارىمىز، بىزگە قىلمـ بولدىغۇ؟ — دېدى ئايىسخان گەپنى تارتىۋېلىپ.

— مېنىڭچە دادا، بۇ يىل قوغۇننى ھۆكۈمەتنىڭ مېۋە سېتىۋېلىـ پونكىتىغا ئۆتكۈزەيلى. بۇنداقتا ئۆزىمىزگىمۇ پايدا، دۆلەتكـ پايدا، — دېدى پاتىگۈل.

— ئۇنداق بولسا يۈگۈر قىزىم، دۈيجاڭنى چاقىرىپ كەل! — دېدى سايىم ئاخۇن خۇددى خوتۇنىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك

— نەگە بارىسەن، جىم تۇر جايىڭدا! — ئايىسخان ئىتتىك بېر قىزىنىڭ قولىدىن تۇتىمەن دەپ يولىنىڭ چېتىدىكى چۆپلەرگـ تېيىلىپ، ئېرىققا دۈم چۈشكىلى تاسلا قالغانىدى، سايىم ئاخۇ ئىتتىك كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى!

— ھەي خوتۇن، تولا كاجلىق قىلما! ھېلى تۇتۇۋالمىغا بولسام ئېرىققا دۈم چۈشەتتىڭ. يەنە مۇشۇنداق كاجلىق قىلىۋەرسە دەرياغىمۇ دۈم چۈشسەن جۇمۇ! نېرى تۇر، دۈيجاڭنى چاقىرـ كەلسۇن، — دېدى ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ.

ئايىسخان سەل تۇرغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ بېرـ ئېرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— ياق، بۇ قوغۇندا مېنىڭمۇ ھەققىم بار. ئەتىيازدىن بېرى بۇ يۇلۇپ قوغۇننىڭ تېگىگە كۆمگەن كىم؟ ئەگەر بۇ قېتىم مېنـ گېپىمنى ئاڭلىمىسلا زادى قويۇپ بەرمەيمەن!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

سايىم ئاخۇن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، چۈنكى ئۇ خوتۇنى بىلەن تەڭ بولۇشنى خالىمايتتى. ئۇ كانىيىنى تېخىمۇ چىڭ بوغۇشقا تۇرغان ئايالىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— ھە خوتۇن، بوغۇپ باقە قېنى! مەنمۇ ھېسامىدەك تۇرۇپ بېرەي، مۇشۇ بوغۇشۇڭدا قانچە سوپۇرگە چىقىرالايسەنكىن! — دېدى.

— ھېساملىرىنى قويسىلا، قويۇپ بەرمەيمەن دېگەندىكىن قويۇپ بەرمەيمەن! — دېدى ئايىسخان تېخىمۇ جاھىللىق بىلەن.

— قويۇپ بەر دەيمەن، خوتۇن ياخشىلىقچە قويۇپ بەر! ھازىر ھاراق ئىچكىنىمنى بىلسەڭغۇ! ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ قولىمۇ مەستكە لايىق بولىدۇ، جۇمۇ!

بۇنى كۆرگەن پاتىگۈل قورقىنىدىن يىغلىۋېتىپ بىردەمدىلا دۈيجاڭنى چاقىرىپ كەلدى.

— بۇ نېمە گەپ؟! مەن بايىلا كېلەي دېگەنىدىم. يان ئېرىقتىكى ئاۋۇت ئاخۇننىڭ قوغۇنلىرىنى كاندىن كەلگەن ماشىنىغا ئۆتكۈزىمىز دەپ قولۇم بوشىماي قالدى. ھە، نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدى دۈيجاڭ يىراقتىن كېلىۋېتىپ، قولىدىكى چىغ قالپاق بىلەن يۈزلىرىنى يەلپۈگەچ.

ئايىسخان دۈيجاڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال قولىنى ئېرىنىڭ ياقىسىدىن بوشىتىپ بېشىدىكى ياغلىقنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنى توساپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى. سايىم ئاخۇن پۈرلىشىپ كەتكەن ياقىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئۆز جايىدا سوزۇلساراپ ئولتۇردى-دە، كۈلۈمسىرىگىنىچە تاماكىسىنى ئورىدى.

— سايىم ئاخۇن نېمە ئىش بولدى؟ بۇنداق ياقا سىقىشسىلا سەت

ئەمەسمۇ؟ ھەل قىلالمىغۇدەك ئىشلار بولسا بىزمۇ ياردەملىشەي
ھەرقانداق ئىش بولسا دۆيمۇ قاراپ تۇرمايدۇ، — دېدى دۆيجاڭ

— ھە، دۆيجاڭ! ياخشى كۆڭۈللىرىڭگە رەھمەت، — ئايس
تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ گەپ ئاچتى، — يىگىرمە مو يەرنى
قوغۇنى پىشىپ سىپسېرىپ كېتەي دەۋاتقىنىنى كۆزلىرى كۆرمەيۋاتام
بۇ دېگەن بىزنىڭ بىر يىللىق ئەمگەك تەرىمىز!

— ئايسخان ئاچا، دوق قىلماي تۈزۈك گەپ قىلسىلا، — دې
دۆيجاڭ قولىدىكى موخوركىسىنىڭ تۈۋىنىنى تىلى بىلەن ھۆل قىل
يەملىشىپ، — ئەتىگەن چايدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قوغۇنلۇققا كېل
ئەھۋالنى كۆردۈم. قوغۇنلار ۋايىغا يېتىپ پىشىپتۇ. مۇنچىزا قوغۇن
بىر تەرەپ قىلماق تەس. شۇڭا دۆينىڭ تراكتورىنى ئۇقۇش
قويدۇم. ئۇلار ئالدىغان ئورۇنغا توشۇپ بەرسۇن.

— ھۆددىلىگەن يەرگە ئۆزلە نېمە ئانچە غەمخورلۇق قىل
كەتتىلە؟ ھېلىمۇ ئۆزىمىز بىر سايان قىلغىلىۋاتىمىز. بۇنىڭغا
قېرىندىشىمىز ياردەملەشمەكچى بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئايسخ
بۇرۇنلىرىنى خىڭىلدىتىپ تۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە غەمخورلۇق قىلىمىز دېسىلە، چۈنكى بىز ئەزەلد
بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلىپ، يار-يۆلەكتە بولۇۋاتقان كىشىل
ھازىر يەرلەرنىڭ ھۆددىگە بېرىلگەنلىكى پەقەتلا ئەزالارنى
ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ھالال مېھنەت
تەرىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگىن دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە كېلى
پارتىيە ھەربىر ئائىلىنىڭ بېيىشىنى قوللاۋاتىدۇ. شۇنداق ئىك
ئالتە ئاي يازدىن ئىشلىگەن قان-تەرنى باشقىلارنىڭ قول
تۇتقۇزۇپ قويساق، باشقىلار پايدا ئېلىپ، بىز زىيان تارت

بولامدۇ؟ ــ دېدى دۈيجاڭ سەۋرچانلىق بىلەن.

ــ ھە شۇنى دېمەمدىغان. خوتۇن خەق دېگەن بۇ داۋۇلىنى چۈشەنمەيدىغان چېغى، ــ دېدى سايىم ئاخۇن دۈيجاڭنىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىۋېتىپ.

ــ قانداقلا بولمىسۇن بارات ئاخۇننى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمايلى، ــ دۈيجاڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئايىسخان ئاچا، ئۆزلە خاپا بولمىسىلا، بارات ئاخۇن نەچچە يىلدىن بېرى خەقلەرنى تولا قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى ھەرقايسىلىرىغا ئاز زىيان سالمىدى. ئۆزى بولسا جىق پايدا تاپتى. بۇ يىل يەنە ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويسىلا قانداق بولار؟ بىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆپرەك بېيىۋېلىشلىرىنى ئويلايمىز. ئەڭ ياخشىسى قوغۇننى ھۆكۈمەتكە سېتىپ بېرەيلى.

ــ شۇ ئەمەسمۇ! نەچچە يىللار ئىلگىرى بىر تال توك خەمەك ئۈچۈن قانچىلىك زارلاندۇق. مۇشۇنچىلىك كۈنگە ئۇلاشقىنىمىزغا شۈكۈر قىلساق بولار. قازاندا گۆش بولمىسا، چۆمۈچكە نېمە چىقىدۇ. بىز ھۆكۈمىتىمىزنى يۆلىسەك، ھۆكۈمىتىمىزمۇ بىزنى يۆلەيدۇ. ھۆكۈمىتىمىز باي بولسا، شەخسلەرمۇ سەمىرىمىز ئەمەسمۇ! مەن بۇرۇنلا قوغۇنلارنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشنى ئويلىغان، ــ دېدى سايىم ئاخۇن دۈيجاڭنىڭ گېپىنى قوللاپ.

ئۇلار ئەمدى قوغۇنلۇققا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

ئايىسخان ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە رازى بولمىسىمۇ دېمىنى چىقىرالماي قالدى.

سايىم ئاخۇننىڭ قارىسىنى كۆرۈپ بارات ئاخۇن ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يانچۇقىدىن پىلىتىرلىق پاپىروسنى چىقىرىپ،

سايىم ئاخۇنغا بىر تالنى سۇندى:
— سايىم ئاخۇن ئاكا، ھېلى ئۆيىگە بارسام ئۆزلە يوق ئىكەن
ئاچام بىلەن پاراڭلىشىپ، ئاچامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىز بۇ يەر
كەلگەندۇق...
سايىم ئاخۇن بارات ئاخۇنغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ
سۇنغان تاماكىسىنىمۇ ئالماي، ئۇدۇل بېرىپ قوغۇنلۇقتا ماشىن
قوغۇن قاچىلاۋاتقان يەنە ئىككى ياش بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەزە
بىلەن:
— قويۇشە قوغۇنلارنى! ماشىنىدىن چۈشەر، بۇ قوغۇن
ئاناڭلارنىڭ ھەققى بارمىدى؟ كىم سىلەرنى ماشىنىغا قاچىلا دېدى؟ —
دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئىككى ياش ئوڭايسىزلىنىپ بارات ئاخۇ
قارىدى.
— سايىم ئاخۇن ئاكا، ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن ئاچام ماقۇ
دېگەنتى، شۇڭا بىز قاچىلىدۇق، — بارات ئاخۇن سايىم ئاخۇننى
ئالدىغا كېلىپ ئۆكتەملىك قىلماقچى بولدى.
— بارات ئاخۇن، قوغۇن يېگىلىرى كەلگەن بولسا تويغۇچ
يەۋالسىلا. بالا - چاقىلىرىغا ئالغاچمۇ كەتسىلە، ئاندىن كېيىن سىلى
ئۆز يوللىرىغا ماڭسىلا بىزمۇ ئۆز ئۇقتىمىزنى قىلايلى. بۇ قوغۇنلار
ئىنىلىرىنىڭ ھەققى يوق. بىز قوغۇن تېرىغاندا ئۆزلە نەدە ئىدىل
تەييار ئاشقا قول سۇنۇشقا ئەجەب ئۇستىكەنلا - ھە؟... — دېد
سايىم ئاخۇن بارات ئاخۇنغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويۇپ.
شۇ چاغدا يىراقتىن تراكتورلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى
دۈيجاڭ بىلەن سايىم ئاخۇن قوللىرىنى پېشانىسىگە سايە قىل
يىراققا كۆز تىكمەكتە. ئايىسخان بولسا بىر بارات ئاخۇنغا، ب

www.uyghurkitap.com

ئېرىگە قاراپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيتتى، ئىككى تراكتورنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازى يېقىنلاپ كەلمەكتە. بارات ئاخۇن ئاچىسىنىڭمۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەن-گەنلىكتىن ئاستا بېرىپ ماشىنىغا بېسىپ قويغان قوغۇنلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى...



# ئېشەك ۋە چېچەك

قادىرنىڭ يېشى ئەمدىلا ئون سەككىز دىن ئېشىۋىدى، ئاتا ـ ئانىـ
ئۇنىڭ يېشىنى ئىككى ياش چوڭايتىپ، قوشنا مەھەللىدىكى دېھقا
ساۋۇت ئاخۇننىڭ ئون يەتتە ياشقا كىرگەن قىزى روزىخان بىلەن توي
قىلىپ قويدى. ساۋۇت ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە روزىخاندىن باشقا يەتتـ
بالا بولغاچقا روزىخان تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن مەكتەپ يۈزى
كۆرمەي ساۋاتسىز قالغانىدى. قادىرنىڭ ئائىلىسى بولسا ئاتا ـ
بوۋىسىدىن مىراس قالغان كەسىپ ئېشەكچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ
كەلگەچكە ھال ـ ئوقىتى خېلى ياخشى ئىدى.

قادىر گەرچە ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ،
يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن ئېشەك
بېقىشقا قىزىقماي ئىلىم ـ بىلىمگە بەكلا قىزىقاتتى. بولۇپمۇ مەھەلـ
لىدىكى قوشاقچى، بېيىتچى، ئەل ـ نەغمىچىلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ،
توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەرگە تولا بېرىپ، قوشاق قېتىش، بېيىت
ئېيتىشقا تولىمۇ ھەۋەسكار ئىدى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولغانسېرى
قوشاق قېتىشتىن ئىلگىرىلەپ، قىسقا ـ قىسقا شېئىرلارنى يېزىشقا
باشلىدى. ئۇ يىگىرمە يېشىدا بىر پارچە شېئىرىنى تەۋەككۈللىسگە
گېزىتخانىغا ئەۋەتكەنىدى. قانداقتۇر ئۇنىڭ بۇ شېئىرى تەھرىرگە
ياراپ قالغانمۇ ياكى ئۇنى بىر دېھقان ئىكەن دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ
قويۇش يۈزىسىدىنمۇ، بۇ شېئىر ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا تېخى ئون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەچچە كوي قەلەم ھەققى كەلگەندى. ئۇ شۇ خۇشاللىقىدىن ھېلىقى شېئىرنى باسقان گېزىتنى كۆتۈرۈپ، كەلگەن قەلەم ھەققىگە يېنىدىن يەنە ئون كوي پۇل قوشۇپ، نەچچە بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئاز-تولا گازىر-خاسىڭ سېتىۋېلىپ، مەھەللىدىكى تەڭتۇش، ئەل-ئاغىنىلىرىنى ئۆستەڭ بويىدىكى دەرەخلىككە ئاپىرىپ، تازا بىر مېھمان قىلغانىدى.

— ۋۈي، ئاغىنىلەر، مەن بۇرۇن ئادەملەردىنلا شائىر چىقامدىكىن دېسەم، ئېشەكلەردىنمۇ شائىر چىقىدىكەن-ھە!! — دەپ قادىرنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنى شاڭخو قىلىپ، غۇلجىلىقلارنى دوراپ "ۋە!" دەپ بوغۇق ئاۋازدا بىر ۋارقىرىۋىدى، ئاۋازى باشقا بىر ئاۋازلارغا ئوخشاپ قالدى.

قادىر بۇ شاڭخونى ئاڭلاپ، ھېلىقى خۇشاللىقىدىن، ئۇمۇ بوش كەلمەي:

— مەن سېنى ئەركەك بالىمىكىن دېسەم، بۇ ھاڭرىشىڭ بىزنىڭ ھېلىقى قۇيرۇقى كالتا مادا ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدىغۇ! — دەپ تازا كەلتۈرگەنىدى. "ۋە!" دەپ كۈلۈشكەن چۇقانلار كۆككە كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن مەھەللىدىكى چوڭ-كىچىكلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

مانا بۇ ئون نەچچە كوي قەلەم ھەققى، قادىرغا خېلى زور نام-شۆھرەت كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئابرويى پۈتۈن يېزىدا بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇندىن بۇيان، ئۇنىڭ ھېسسىياتلىرى ئۇرغۇپ ئىلھامى گويا كېچە-كۈندۈز ئېقىپ تۇگىمەيدىغان كارىز سۈيىدەك كېلىشكە باشلاپ، قولىدىكى قەلەمنى تىنىماي تەۋرىتىدىغان بولدى. كۈندۈزىمۇ يازاتتى، كېچىسىمۇ يازاتتى، ھەتتا چۈشىدىمۇ شېئىر

چۈشەيتتى.

زىمىستان قىش كۈنلىرىنىڭ قەھرىتان سوغۇق كېچىلىرىدە، ئىسسىق يوتقاننى شارت قىلىپ پۈتى بىلەن تېپىپ ئېچىۋېتىپ خۇددى سۇدىن شۇڭغۇپ چىققان بېلىقتەك، شىرەنىڭ ئالدى كېلەتتى-دە يېزىشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى ئەگمە كۆۋرۈكتەك شىرە ئۈستىگە ئېگىلىپ چۈشۈپ كېتەتتى. جىنچىراغنىڭ قارا ئىسلىرى ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ-لەيلەپ يۈرەتتى. شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان روزىخان سوغۇق شامالنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە مۇزدەك تەگكەنلىكىنى سېزىپ ئويغىنىپ:

— ھەي، يەنە نېمە بولدى؟ — دەپ سورايتتى.

— ئۈنچىدەك چىرايلىق ئىككى مىسرا شېئىر يادىمغا كەپ قالغانتى، — دەپ قويۇپ، يېزىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئوچاقنىڭ ئوتى ئاللىقاچان كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سوغۇقتىن تىترەپ، چىشلىرى جاقىلداپ كېتەتتى.

— ھەي، شۇنچە غاجاپ تۈگمەيدىغان قانداق ئىككى مىسرا ئۈنچىكەن ئۇ؟ — دەپ سوراپ قوياتتى روزىخان ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

— ھەي، چېچىكىم، ئۈنچىنى غاجىمايدۇ، يىپقا ئۆتكۈزىدۇ، ئۈنچىلەرنى يىپقا تىزىۋاتىمەن. تېزىپ بولۇپلا ياتىمەن، ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋەرگىن! — دەپ قوياتتى ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

بىرۋاقىتلاردىن كېيىن قانداقتۇر قادىرنىڭ قوللىرى بەكلا تىترەپ، خۇددى تىزىۋاتقان ئۈنچىسىنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك، قولىدىكى قەلەمنى تاشلاپلا روزىخاننىڭ ئىسسىق يوتقىنىنىڭ ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى-دە، "ھەي توك ئېشەك! ھەي، ئىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

چېچەك!“ دەپ بىر-بىرسىگە چاقچاق قىلىشاتتى.

تومۇز كېچىلىرىدە، ئەتراپتا توپ-توپ ئاچ قالغان پاشىلار خۇددى ئاشلىق ئۈچۈن نامايىش قىلىۋاتقاندەك ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. قادىر ھېچنېمىنى تۇيمىغاندەك، قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى يازاتتى.

— ھەي ئىشكىم، پاشا چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن يەنە! — دەيتتى روزىخان خۇددى پاشىلار ئۆزىنىڭ قېنىنى شوراۋاتقاندەك.

— ھەي چېچىكىم، تېرەم قېلىن، پاشىدىن قورقمايمەن! — دەپ قادىر خۇددى روزىخاننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك، پەسەنت قىلماي يېزىشنى داۋاملاشتۇراتتى. گاھى-گاھىدا چىمىدە قىلىپ قالغان يېرىگە، پاق قىلىپ بىرنى شاپىلاقلاپ قويۇپ، يەنە يازاتتى.

روزىخان ئامالسىز ئۇنىڭ ئەگمە كۆۋرۈكتەك ئېگىلگەن بېلىگە قارىغىنىچە ئورنىدا ياتاتتى. ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز ئىللىق تۇيغۇ ئۇرغۇپ، قادىرنىڭ ئېگىلگەن بەدىنى گويا راستىنلا بىر كۆۋرۈككە ئايلىنىپ قالغاندەك، كۆۋرۈكنىڭ بىر ئۇچى ئۆزى، يەنە بىر ئۇچى قادىر بولۇپ، بۇ كۆۋرۈك خۇددى ئۇلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغاندەك، قادىر خۇددى ئۆزىنى كۆۋرۈكنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە يېتىلەپ ئۆتۈپ، ئاندىن قادىر ئۆزىنى غېرىب بىلەن سەنەم ئويناپ چوڭ بولغان گۈزەل چارباغلاردىمۇ ئېسىل يەرلەرگە باشلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. روزىخان مانا شۇنداق شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ ئاستا-ئاستا مەستخۇش كۆزلىرىنى يۇمۇپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپ قالاتتى.

ئېتىزلاردا ئەمگەك قىلىۋاتقان چاغلاردىمۇ، قادىرنىڭ خىيالى قاپىيە قوغلىشىپ بىر يەرلەرگە كېتىپ قېلىپ، قولىدىكى قىلىۋاتقان

ئىشمۇ توختاپ قالاتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلەردە ئالدىراپ-تېنەپ شىرەگە كېلەتتى-دە، يەنە بىرنېمىلەرنى يازاتتى. روزىخان تاماقنى پىشۇرۇپ ئالدىغا ئەكەلگەننىمۇ تۇيمايتتى.

— ھەي ئېشكىم، ھەرقانچە ئىشچان، شاش ئېشەكمۇ، ئالدىغا ھەلەپ كەلگەندە قەدىمىنى توختىدىغۇ! قورساق ئاچمىدىمۇ؟

— دەيتتى روزىخان ئاچچىقى بىلەن.

قادىر:

— ھەي چېچىكىم، بۇ ئېچىلغان چېچەكلەرنىڭ ئېسىل پۇرىقىنى پۇراپمۇ قورسىقىم تويۇپ قېلىۋاتىدۇ، — دەپ قوياتتىيۇ، تاماقنى قولىغا ئېلىپ ئاچ قالغان بۆرىدەك سوقۇشقا باشلايتتى.

"ئېشەك" دېگەن لەقەم قادىرنىڭ بوۋىسىدىن قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەنمۇ، بۇ لەقەم خۇددى ئۆزىنىڭ فامىلىسىدەك، قادىر بونىڭدىن قىلچىمۇ ئاچچىقى كەلمەيتتى ھەم تېرىكمەيتتى، كۆڭلى يېرىمىمۇ بولمايتتى. بولۇپمۇ روزىخاننىڭ "ھەي ئېشكىم!" دەپ چاقىرىشى ئۇنىڭغا بىر خىل يېقىملىق ئاڭلانغاندەك تۇيۇلاتتى.

نەچچە يىللار ئىلگىرى يەرلەرنى كۆتۈرۈپ بەرگەن چاغلاردا، قادىرنىڭ ئائىلىسىگە يىگىرمە مو يەر بىلەن ئۈچ ئېشەك تەگكەنىدى. كېيىنچە بۇ ئۈچ ئېشەك ئۆزلىرىنىڭ ئېشەكلىرىگە قوشۇلۇپ، بىر قوتان ئېشەك بولغانىدى. قادىرنىڭ تويىدا ئاتا-ئانىسى ئۇلارغا ئايرىم قورۇ-جاي سېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ئېشەك بىلەن بىر ھارۋىنى بېرىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ جېنىنى ئۆزۈڭلار بېقىڭلار دەپ ئۆزلىرىدىن ئايرىۋەتكەنىدى. بۇ ئېشەكلەر خۇددى يېرىم ئەمگەك كۈچە-دەك ئۇلارغا بەكلا ئەسقاتاتتى. بولۇپمۇ قادىرنىڭ قولى شېئىرىيەتكە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باغلىنىپ قېلىپ، ئۆي ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا چولىسى تەگمىگەن چاغلاردا، بۇ ئىككى ئېشەك ئۇنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمايتتى.

قادىرنىڭ شېئىرىيەتكە سىڭدۈرگەن بۇ مېھنەتلىرى زايا كەتمىدى. ئۇ مەتبۇئاتلاردا كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە پارچە ئەسەر ئېلان قىلدى. بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن، ئۇ تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشكە باشلىدى.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قادىر ئايالى بىلەن ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتاتتى. تەرلەپ هاردۇقى يەتكەن ئىككىسى ئازراق ئارام ئېلىش ئۈچۈن، بىر توپ جۈجەم دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى. قادىر پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ ئەمدى مەن بۇندىن كېيىن شېئىر يازمايمەن، ــ دېدى ئۇنىڭ كۆز نۇرى روزىخانىنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ، يىراق ـ يىراقلارغا يۈگۈرۈپ، «بۇندىن كېيىن...» دېگەن گەپنى ئۇ قايتا تەكىتلەپ قويدى. روزىخان «نېمە؟» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى. قادىر:

ــ هازىر شېئىر يېزىشنىڭ ئانچە پەيزىسى قالماپتۇ، شېئىرغا كېلىدىغان پۇلمۇ ئاز، نام چىقىرىشمۇ تەسكەن. بىرەر پارچە هېكايە يازسا بىر ـ ئىككى يۈز كوي پۇل كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچى دېگەن سۆز شائىر دېگەن سۆزدىن ئۇلۇغراق ئاڭلىنىدىكەن، ــ دېدى. بىردىنلا ئۇنىڭ نەزىرىدە ئېتىزلار تېخىمۇ بىپايانلىشىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، ياپيېشىل مەخمەلدەك ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە خىلمۇخىل گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ كەتكەندەك، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىمۇ شۇنداق گۈزەللىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

قادىر ئۆزىگە تولىمۇ ئىشەنگەن ھالدا روزىخانغا قاراپ ھىجىيىپ كۈلۈپ قويدى.

روزىخان شېئىر دېگەن نېمە؟ ھېكايە دېگەن نېمە؟ يازغۇچى دېگەن نېمە؟ شائىر دېگەن نېمە؟ بۇلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغانمۇ، ئۇمۇ قادىرغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى.

دېگەندەك قادىر شېئىرنى تاشلاپ، ھېكايە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يازغان تۇنجى ھېكايىسى يازغانسېرى ئۇزىراپ، ئۆرۈك پىشىشقىدىن تاقوغۇنلار پاساك بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئاخىر ھېكايە ئەمەس ئەللىك مىڭ خەتتىن ئارتۇق پوۋېست بولۇپ ئاران قولدىن چىقتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، پۈتۈن زېھنىنى قەلەم بىلەن قەغەزگە بېغىشلىدى. روزىخانمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ تاماقنى ئېتىپ بېرىپ، ئامال بار ئىشقا سالمىدى.

قادىر مىڭ تەستە يېزىپ پۈتتۈرگەن بۇ تۇنجى زور ئەسىرىگە قاراپ، بىر قاتتىق "ئۇھ!" دېدى، پۈتۈن ھاردۇقى خۇددى بۇ ئۇھ بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەندەك، ئۆزىنى ناھايىتى يېنىك ھەم خۇش ھېس قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىنتايىن ئىشەنچلىك ھالدا بۇ ئەسىرىنى خۇددى يىپنى تارتىۋەتكەن گراناتنى ئاتقاندەك قولىدىن چىقاردى...

— مىڭ كويغا يېقىن بىرنەرسە كېلىپ قالىدۇ! — دېدى قادىر روزىخانغا ھىجىيىپ.

روزىخان لام-جىم دېمىدى، پەقەتلا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، مۇنۇلارنى ئويلىدى: "بىز دېھقان خەق ھەر كۈنى كۈن چىقماستا ئېتىزغا چىقىپ، يۇلتۇزلار بىلەن بىرگە ئۆيگە قايتىپ، قەھرىتان قىشلاردا مۇزلاپ-توڭلاپ، تومۇز ئىسسىقلاردا تەرلەپ-پىشىپ،

بوران - چاپقۇنلاردا چاڭ - توزان بېسىپ، قار - يامغۇردا مۇز پاتقاق دەسسەپ، ھېرىپ - چارچاپ، بەللەر مۈكچىيىپ، قوللار يېرىلىپ، يۈزلەر قارىداپ بىر يىل ئىشلىسەك مۇنچە پۇل قولغا لوق تېگەمدۇ-يوق؟..."

قادىر روزىخانغا قاراپ، خۇشاللىقىدىن ئۇنى تارتىپ ئەكىلىپ، باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، "چوك" قىلىپ بىرنى سۆيۈپ قويدى. قورۇنىڭ ئىشكى كەڭ ئوچۇق تۇراتتى. ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن-كەچكەن كىشىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. روزىخانىنىڭ ئىككى مەڭزى ئالمىدەك قىزىرىپ، "ھەي، ئىزا تارتمايدىغان ئېشەك" دەپ ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ئېشەك دېگەن ئىزا تارتىشنى بىلمەيدۇ، — دەپ قادىر دەرۋازا تېشىغا قاراپ، كۆزىنى قىسىپ ھىجىيىپ قويدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن، قادىرنىڭ ھېلىقى ئاتقان "گرانات"ى ئۇرۇمچىدە بىراقلا "پارتلاپ"، گەرچە ئۇ يەردە زور تەسىر كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا كىتابخانىلارنىڭ ئانچە - مۇنچە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئەمما ئۆز يېزىسىدا گويا باھاردىكى گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك ئىنتايىن زور ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، كىشىلەر ئۇنىڭغا كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئايغا قارىغاندەك ئالاھىدە كۆز سېلىپ قارايدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، قادىر بىر يازغۇچى سۈپىتى بىلەن بىر يىلدىن كېيىن شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلدى.

قادىر شەھەرگە ماگىماقچى بولغان شۇ كېچىسى، روزىخانىنىڭ پەقەتلا ئۇيقۇسى كەلمىدى.

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن چېچىكىم؟ — سورىدى قادىر ئىنتايىن

مۆلايىملىق بىلەن. روزىخان:

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردىيۇ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك قىلىپ، يوتقانىنىڭ چېتى بىلەن يۈزىنى چىڭ ئورۇۋالدى.

يېرىم يىلدىن كېيىن، روزىخانىنىڭ يېزىدا كۆزى يورۇپ، پاخلاندەك بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى.

قادىر شەھەرگە كىرىپ، مەدەنىيەت ئىدارىسىگە جايلاشتى. بۇ يەرگە ھەر يەر-ھەر جايلاردىن تاللىنىپ كەلگەن، شەھلا كۆزلىرىنى ئۇ ياق-بۇ ياقلارغا ئوينىتىپ يۈرۈيدىغان ياش-ياش گۈزەل قىز-چوكانلار كىرىپ چىقىپ يۈرەتتى. بەزىدە ئىدارىنىڭ زالىدا ناخشا-ئۇسسۇل، ئەل-نەغمىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇراتتى.

قادىرنىڭ كۆزلىرى بۇلارنى كۆرۈپ ئالاق-جالاق بولۇپ:

— پاھ، ھەقىقىي تۇرمۇش دېگەن مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ خىلمۇ-خىل گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىق پۇراقلىرىنى چېچىپ، قۇش كېپىنەكلەر ئەركىن-ئازادە ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان ھەقىقىي گۈلزارلىق دېگەن مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ ھېلىمۇ نەچچە يىلدىن بۇيان كارىزنىڭ سوغۇق سۈيىنى ئىچىپ، ئۆمرىمىزنى ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيىدەك ئۆتكۈزۈپتۇق، ئىسىت! — دەپ ئۆز-ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاستا-ئاستا چىمەنگۈل، رەيھانگۈل، تاجىگۈل ئاتلىق قىزلار بىلەن تونۇشتى. ئۇلار ئاجايىپ گىرىم قىلىپ خۇش پۇراق ئەتىرلەرنى پۇرىتىپ، ياغلىقلىرىنى ئۇچۇرۇتۇپ، قادىرنىڭ ياتىقىغا ئانچە-مۇنچە كېلىپ "قونىدىغان" بولدى

بارا-بارا قادىرنىڭ پۇشايمانغا تولغان قەلبى چوڭقۇر ھەسرەتكە چۆمۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇندىن كېيىن قادىر يېزىغا قايتىپ ئائىلىسىنى يوقلاشنى ئاستا-ئاستا ئازايتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدا روزىخاننى خۇددى سۆرەمگە سالغان ئېشەكتەك ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئاستا-ئاستا سۆرەپ، ھېرىتىپ-چارچىتىپ، ئۆزۈمدىن سەسكەندۈرىمەن، دەپ ئويلىدى.

ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمىغان روزىخان بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ، "نېمىشقا قادىر قايتىپ كەلمەيدۇ؟ ئۇ كەلمىسە مەن بارالمادىم" دەپ بالىسىنى يېتىلەپ شەھەرگە كەلدى.

— ھەي ۋاپاسىز ئېشەك، ھەرقانچە باغرىڭ تاش بولسىمۇ نەچچە يىل ياتقان ئېغىلىڭنى كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟ ئېغىلىڭنى كۆرگۈڭ كەلمىگەن بولسا بۇ تەخىيگىنى بولسىمۇ كۆرگۈڭ كەلمىدىمۇ؟ — دەپ تۇك-تۇگلا سورىغىنىدا، قادىر دەرھال:

— ھەي خوتۇن، بۇ يەردىكى ئىشىمنى سەن بىلمەيسەن! بىر مىنۇتنى ئىككىگە بۆلسەممۇ ۋاقىتنى يەتكۈزەلمەيۋاتسام، قايسى ۋاقتىمدا قايتىمەن؟ — دەپ روزىخاننىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بالىسىغىمۇ قارىماي ئالىيىپ جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ قادىر ئانا-بالا ئىككىيلەننى ئاران بىر كېچە قوندۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ قولىغا ئاز-تولا پۇل تۇتقۇزۇپ قويۇپ "بۈگۈن مەن ئىدارەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باشقا بىر شەھەرگە خىزمەتكە بارماقچى، سىلەرنى ئۇزىتىپمۇ قويالمايدىغان بولدۇم" دەپ ئالداپ-سالداپ يولغا سېلىپ قويدى.

ئاردىن بىر يىل ئۆتتى. ئىككى يىلمۇ ئۆتتى. روزىخان ھەممىنى چۈشەنگەندەك ھېس قىلىپ، ئاچچىقىغا پايلىماي بالىسىنى ئېلىپ يەنە مەدەنىيەت ئىدارىسىگە كەلدى.

— ھەي ئېشەك! راست ئېشەكمۇ ئايلىنىپ-ئايلىنىپ ئۆز ئېغىلىغا

قايتىپ كېلىدۇ، بىز ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى تاشلاپ قايسىبىر سېسىق چېچەكنى چېككەنگە قىسۋالدىڭ؟ ھەي نومۇسسىز تىكەنلىك قارا گۈللەر، ھەي، قانتى سۇنغۇر ئالا كېپىنەكلەر! بالامنىڭ دادىسىنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟! دەپ روزىخان يىغلاپ ـ قاقشاپ، مەدەنىيەت ئىدارىسىنى ئۇگتەي ـ توگتەي قىلىۋەتتى.

قادىر گەرچە نومۇس قىلغان بولسىمۇ، بىراق زورىخاننىڭ تىللىشىنى توسمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ تېخىمۇ قاتتىق تىللىشىنى، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ دەردىنى بىراقلا چىقىرىپ، شۇ بانادا ئۇنىڭدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئاجراپ كېتىشنى ئويلىدى.

بىراق، شۇ كۈندىن بۇيان، ھەر خىل ”گۈللەر“، ”ئالا كېپىنەكلەر“ قادىرنىڭ ياتقىغا كېلىپ ”قونمايدىغان“ بولدى.

بىركۈنى قادىر تامدىكى ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىنى بىر كېچىدىلا جۇدەپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتلىرىنى قاسىلدىتىپ، ئۆزىنى خۇددى ئەپسانىلەرچە كۆرسىتىپ تۇرغان ئەينەككە قاراپ:

— ئەمدى بۇ بىرنېمىنىڭ خېتىنى بەرمىسەم زادى بولمىدى! قاچانغىچە سېسىق پايتىمىنى پۇتۇمغا ئوروۋالغاندەك سۆرەپ يۈرۈيمەن؟! ئەمدى سەۋر ـ تاقەت دېگەن نەرسەممۇ قالمىدى! — دېدى ئۆزىچە. ئۇ يەنە كۆڭلىدە ”قولىغا بىر ـ ئىككى پوۋېستىنىڭ پۇلىنى تۇتقۇزۇپ، پۈتۈن ئۆيىنى تاشلاپ بەرسەم بولمىدىمۇ؟“ دەپمۇ ئويلىدى.

لېكىن قادىرنىڭ بۇ شەرتلىرىگە روزىخان لام ـ جىم دېمەي، ئىككى يىلغىچە پەقەت ئۇچۇق چىراي بەرمىدى، ئىككىنچى شەھەرگە كىرمىدى. لېكىن قادىرنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، روزىخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاچان يەنە كېلىپ مېنى ئېلىشتۇراركىن دەپ، يېگەن تامىقى ياتقان ئورنى ئىسسىماي ئۆتتى.

"ھەي، بىر ياش يازغۇچى تۇرۇپ، قالغان كۈنۈڭ مۇشۇمۇ؟" دەپ بىركۈنى سەھەردە قادىر روزىخان بىلەن ئادا- جۇدا بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۇرتىغا كەلدى.

قادىرنىڭ سەھرادىكى ئۆيى كۆزىگە كۆڭۈلسىز كۆرۈندى. شۇ كېچىسى ئۇلار خۇددى يات كىشىلەردەك بىر- بىرى بىلەن بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشمەي، بىرسى كاڭنىڭ ئۇ چېتىدە، بىرسى كاڭنىڭ بۇ چېتىدە يېتىپ، خىلمۇخىل ئوي- خىياللار بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى.

ئەتىسى قادىر سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، روزىخاننىڭ ساغرىسىغا بىرنى قېقىپ قويۇپ:

— ھەي روزىخان! مەن بۇ يەرگە روزى تۇتقىلى كەلمىدىم، ئورنىڭدىن تۇرۇپ چاي قايناتقىن، ئازراق ناشتا قىلىۋېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ رەسمىيەتنى بېجىرىۋېتىپ كېلەيلى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭ... دەپ كەينىدىكى گەپنى قىلمىدى.

روزىخان بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ يېتىپ، سەل- پەل ئويلانغاندەك قىلىپ يەنىلا گەپ- سۆز قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ چېچىنى تارىغان بولۇپ ئۇزاقلارغىچە ئولتۇردى. سۇمۇ ئەكىرمىدى، ئوچاققا ئوتمۇ ياقمىدى. بىرھازادىن كېيىن ئۇ يۈز- كۆزىنى يۇيۇپلا، بىر بوپىغا ئاز- تولا كىيىم- كېچەكلىرىنى چىگىپ، بالىسىنى يېتىلىدى- دە:

— ھەي نومۇسسىز ئېشەك! — دەپ تىللىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

قادىر نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئۇ ياق- بۇ ياققا قاراپ بېقىپ،

يەنە يوتقانغا پۈركىنىپ ياتتى. كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقىمۇ، ئۇ بىر ئازدىن كېيىنلا ئۇخلاپ قېتىپ قالدى. بىر ۋاخلاردىن كېيىن، تۈڭلۈكتىن چۈشكەن كۈچلۈك كۈن نۇرى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىشتۇرۇپ ئويغىتىۋەتتى.

ئۆينىڭ ئىچىنى خۇددى زاراتگاھلىقتا ئوخشاش جىمجىت سۈر بېسىپ تۇراتتى. قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالدى. بىراق روزىخان بىلەن بالىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

يان قورۇدىكى رازىخان ئاچا قادىرنى كۆرۈپ.

— قادىر ئاخۇن، بولدى قارىمىسىلا، روزىخان بالىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. مېڭىشىدا ماڭا "سىلىنى ئېغىلدىكى ئېشەككە ئوت - چۆپ سېلىپ بەرسۇن" دەپ جېكىلەپ قويۇپ كەتتى، — دېدىيۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ ئازراق تۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

قادىر ئامالسىز ئۆيىگە قايتىپ كىردى. ئۇنىڭ تۈنۈگۈن ئۆيىگە كېلىشتىن بۇيان ھېچقانداق نەرسە كىرمىگەن قورسىقى ھە دەپ كورۇلداپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىغاندى. قازاندا يا ئاش، چۆگۈندە يا چاي، سېۋەتتە يا نان، ھەتتا ئوچاقتا قالايدىغان ئوتتۇنمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي، قۇرۇپ كەتكەن چېچەك! — دەپ ئۇ روزىخاننى تىللاپ، ئۆيدىن چىقىپ، قورساقتا بىرنېمە يېيىش ئۈچۈن مەھەللە بازىرىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇزۇن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان كەڭ دالا ئېتىزلاردا بىر توپ گۆدەك باللار ئېشەك، قوي، كاللارنى ھەيدەپ بېقىپ يۈرەتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قادىر بۇلارغا قاراپ، بىردىنلا ۋىجدانى قايىنىغانىدەك، گويا ئۆزى كىچىكىدىن شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەندەك، سەھراغا تۇنجى قېتىم كېلىشىدەك، «ئەجەبا، بۇ باللار نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە بارماي پادا بېقىپ يۈرۈيدۇ؟ مىللىتىمىز قاچان ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ روناق تاپىدۇ؟» دېگەن سوئال كاللىسىدا پەيدا بولدى؟. ئۇ يەنە بىرنەرسە ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك، ئۆز - ئۆزىگە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

بازارغا ئاز قالغاندا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە قاراۋاتقاندەك، قادىر ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، تونۇش - بىلىش ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئىزا تارتىپ، ئاچ قورساق كەينىگە ياندى.

قادىر قايتىپ كېلىپ، قورۇنىڭ كەينىدىكى بىر كىچىك ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇردى. يانچۇقىدىن بىر پارچە كىتابنى چىقىرىپ ئوقۇماقچى بولدى. لېكىن خىيالنى پەقەتلا بىر يەرگە يىغالمىدى. كىتابتىكى خەتلەر كۆزىگە ئىمىر - چىمىر كۆرۈنەتتى. يىراقتىن گۆدەكلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان خۇش پۇراق ھىدلىرى پۇراپ تۇراتتى. يىراق - يىراقلارغا ئېقىپ ماڭغان ئۆستەڭنىڭ سۇيى گويا بىر تۈگىمەس مۇڭلۇق سەھرا كۈيىنى ئورۇنلاۋاتقاندەك رىتىملىق شارقىرايتتى. سۈزۈك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەندەك ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنەتتى. بىر خىل ساپ ھاۋا ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى...

بىرچاغدا، ئىككى ئېشەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ قادىرنىڭ ئالدىدىن چېپىشىپ ئۆتۈپ كەتتى.

«پاھ، بۇ ئېشەكلەر نېمىدېگەن ئەركىن - ھە! ئۇلار مەندىنمۇ بەختلىكمۇ نېمە!» دېگەننى ھېس قىلدى ئۇ كۆڭلىدە.

"بەخت دېگەن زادى نېمە؟ بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە كىملەر بەختلىك؟ كىملەر بەختسىز؟" دېگەندەك سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسى زىڭىلداپ ئاغرىغاندەك تۇيۇلدى. گويا پۈتۈن يېزىنىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭغا: "سەن يېزىمىزنىڭ ئەڭ بەختلىك كىشىسى، سەن بەختلىك بولماي كىم بەختلىك؟ ئىككى مىسرا شېئىرىڭ بىلەن سەھرالىقتىن شەھەرلىككە ئايلىنىپ قالدىڭ، يىل بويى تەرى قۇرىمايدىغان بىر دېھقاندىن يازغۇچىغا ئايلاندىڭ، قان ـ تەرىڭ بىلەن جان باقىدىغان كىشىدىن ھەر ئايدا تەييار مائاش ئالىدىغان كىشى بولدۇڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييار مائاشىڭدىن باشقا يازغان نەرسەڭگە يەنە قەلەم ھەققى ئالىسەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا قايسىبىرسى سەندەك تەييار نانغا ئىگە بولۇپ كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆردى؟..." دەۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

"بۇنداق سۆزلەپ كەلسىغۇ ئەلۋەتتە بەختلىك بولىمەن، بىراق ئەمەلىيەتتە مەن راست بەختلىكمۇ؟ پۈتۈن ئۆيىنى ساڭا بېرەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە نەچچە مىڭ كوي پۇل بېرەي دېسەممۇ روزىخان خېتىمنى ئالمايمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، قانداقمۇ بەختلىك بولىمەن؟ ھەققىي ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى ئىلكىمگە ئېلىپ، باغرىمغا باسالىسام ئاندىن بەختلىك بولالامدىمەن!" دەپ ئويلىدى قادىر.

ئۇ قولىدىكى ئويناپ تۇرغان بىر پارچە تاشنى چىڭ سىقىپ مىجىۋەتمەكچى بولۇۋىدى، بىراق ئۇ ھەرقانچە سىقسىمۇ تاشنى مىجەلمىدى. يۇمشاق گۆش قانداقمۇ قاتتىق تاشنى مىجەلىسۇن؟ ئەكسىچە ئۇنىڭ قولى ئاغرىپ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى.

بايىقى بىر جۈپ ئىشەك بىر ـ بىرىسىنى قوغلىشىپ، ئاخىر يەنە قادىرنىڭ ئالدىدىكى بىر ئويمانلىققا كېلىپ توختىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابى
www.uyghurkitap.com

سۇر رەڭ مادا ئېشەك بېشىنى ئېگىپ يەردىكى ئوت - چۆپلەرنى يېگەندەك قىلىپ پۇراپ - پۇراپ قوياتتىيۇ، بىرنەرسە يېمەيتتى. قارا ھاڭگا ئېشەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، يەردىكى تېزەكلەرنى خارت - خۇرت قىلىپ پۇراپ، خۇددى ناسۋال چەككەن كىشىدەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر خىل ئۈنچىكە، خىرقىراق ئاۋازدا ھاڭراشقا باشلاپ سۇر ئېشەككە ئېتىلدى.

قادىر بولارنى كۆرۈپ: "ھەي ھاياسىز ھايۋانلار!" دېدىيۇ، سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولۇۋىدى، ھېلىقى سۇر رەڭ مادا ئېشەك دەل ئۆزلىرىنىڭ ئېشىكى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەدىنى بىردىنلا شۈركۈنۈپ، خۇددى بىر چېلەك سوغۇق يۇندا بېشىغا تۆكۈلگەندەك ھېس قىلدى، ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

— ۋۇ ئاناڭنى...، — دەپ قولىدىكى ھېلىقى تاشنى تازا كۈچەپ غەزەپ بىلەن قارا ئېشەككە قارىتىپ بىر ئاتقانىتى، تاش ئۇدۇل بېرىپ قېنى تازا قىزىپ پەللىگە چىققان قارا ئېشەكنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەگدى. بىچارە قارا ئېشەك بىر ئىڭراپ پوككىدە يەرگە يىقىلىپ، ئىككى تېپىچەكلەپلا مىدىرلىماي يېتىپ قالدى.

بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن قادىر "زادى نېمە بولدى؟" دېگەندەك قىلىپ ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ھېلىقى ئۆزىنىڭ مادا ئېشىكى پۇتلىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ چاڭ - توزان چىقىرىپ، يەردە ياتقان ئەركەك ئېشەكنى چۆرىدەپ بىر خىل بوغۇق ئاۋازدا غىڭشىپ نالە قىلاتتى.

قادىر ئاخىر ئاستا مېڭىپ ئېشەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. مادا ئېشەك ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ يىراقلارغا قېچىپ كەتكەنىدى. قادىر پۇتى بىلەن يەردە ياتقان ئېشەكنى تەپتى. گەرچە ئۇنىڭ تېنى يۇمشاق

بىلىنگەن بىلەن، ئاللىقاچان جان ئۈزۈپ بولغانىدى. قادىر ب
بىچارە مەخلۇققا قاراپ، كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر خىل ئېچىنىشلى
بىئاراملىق پەيدا بولدى.

"مەن گۇناھ قىلدىم، بىر بىگۇناھ مەخلۇقنى ئۆلتۈردۈم. مەن بە
ئەقىللىق مەخلۇق تۇرۇپ، بىر ئەقىلسىز مەخلۇقنىڭ جېنىغا زامى
بولدۇم! مەن گۇناھكار..." دېگەنلەرنى ئويلىدى قادىر.

قادىر ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى بىر يۆتكەپ، ئىككى يۆتكەپ،
ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ قۇرۇق تۆت تامنىڭ ئىچىگە كىرگۈسى
كەلمەي، ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئۇزاق-ئۇزاقلارغا كۆز تاشلاپ،
خېلى ۋاقىتلارغىچە تۇردى. ئىراق روزىخان بىلەن بالىسىنىڭ قارىسىمۇ
كۆرۈنمەيتتى.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرى تېلىپ، بېشى سالپىيىپ
قالدى. يەرگە قارىغۇدەك بولۇۋىدى، تام تۈۋىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا،
بىرنەچچە تال ئېشەك تېزىكىنىڭ ئارىسىدىن، بىر تال يەككە-يېگانە
چېغىرتماق ئۆسۈپ قالغان بولۇپ ئۇنىڭ تولۇق ئېچىلغان سۆسۈن رەڭ
گۈلى قۇياش نۇرىدا سۇس زەڭگەر نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

قادىر بۇ چېغىرتماق گۈلگە قارىغانسېرى قارىغۇسى كەلدى. ئۇ
گۈل شۇنچە يۇمران، شۇنچە گۈزەل، شۇنچە نازۇك، گويا بىر تال
ساپ زەڭگەر ياقۇتتەك كۆرۈنەتتى.

قادىر بۇ گۈلگە قاراپ، خۇددى بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك
قىلىپ، يازغۇ نېرۋىلىرى ئىلھاملىنىپ، «تېزەككە سانجىلغان چېچەك»
دېگەن نامدا بىر ھېكايە يازماقچى بولدىيۇ، قەدىمىنى تېپەن
ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە قارىتىپ دۇرۇسلىدى.

1991-يىلى باھار، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ھەي، مىش-مىش پاراڭلار...

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە تېگى-تەكتىگە تولۇق يېتىپ بولغىلى بولمايدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئۇچۇپ يۈرگەن، ئېغى بىلەن بېغى يوق سۆز-چۆچەك، پىتنە-پاساتلار مىش-مىش پاراڭلار كىشىنى ئاسانلا ئوساللاشتۇرۇپ قويىدىكەن. ئەنە شۇنداق پىتنە-پاسات قۇرۇق پاراڭلارغا قالغان كىشى مەلۇم دەرىجىدە پالاكەتكە ئۇچرايدىكەن، ھەتتا ئاغزىغا كىرەي دەپ قالغان بىر پارچە لوق گۆشتىنمۇ قۇرۇق قالىدىكەن.

باشقارمىمىزدىكى ئەزىز ئاكا مانا شۇنداق پىتنە-پاساتنىڭ پالاكىتىگە يولۇقۇپ، قارا قازانغا يولۇققاندەك دەرد تارتقانلارنىڭ بىرى. ئەزىز ئاكا قابىلىيەتلىك، كەسپكە پىششىق، ئۆتكۈر، سەممىي ئادەم ئىدى. ھەرقانداق لابدۇر خوتۇننىڭ چېچىدەك چىگىش، مۇرەككەپ ئىشلار ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ھامان ئاسانلا ھەل بولۇپ كېتەتتى. رەھبەرلىكمۇ ئۇنىڭ خىزمەتلىرىدىن ئاجايىپ، رازى ئىدى. بىراق كىشىنى قانسىراتماي تىرىك ئۆلتۈرىدىغان سۆز-چۆچەك، پىتنە-پاسات، مىش-مىش پاراڭلار ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئوڭدا قويدى.

بىر كۈنى ھەممىمىز ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىشىمىز بىلەن بەند ئىدۇق، بىر چاغدا بويىغا يەتكەن پەرىشتىدەك گۈزەل بىر قىز ئەزىز ئاكىنى ئىزدەپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ قىز خۇددى سىزغان سۈرەتتەك گۈزەل بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەۋىسىنى

قىزنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويايلىمۇيا؟
— ياق، ياق، ئۇنىداق ئەمەس، شۇنداقلا سوراپ قويدۇم، —
دېدى ئەركىن قىزارغان ھالدا كۆزىنى كىشلەردىن قاچۇرۇپ.
باياتىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان سادىر ئاكا قولىدىكى گېزىتنى تاشلاپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى-دە، ئەركىننىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ئەركىننىڭ دولىسىغا يېنىك-يېنىك ئىككىنى قېقىپ قويۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن ئىنتايىن سىرلىق ھالدا گېپىنى باشلىدى.
— بۇ قىزچاقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى مەندىن سوراڭلار، مەن ئوبدان ئۇقۇمەن. ئۇ قىزچاقنى مەن ئىككى قېتىم كۆرگەن. تۇنجى قېتىم بۇندىن يېرىم ئاي ئىلگىرى كۆرگەن. بىر كۈنى كەچقۇرۇن كۆز باغلانغاندا، ئايالىم بىلەن ئاق ئۆستەڭ بويىدا سەيلە قىلىپ يۈرسەك، توساتتىن ئالدىمىزدىن بىر ئايال، بىر ئەر كىشى چىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسىلەر ھەقاچان...، — سادىر ئاكا گېپىنى توختىتىپ، يانچۇقىدىن تاماكىنى چىقىرىپ بىر تالنى تۇتاشتۇردى-دە، ھوزۇرلىنىپ شوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچىباغرىنى بىر ئايلىنىپ چىققان ئىس-تۈتەكلەر ھاۋادا ئاستا لەيلەپ-ئەگىپ يۈرمەكتە ئىدى.
— ھە، ئۇلار زادى كىم ئىكەن؟ ئادەمنىڭ ئىچىنى تىت-تىت قىلماي دەڭا سادىر ئاكا، — دېدى يەنە بىرى.
— ھە، بۇ ئىككى كىشىنى كىم دەمسىلەر؟ دەل بىزنىڭ ئەزىز بىلەن ھېلىقى گۈزەل قىزچاق ئىكەن. ئۇلار بىلەكلىرىنى بىر-بىرىگە گىرەلەشتۇرۇپ كېتىپ باراتتىكى خۇددى لەيلى-مەجنۇننىڭ ئۆزىدەك ئىدى.
— تۇۋا، تۇۋا، — بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكىلەر ياقىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرەتتى.

بىراق، ئۇ كۆڭلى ئەزىز ئاكا ئىشخانىدا يوق ئىدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئەزىز ئاكا بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەر
ھېلى كېلىدۇ، سەل كۈتۈپ تۇرۇڭ! — ئىشخانىمىزدىكى تېخ
تۆۋىلەنمىگەن، گۈزەل ھاياتنىڭ شېرىن قايناملىرىدا گويا بېلىقتە
شۇڭغۇپ يۈرگەن ئەركىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا دەرھا
ئورنىدىن تۇرۇپ قىزچاقنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— بولدى، بولدى، رەھمەت! — دېدى قىزچاق ئۆز جايىد
تۇرۇپ ئوماققىنا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، — خاپا بولماي ئېيتى
قويسىڭىز، ئىشتىن يانغاندا نۇرباغدىكى "ھىلال ئاي" رېستورانى
بېرىپ مېنى ئىزدىسە.

— سىز...

— "ھىلال ئاي" رېستورانى دېسىڭىز ئۇقىدۇ، رەھمەت سىزگە!

قىزچاق كېتىپ قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى، ئۇچىسىدىكى
يېڭى مودا كىيىملەر ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ
كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى.

— بۇ قىز زادى كىم؟ — ئەركىن ئالدى بىلەن سۆز ئاچتى.

— بەلكىم ئەزىز ئاكىنىڭ بىرەر تونۇشىدۇ، — دېدى بىرەيلەن.

— بۇ تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭلار، بۇ قىزچاق زادى كىم؟ —
دېدى ئەركىن ئىنتايىن قىزىققان ھالدا قايتىلاپ.

ئىشخانىمىزدىكى بىردىنبىر ئالتۇن گۈلىمىز — خانقىز ھەدە كۆ
قىرىنى ئەركىنگە تاشلاپ، كۈلۈمسىرەپ ئالدىرىماي سۆز ئاچتى:

— ئەركىنجان، ئەجەب ئىنچىكىلەپ سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ ئ
قىزچاققا كۆزىڭىز چۈشۈپ قالدىمۇ نېمە؟ ئەزىز ئاكىغا دەپ، ئ

سىقىشىپ، هاڭ ـ تاڭ بولۇپ كېتىشتى.

ــ هە، ئىككىنچى قېتىمچۇ؟ ــ بەزىلەر بۇ گەپلەرنىڭ داۋا
ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ سورىدى.

ــ بەلكىم ئېسىڭلاردىدۇ، ئۆلۈشكۈن چۈشتىن كېيىن ئ
ئۆيدە ئىشىم بار دەپ سائەت تۆت بولمايلا كېتىپ قالغانىدى
كۈنى مەن ئىشتىن يېنىپ تۆت كوچىدىكى چوڭ ماگىزىنغا
ئۇچۇندۇ كىرىپ قاپتىمەن. توۋا، يەنە ئۇنىڭ ماڭا ئۇچراپ قالغا
قىنى دېمەمسىلەر، ئالتۇن جابدۇق ساتىدىغان پوكەينىڭ ئالد
جىقلا پۇللارنى ساناۋاتقان ئەزىزنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىدا
گۈزەل بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى قولىغا سېلىپ، تازا دەڭ
كۆرۈۋېتىپتۇ. بۇ گۈزەلنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىمامسىلەر، د
هېلىقى قىزچاق. بۇنداق ئىشلارنى بەلكىم ئۇخلاپ چۈشۈڭلەردى
كۆرمىگەن بولغىيتتىڭلار، ــ دېدى سادىر ئاكا تېخىمۇ سىرلىق قىل
سېھىرگەرلەرچە قىياپەتكە كىرىپ.

ــ سادىر ئاكا، شۇنچىۋالا سۆزلەپ، ئۇ قىزچاقنىڭ زادى ئەز
ئاكىنىڭ نېمىسى ئىكەنلىكىنى دېمىدىڭىزغۇ؟ ــ مەن سۆز قىستۇرۇپ
كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۆز جايىمغا قايتماقچى بولغانىدا، باشقارما باشلىق
مىزنىڭ ئىشخانا بوسۇغىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

تازا پەيزى بىلەن سۆزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان سادىر ئاكا ھېچن
مىنى تۇيمىغانىدى.

ــ ئۇ قىزچاقنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دېمىسەممۇ چۈشەنمەمسىلە
ئەزىزنىڭ ئايالى گۈلەندام قىرىق نەچچە ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ئۈستى
ھەممىمىز ئۇنى تونۇيمىز. ئەزىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر
ئوغلى بار. ئۇ قىزنى ئوغلىنىڭ يۈرگىنى دېگەن تەقدىردىمۇ، قېي

www.uyghurkitap.com

ئاتىسى بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈرمەس. ئەزىز ئۈرۈمچىلىك ئەمەس، ھەممە تونۇغانلىرى باشقا يۇرتتا، ئۇنىڭ بۇ يەردە بۇنداق بىرەر تونۇغىنىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باققىنىمىزمۇ يوق. ئېنىقلا تۇرغان گەپ ئەمەسمۇ؟ يەنە سوراپ نېمە ئاۋارە بولىسىلەر؟ ئۆزۈڭلەر چۈشىنىۋال-ساڭلار بولدى ئەمەسمۇ؟ بىراق، كۆرگىنىمنىلا دەپ بەردىم، بۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئويۇن بارلىقىنى بىلمەيمەن. مەن ئەزەلدىن گەپ تاپتى ئادەمگە ئۆچ، بۇ گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن، ئاڭلاپ قويساڭلارلا بولدى، — دېدى سادىر ئاكا تەكىتلەپ.

— كىم بولاتتى؟ چاتاق يوق ئاشنىسى بولمامدۇ!

— بەزىلەر ئالدىراپلا يەكۈن چىقىرىۋەتتى.

— ئۇكام، ئەركىنجان، بولمىسا ئۇ قىزچاقنى ئەزىز سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويسۇنمۇ؟ ئارىلىشىپ باقامسىلەر؟ — دېدى سادىر ئاكا ئەركىنگە چاقچاق قىلىپ.

— ياق، ياق، “بۇرۇتتىكى ئاشقا قورساق تويماپتۇ، كىشىنىڭ يارى ئاش بولماپتۇ” دېگەن گەپ بار، — ئەركىن كەينىگە داجىپ، بوسۇغىدا تۇرغان باشقارما باشلىقىغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى.

— ئەركىن، تۈنۈگۈن بەرگەن ماتېرىياللارنى رەتلەپ بولغان بولسىڭىز ئىشخانامغا ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى باشقارما باشلىقى ۋە كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى.

ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ شۈكلىشىپ قالدۇق.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئەزىز ئاكا قايتىپ كەلدى. ئەركىن ھېلىقى قىزچاقنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئەزىز ئاكىغا دەپ، سۆزىد-نىڭ ئاخىرىسىغا:

— پاھ، پاھ، ساھىبجامال ئىكەنغۇ، ئۆمرۈمدە بۇنداق گۈزەلنى

كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دەپ مەنىلىك قوشۇپ قويدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئەزىزنىڭ گۈزەل قىز ئاشىنىسى بار دېگەن گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، قاش - كىرپىك قوشۇ شاخ - پۇتاق چىقىرىلىپ، پۈتۈن ئىدارىگە پۇر كەتتى. گەپ تاپ ئاغزى قىچىشىدىغان بەزى كىشىلەر ھەتتا ئەزىز ئاكىنىڭ ئائىل تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپمۇ كۆرۈشتى. بىراق ئەزىز ئاكا بىلەن گۈلەن ھەدىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى نورمال ھەم ئىناق بولغاچقا، ئوتتۇ سىدا قىل سىغقۇدەك چاك تېپىلمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا ئەقىللىق تەرىپى دېسە، يەنە بەز بۇ ئەھۋالنى گۈلەندەم تۇيغان بولسىمۇ، نومۇس كۈچىدىن چاند ماي، ئىچكى جەھەتتىن چىڭ، تاشقى جەھەتتىن بوشراق تەد قوللىنىپ يۈرگەندۇ... ۋەھاكازالار دېيىشتى.

ئەسلىدە ئەزىز ئاكىنى باشقارمىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق تەيىنلىمەكچى بولغان خەۋەر خېلى بۇرۇنلا ئامما ئارىسىدا تارقال نىدى، رەھبەرلىكنىڭ ئەزىز ئاكا بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلەشكەن كىمۇ ئېنىق ئىدى. لېكىن يېقىندا باشقارمىمىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق سىرتتىن بىر كىشىنى يۆتكەپ كەلدى، ئەزىز ئاكىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش سۇغا چىلاشتى بولغاي.

كېيىنچە ئىدارىمىزدىكى قۇلىقى ئۇزۇن بىرەيلەندىن ئاڭلىسا بۇ ئىش ئەزىز ئاكىنىڭ ئىستىلى چاتاق دەپ تەستىقتى ئۆتمەپتىمىش.

ئەزىز ئاكا قورساق كۆپكىدىنمۇ ياكى ئۆز رولىنى تولۇق جا قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، يېڭىدىن قۇرۇل بىر چوڭ شىركەتكە يۆتكىلىپ كەتتى. يۆتكىلىش ئالدىدا بىرقانى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ خوشلىشىش چېيى بەرگەنىدى. بىز ئەزىز ئاكىنىڭ ئۆيىدە گۈلەندەم ھەدە بىلەن ھېلىقى قىزچاقنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. ئەزىز ئاكا بىرنەچچە رومكا كۆتۈرگەندىن كېيىن، ھاياجان ئىچىدە خۇش خۇي ئولتۇرۇپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئىدارىدە ئىشلىگىنىمگە ئون يىلدىن ئاشتى، بۇ جەرياندا خىزمەتنى ئاز ئىشلىمىدىم، جاپانى ئاز تارتمىدىم، لېكىن نەتىجەم كۆزگە كۆرۈنمىدى، بىر-ئىككى كىشىنىڭ ئېغى بىلەن بېغى يوق پىتنە-پاسات، مىش-مىش گېپىنىڭ قۇدرىتى مېنىڭ يۈزۈمدىن چوڭ كەلدى. ھازىرقى كىشىلەر تىرىك جانغا ئىشىنەمدۇ ياكى مىش-مىش پاراڭغا ئىشىنەمدۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى-تەكتىگە زادى يېتەلمىدىم. ئاغىنىلەر، بۇرادەرلەر، ھەممىمىز ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئۆتۈشكەن. بىرەرسىڭلارغا يامانلىق قىلغىنىم يوق. بىراق بەزى كىشىلەر...ھەي، ئىنقىلىپ، بۇ قېتىمقى ئىش ماڭا تولىمۇ ئېغىر كەلدى، بۇ ئىدارىدىن كۆڭلۈم سوۋۇپ كەتتى. مەن ئەزەلدىن قۇرۇق تۆھمەت، بالا-قازادىن نېرى بولالمىغان بىتەلەي ئادەم ئىدىم. بۇ نۆۋەت يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. شەخسىي تۇرمۇش مەسىلەمدىمۇ شۇنداق بولغان. مەن ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن، تۇنجى نىكاھىمدا قۇرۇق سۆز-چۆچەكلەر تۈپەيلىدىن، ئارىمىزدا بىر قىز پەرزەنت بولغاندا ئاجرىشىپ كەتكەن. ئۇ قىز پەرزەنتىم مانا يېنىمدا تۇرغان رەناگۈل بولىدۇ، كەل قىزىم، كەل، بۇ ئاكا، ھەدىلىرىڭ بىلەن تونۇشۇپ قويغىن، — ئەزىز ئاكا رەناگۈلگە ھەممىمىزنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ قويدى، ئاندىن سۆزىنى قايتا داۋاملاشتۇردى، — بۇ قىزىمۇ ماڭا ئوخشاش بىتەلەي. رەناگۈل مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپكە چىقىپ ئوقۇشتا گەپ يوق ئىدى، بىراق شۇ يىللاردا

بەختكە قارشى ئانىسى توساتتىن پالەچ بولۇپ قېلىپ، بىرنەچچە يى
يېتىپ قالدى. كېيىن ئۆگەي دادىسى ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى تاشلا
كېتىپ قالدى، بۇلتۇر ئانىسىمۇ ئۇنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى
شۇڭا هازىر رەناگۇل بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزۈڭلە
بىلىسىلەر، مېنىڭ ئانچە ئېپىم يوق ئادەم، رەناگۇلگە تۇزۇكرە
خىزمەت تېپىپ بېرەلمەي، "هىلال ئاي" رېستورانىدا ۋاقىتلىق
ئىشلەپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. بۇ قېتىمقى ئىدارىدى
يۆتكىلىپ كېتىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ، يۆتكىلىپ بارغان شىركەت
رەناگۇلنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلدى...

ئەزىز ئاكا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئالدىدىكى بېلىق كۆزى قىلىپ
قۇيۇلغان بىر رومكا هاراقنى گۇپ قىلىپلا ئىچىۋەتتى.

بىز گويا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئىسسىق تونۇرنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ
قالغاندەك، جايىمىزدا ئولتۇرالماي قالدۇق، يۈزىمىزدە خۇددى مىڭلە
غان ـ تۈمەنلىگەن چۈمۈلە ئۆمىلەۋاتقاندەك، كۆڭلىمىزدە جان ئۈزۈش
ئالدىدىكى سان ـ ساناقسىز كېپىكلەرنىڭ تۇياقلىرى ئەنسىز تېپىرلاۋات
قاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئەزىز ئاكىنىڭ بىتەلەيلىكىدە، كۆڭۈلسىزلىكىدە بىزنىڭ جاۋابكار
لىقىمىز بارمۇ ـ يوق؟!

هەي، شامالنىڭ شەپىسى كېلە ـ كەلمەيلا تاراسلىتىپ يامغۇر
ياغدۇرىدىغان، يىگىنىنىڭ ئۇچىدەك نەرسىنى تۆگىدەك قىلىپ كۆرسە
تىدىغان شۇم ئېغىزلار، قاچانغىچە ۋالاقشىيسىلەركىنە؟!

هەي، پىتنە ـ پاسات، مىش ـ مىش پاراڭلار، بەزى شۇم كىشلەر
نىڭ ئاغزىدىن قاچانمۇ كېتەرسىلەركىنە؟

1992 ـ يىل ياز، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مودا قالپاق

مەتتۇرسۇن تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئۆرۈمچىگە كېلىپ، كۆنچىقىش بىلەن كۆنپېتىشنى پەرق ئېتەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. قەۋەت - قەۋەت ئېگىز بىنالار، كوچىلاردا ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان چوڭ - كىچىك پىكاپ ۋە ئاپتوموبىللار، رەڭگارەڭ چىراغلار ۋە ئالىيېشىل ۋېۋىسكىلار بىلەن بېزەلگەن چىرايلىق ماگىزىنلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىمىر - چىمىر قىلىۋەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ كىيىنىشلىرىچۇ تېخى! ھەممە ئەر كىشىلەرنىڭ بېشىدا دېگۈدەك ئورۇسنىڭ مودا قالپىقى، ئۇچىسىدا ئورۇسنىڭ پەلتوسى بار ئىدى، مەتتۇرسۇن ئۆزىنى خۇددى كىنولاردا كۆرگەن چەت ئەل شەھەرلىرىگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ كەتتى.

مەتتۇرسۇن ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن سوراپ ناھايىتى تەسلىكتە سۇ ئېلېكتر نازارىتىنى تاپتى. ئۇ مۇرىسىدىكى ئېغىر سومكىنى يەرگە قويۇپ، چېكىسىدىكى مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى - دە، سەل ئارام ئېلىۋالغاچ موخوركىدىن بىرنى ئوراپ خۇمارىنى بېسىۋالماقچى بولدى. ئۇ تاماكىسىنى شورىغاچ، يولدا كەلگۈچە بىكاردىن - بىكار ئىككى يەردە بەش يۈەندىن ئون يۈەن جەرىمانە تۆلەپ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ ھە دەپ ئاچچىقى كېلەتتى.

مەتتۇرسۇن قاتناش بېكەتتىن چىقىپ بىر تۆت كوچىنىڭ ئاغز
كەلگەندە، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئۆزى بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە كېلى
ئالاھىدە ئىزدىمەكچى بولغان كىشى ــ ئاچۇجاڭغا ئوخشاش كۆل ر
قالپاق كىيىۋالغان، بەدەن قۇرۇلۇشمۇ ئاچۇجاڭغا ئوخشاپ كېتىدىغ
بىرسىنى تۇيۇقسىزلا كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈ
كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولۇپ، كوچىنىڭ قاق ئوتتۇرىــ
كەلگىنىدە قولىغا ئۈچ بۇرجەكلىك قىزىل بايراق ئالغان، بېلىكى
سېرىق-ئاق بالداقلىق لاتا تاقىۋالغان بىر كىشى ئۇنى توسۇۋېلى
"قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدىڭ" دەپ، ئۇنىڭدىن بۇلىغاندەك
بەش يۈەن پۇل ئېلىپ، قولىغا ئالقانچە بىر پارچە قەغەزنى تۇتقۇزۇ
قويدى. ئۇ خۇددى قاراقچىغا ئۇچرىغاندەك ئەس-ھوشىنى يىغ
ھېلىقى قالپاقلىق كىشىگە قارىغۇدەك بولۇۋىدى، قالپاقلىق كىشىنى
قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ سالپىيىپ قېلىپ، ئامالسىز ئالدىغا قارا
ماڭدى. ئۇ بىكاردىن-بىكارغا بەش يۈەن تۆلىگىنىگە ئاچچىق
كېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى "قاراقچى"غا قاراپ، "تۇفى" دە
بىرنى تۈكۈرۈپ قويدى. ئاسماندىن چۈشكەنمۇ قانداق بېلىكىگە قىز
لاتا تاقىۋالغان يەنە بىر كىشى كېلىپ، ئۇنىڭدىن يەنە زورمۇزو
بەش يۈەن ئېلىپ، يەنە ھېلىقىدەك ئىككىلىكچە قەغەزدىن بىر پارچى
تۇتقۇزۇپ قويغانىدى.
"بۇ زادى قانداق گەپ؟ ئۇرۇمچىلىكلەر ئادەمنى ئوچۇق-ئاشكا
بۇلايدىغان بولۇپتىغۇ؟! بۇ يەردە پۇل تاپماق نېمىدېگەن ئاسان!"
ئاچچىقىدا قولىدىكى تاماكىنىڭ قالدۇقىنى قاتتىق بىر شورىغاندى
كېيىن، يەرگە چۆرۈۋەتتى-دە، ئولتۇرغان تۆمۈر رېشاتكىدىن دەس
قىلىپلا تۇرۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا نەدىن پەيدا بولغانلىكىنى لا

باغلىۋالغان يەنە بىر كىشى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقىنى تېرىپ ئاۋۇ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىپ كېلىڭ! — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ بەش مېتىر نېرىدىكى بىر تۆمۈر ئەخلەت ساندۇقىنى كۆرسەتتى.

مەتتۇرسۇن تەمتىرىگەن ھالدا، ھېلىقى ئۆزى چۆرۈۋەتكەن تاماكە-نىڭ قالدۇقىنى تېرىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ بۇيرۇقىنى ئۈن-تىنسىز ئادا قىلدى. ئۇ خىيالىدا ئەمدىغۇ بەش سومنى ئالماس دەپ ئويلاپ سومكىنى يۈدۈپ ماڭاي دېۋىدى، ھېلىقى كىشى يەنە ھېلىقىدەك قەغەزدىن بىر پارچىنى يىرتىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى. مەتتۇرسۇن يا ئاچچىقى كەلگىنىنى، يا كۈلگىسى كەلگىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ:

— بۇ... بۇ... نېمە گەپ؟ — دېگەن سۆزنى ئارانلا دېيەلىدى.

— گەپنى ئاز قىلىڭ! بولمىسا ئابايام يەرگە تاشلىغان سەرەڭ-گىگە، بۇ رېشاتكىدا ئولتۇرغىنىڭىزغا ھەممىسىگە بەش يۈەندىن تۆلەيسىز!

بۇلارنى ئاڭلىغان مەتتۇرسۇن غىڭ قىلماي يەنە بەش يۈەنگە ئالقانچە بىر پارچە قەغەزنى سېتىۋالغانىدى.

مەتتۇرسۇن مانا بۇ بىر پاتمان ئەلەم ۋە ئاچچىقىنى ئامالسىز ئىچىگە يۇتۇپ، ئېغىر سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارتتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ نازارەت دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى خەۋەرلىشىش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. خەۋەرلىشىشتىكى بوۋاي دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاچۇجاڭنى ئىزدەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى مەتتۇرسۇن.

— قايسى ئاچۇجاڭ؟ — بوۋاي بوغۇق ئاۋازدا قايتا سورىدى.

مەتتۇرسۇن سەل گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئاچۇجاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟ فامىلىسى نېمە؟ بۇلارنى تولۇق ئۇقمايتتى. يەقەتلا ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاچۇجاڭ دېگەن مەنسەپ ئىسمىنىلا نەچچە رەت ئاڭلاپ ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ:

— ھېلىقى كۆل رەڭ قالپاق كىيىۋالغان ئاچۇجاڭ! — دېدى.

— ھازىر چۇجاڭلا ئەمەس، كوچا سۈپۈرىدىغان تازىلىق ئىشچى-لىرىمۇ قالپاق كىيىۋالىدىغان بولدى، — دېدى بوۋاي.

— بۇ يىل ئەتىيازدا بىزنىڭ قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ، خىزمەتلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالاھىدە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە يولىيورۇق بەرگەن ئاچۇجاڭ! — دېدى مەتتۇرسۇن چۈشەندۈرۈپ.

بوۋاي مەتتۇرسۇننىڭ سەممىي ھەم ساددا ئاساسىي قاتلام كادىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خەۋەرلىشىشتىن چىقىپ سەل شاڭخو قىلغانەك تەرىزدە:

— نازارىتىمىزدە چۇجاڭدىن تولا نەرسە يوق، باش چۇجاڭ، مۇئاۋىن چۇجاڭ، خەنزۇ چۇجاڭ، ئۇيغۇر چۇجاڭ، قازاق چۇجاڭ تۇڭگان چۇجاڭلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغسىڭىز، بىر توينىڭ ئادىمى بولىدۇ. ئاچۇجاڭدىنلا بىرنەچچىسى بار، ھەممىنىڭ بېشىدا بىردىن قالپىقى بار. ئادىل چۇجاڭمۇ، ئابدۇراخمان چۇجاڭمۇ! ئابدۇل چۇجاڭمۇ؟ ئابدۇقادىر چۇجاڭمۇ؟ مەن قانداق بىلەي؟ — دېدى.

مەتتۇرسۇن مۇرىسىنى تاشتەك بېسىپ تۇرغان سومكىنى يەرگە قويۇپ، ناھايىتى تەس ئەھۋالدا قالغانەك بوۋايغا يېلىندى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ۋاي جېنىم ئاكا، ياراتقان ئىگەم ئۇلۇغ ئاللا ئۈمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، مالال كۆرمەي بىر سۈرۈشتە قىلىپ باققان بولسىلا، مەن نەچچە يۈز كىلومېتر يىراقتىكى تارىمنىڭ ئۇ چېتىدىن كەلدىم دېسىلە!

بوۋاي مەتتۇرسۇننىڭ جىددىيلەشكەن ۋە چارچىغان سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچىنى ئاغرىتقاندەك قىلدى.

— ئۇنداق بولسا، ماۋۇنى تولدۇرۇپ ئىشخانىغا كىرىپ سوراپ بېقىڭ! — بوۋاي كۆرۈشۈشكە كەلگەنلەر تولدۇرىدىغان تار دەپتەرنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئوبدان، ئوبدان، رەھمەت! — دەپ مەتتۇرسۇن ھېلىقى دەپتەرنى تولدۇرغاچ يۈرىكى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

مەتتۇرسۇن نازارەت قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان دۈگىلەك گۈللۈكنى ئەگىپ ئۆتۈپ، بىنانىڭ ئالدىغا كەلگۈچە ئۇنى چىپ-چىپ تەر بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى سومكىنىڭ ئىچىدە ئوتتۇز كىلودەك ئالىي سورتلۇق گۈلە، بادام، ياڭاق، ئەنجۈر قېقى، ئانار قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار بار ئىدى. ئۇ تۆتىنچى قەۋەتتىكى نازارەت ئىشخانىسىنى تېپىپ كىرگىچە، ئىككى پۇتى چارچىغانلىقتىن لاغىلداپ چامدىيالماي قالدى. ئۇ ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئىچىدە خۇددى جەڭ مەيدانىدىن مەغلۇپ بولۇپ قاچقان ئەسكەردەك ئۇ ياق-بۇ ياقلارغا كۆز يۈگۈرۈتەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق تېرە تۇماق، ئۇچىسىدىكى چەپەرقۇت ئۇزۇن چاپان، پۇتىدىكى ئاقىرىپ كەتكەن ئۇزۇن قونچلۇق بەتىنكە بۇ بىنا ئىچىدىكى قېتىۋالغان قىز-يىگىت، ئەر-خوتۇنلارغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ ماس كەلمەيتتى.

مەتتۇرسۇن ئۆزىمۇ بۇلارنى سەزگەندەك بولۇپ خىجىل بولغاندەك قىلدى. بېشىدا قالپاق، ئۇچىسىدا كاستۇم، بويىنىدا گالستۇك، شىمىنىڭ قىرىنى قېلىچنىڭ بېسىدەك چىقىرىۋالغان ئەر كىشىلەر، سوغۇقتىن قورقماي پاچىقىغا نېپىز كاپىرون پايپاق تارتىۋالغان ئاياللار، خۇددى باشقا بىر پلانېتىدىن كېلىپ قالغان ئادەمنى ئېكسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندەك قىلىپ مەتتۇرسۇنغا قاراپ بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. نازارەت ئىشخانىسىدىكى بىر خانىم مەتتۇرسۇننىڭ مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئورنىدىنمۇ تۇرماي:

— يەتتىنچى قەۋەتكە چىقىڭ! — دەپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى.

مەتتۇرسۇن خۇشال بولغانمۇ ياكى خورسىنغانمۇ ئەيتاۋۇر بىر خىل ئۆزىمۇ بىلەلمىگەن ھالەتتە گويا ئېغىر يۈك ئارتقان ئۆكۈزدەك يەتتىنچى قەۋەتكە ئاران چىقتى.

ئاچۇجاڭنىڭ بېشىدا يەنىلا ھېلىقى كۆلرەڭ قالپاق تۇراتتى. ئۇ مەتتۇرسۇننىڭ ئېگىلىپ ”ئەسلامۇئەلەيكۇم!“ دەپ بەرگەن ھۆرمەت سالىمىغا ئاددىيلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، كۈتۈلمىگەن بۇ مېھمانغا قاراپ خېلى بىر ۋاخلارغىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەتتۇرسۇننى بىر يەردە كۆرگەندەك، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىنى تازا ئېسىگە ئالالمىغاندەك قىلاتتى. چوققىسىدىكى قالپاق ئۇنىڭ ئەقىل-ھوشىنى توسۇپ قالغانمۇ-تاڭ، ئۇ گەجگىسىنى قاشلاپ تۇرۇپلا قالدى.

— ۋاي ئاچۇجاڭ! پېقىر قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى مەتتۇرسۇن بولىمەن. بۇ يىل ئەتىيازدا سىلى بىزنىڭ ئىستانسىغا بېرىپ خىزمەتلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇھىم يوليورۇق بەرگەن ئەمەسمىدىلا؟ — دېدى مەتتۇرسۇن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاچۇجاڭ بىگىز قولى ۋە ئوتتۇرا قولى بىلەن ئالدىدىكى ئىش ئۈستىلىنىڭ ئەينىكىنى رىتىملىق چېكىپ تۇرۇپ، گويا ئۈزۈلۈپ قالغان خاتىرىسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق ئۇنىڭ بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانغا بولغان خاتىرىسى يەنىلا بۇدىرائىغۇدەك قىلاتتى. مەتتۇرسۇن ئاچۇجاڭنىڭ ئۆزىنى يەنىلا تولۇق ئەسكە ئالال- مىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بىر خىل ئىپادىلىگۈسىز ئېچىنىشلىق غېرىبسىنىش سېزىم پەيدا بولدى - دە، يۈرىكى سىرقىراپ ئاغرىغان- دەك قىلدى.

. . . . . . . . . . . . .

بۇندىن يېرىم يىل ئىلگىرى، قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ "ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئېلېكتر نازارىتىدىن ئاچۇجاڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارىدۇ، بەلكىم ئىستانسائىلارنى كېڭەيتىپ سېلىش ئۈچۈن بېرىشى مۇمكىن. كۈتۈ- ۋېلىش ئىشلىرىنى پۇختا قىلىڭلار!" دېگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوننى ئالغانىدى. بۇ خەۋەردىن بۇ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان كىچىككىنە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى گويا توغاننى تۇيۇقسىز ئېچىۋەت- كەن كەلكۈن سۈيىدەك بىراقلا قايناق كەيپىياتقا چۆمۈپ كەتكەنىدى. ئىستانسا باشلىقى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ئاچۇجاڭنى قانداق كۈتۈ- ۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. پۈتۈن كۈتۈۋېلىش خىزمىتى مۇئاۋىن ئىستانسا باشلىقى مەتتۇرسۇنغا تاپشۇرۇلدى. مەتتۇرسۇن پۈتى كۆيگەن توخۇدەك دەرھال ناھىيىگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئىلىنىڭ ئالىي سورتلۇق ئاق ھارىقىدىن بىر نەچچە شىشە ئالدۇرۇپ كەلدى. ئىككى كىشىنى كېيىك ئوۋلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاشخانىدى- كىلەرگە يېڭى تۇتۇپ كەلگەن قارا شەھەر بېلىقىدىن بېلىق كاۋاپى،

پاخلان گۆشىدىن تونۇر كاۋىپى قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ بىر ئاساسىي قاتلام كادىرىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىككە بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىكرامىنى ئامال بار تىرىشىپ ئادا قىلىشقا ئۇرۇندى.

ئاچۇجاك ناھىيە رەھبەرلىرى ۋە ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى يېتەكچىلىكىدە ئاخىر ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى. ئاچۇجاكنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان كۆك رەڭ قالپىقى مەتتۇرسۇنغا غەلىتە ھەم چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆتۈۋېلىش زىياپىتىدە مەتتۇرسۇننىڭ تەييارلىغان بۇ مىللىي تائاملاردىن تازا لەززەت ئالغان ئاچۇجاك قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزارغان يۈزىنى پارقىرىتىپ:

— ئوخشاپتۇ، ئوخشاپتۇ، بىز ئۈرۈمچىدە بولغان بىلەن بۇنداق يېڭى كېيىك گۆشى، يېڭى بېلىق گۆشى، يېڭى پاخلان گۆشلىرىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى تەملىك بوپتۇ، — دەپ ماختىغانىدى.

— ۋاي ھۆرمەتلىك ئاچۇجاك، شارائىتىمىز شۇنچىلىك، تولا ما-زاق قىلمىسىلا، سىلىدەك ھۆرمەتلىك ئەزىز مېھمانلارغا تۆگە سويۇپ، بەتتە پولۇ ئەتسەكمۇ ئەرزىيدۇ، بىزنىڭ پىشۇرۇش تېخنىكىمىز تۆۋەن، دېگەندەك ئوخشىتالمىدۇق، — دەپ تەكەللۇپ قىلغانىدى مەتتۇرسۇن.

— ياق. ياق، راستىنلا ئوخشاپتۇ! — ئاچۇجاك چېكىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ قالپىقىنى قولىغا ئالدى. مەتتۇرسۇن دەرھال ئاچۇجاكنىڭ قولىدىن قالپاقنى ئېلىپ، خۇددى كۆرۈپ باقمىغان نەرسىنى كۆرگەندەك قىلىپ تازا دەڭسەپ كۆرگەندىن كېيىن، جەينىكى بىلەن قالپاقنى ئاز-تولا سۈرتۈۋېتىپ تامدىكى بىر تال قوزۇققا ئىلىپ قويغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

— ھۆرمەتلىك ئاچۇجاك، يولنى يىراق كۆرمەي، چۆلنى چەزىرە كۆرمەي، بىزنىڭ بۇ تۆۋەن قاتلاملارغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا مىڭ رەھمەت! مۇشۇ ئالىي پەزىلەتلىرى ئۈچۈن بەش كىلومېتىر يەرگە پاياندازسېلىپ قارشى ئالساقمۇ ئەرزىيدۇ! — دەپ مەتتۇرسۇن گۇپ قىلىپ ئالدىدىكى بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋەتكەندى.

— سىلىنىڭ ئىسىملىرى نېمە ئىدى؟ دەپ سورىغانىدى ئاچۇجاك پەس ئاۋازدا يېقىنچىلىق قىلىپ.

— كەمىنىلىرىنىڭ ئىسمى مەتتۇرسۇن. مېنىڭ ئالدىمدا ئىككى قېرىندىشىم بار ئىكەندۇق، ئەي بولماي كىچىكىدىلا تۈگەپ كېتىپتىكەن. مەن تۇغۇلغاندا دادام، ئانام مېنى ئەي بولسۇن، تۇرۇپ قالسۇن ھەم مەرد بولسۇن دەپ مەتتۇرسۇن قويۇپتىكەن، — دەپ جاۋاب بەرگەندى. مەتتۇرسۇن.

— بۇ جايدا ئىشلىگىلى نەچچە يىل بولدى؟

— ئون نەچچە يىل بولدى ئاچۇجاك!

— ئىسمىڭىز - جىسمىڭىزغا لايىق ئىكەن. مۇشۇنداق چۆل - چەزىردە، مۇشۇنداق جاپالىق شارائىتتا مەردلىك بىلەن ئون نەچچە يىل تۇرۇپ ئىشلەپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن! — دەپ ئاچۇجاك بېلىق كۆزى قويۇلغان قەدەھنى قولىغا ئالدى. ئولتۇرغان ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئاچۇجاكنىڭ بۇ ماختىشىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغاندەك قوللىرىدىكى قەدەھلەرنى ئېگىز - ئېگىز كۆتۈرۈشكەندى....

مانا بۇ ئۆتكەن ئىشلار خۇددى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەك مەتتۇرسۇننىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئاچۇجاك شۇنداقمۇ

ئۇنتۇلغاقمىدۇ؟!

"جىرىڭ! جىرىڭ!"

ئاچۇجاڭنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى. ئاچۇجاڭ ئالدىرىماي تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ، چوڭ كىبىرلىك باشلىقلاردەك:

— ھە، كىمۇ؟ مەن ئاچۇجاڭ! — دېدى.

ئىشخانىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، تېلېفوندىن "گورۇڭ — گورۇڭ" قىلىپ بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى.

— ۋاي، ۋاي، مەرەمنىسامۇ سەن؟ ھازىر نەدە سەلەر؟ ھە... قورغاستا؟ تاشكەنتتىن قاچان قايتىپ كەلدىڭلار؟ ھە... ھە... ھازىر قايتىپ كەلدۇق؟ ھە، ھە، بەللى، بەللى، ھەممىڭلار سالامەت قايتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ تاموژنىدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتتىڭلارمۇ؟ ھە، ھە، ياخشى بولۇپتۇ. يۈكۈڭلار خېلى ئېغىرمۇ؟ ھە... ناھايىتى كۆپ، ئۇنداق بولسا مەن ئەتە كەچكىچە ئالدىڭلارغا ماشىنا ئېلىپ بارىمەن، ھازىر سىلەر غۇلجىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇڭلار، قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندە قىلايلى! — دەپ بولۇپ كەينىدىن، — ئەكەلگەن يۈكۈڭلار چېچىلىپ كەتمىسۇن، ئۆزۈڭلەرگە پۇختا بولۇڭلار! — دەپ تەكىتلەپ قويدى. ئاچۇجاڭ تېلېفوننى قويۇپ ناھايىتى ھاياجان ۋە خۇشال ھالدا قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆز ئالدىدىكى مەتتۇرسۇننى قايتا بايقىدى.

مەتتۇرسۇن تېخىچە ئىشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئاچۇجاڭغا قاراپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

ئاچۇجاڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ، قوشۇمىسىنى سەل تۈرگەن ھالدا:

ھە، يەنە نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى مەتتۇرسۇندىن.

مەتتۇرسۇن ئاچۇجاڭنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سەزگەندەك قىلدى، ئۇنىڭ كۆڭلى بىراقلا يېرىم بولدى ۋە ئاچۇجاڭدىن كۈتكەن زور ئۈمىدلىرىمۇ ئاللىقانداق بىر ياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلدى. ئۇ تۆتۈتلەپ تۇرۇپ:

— ناھىيىدىن، پونكىتىمىزدىن مېنى بىزنىڭ قۇمتۇر سۇ ئېلىش پونكىتىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى پىلانى قانداق بولىدىكىن دەپ ئەۋەتكەنتى، بۇ توغرىسىدا ئاچۇجاڭنىڭ بىرەر كونكرېت يوليورۇقىنى ئاڭلاپ باقاي دەپ كېلىۋىدىم، — دېدى.

— بۇ پىلان مەسىلىسى ئاسانلا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس، ۋاقتى كەلگەندە نازارەتتىن سىلەرگە چوقۇم جاۋابىنى بېرىدۇ. بۇ يەرگە ئالاھىدە كېلىپ يۈرۈشىڭنىڭ ھاجىتى يوق...، — دېدى ئاچۇجاڭ سەل خاپا بولغاندەك تەرىزدە.

مەتتۇرسۇن نازارەت بىناسىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى گويا يەتتە قات دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، كۆڭلى خۇددى چېۋىن يۇتۇۋالغاندەك غەش بولۇپ كەتكەندى. ئۇ سۆرەمگە سالغان قاشاڭ ئېشەككە ئوخشاش كەيپىياتتا ئېغىر سومكىسىنى يۈدۈپ، ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى ئاران-ئاران يۆتكەپ مىڭ تەسلىكتە ئاران بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىۋالدى.

مەتتۇرسۇن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن يەرگە چۈشۈپ، تا مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە بۈگۈنكىدەك ئىزا-ئاھانەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۈگۈنكى ئاچۇجاڭنىڭ قىلغىنى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتە سەھەردە ئاستا بۇ"نا ئىنساپ"

شەھەردىن كېتىۋالماقچى بولدى. بىراق مېھمانخانىدا زەي پۇراپ تۇرغان يەر ئاستى قەۋەتتىكى ياتاقلا قالغانىكەن، ئۇنىڭ بۇنداق ياتاقتا يېتىشقا زادى كۆڭلى تارتمىدى بولغاي، ئاستاغىنا بۇ مېھمانخانىدىنمۇ چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا، يېرىم يىل ئىلگىرى ئاچۇجاڭنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ياتاق تەييارلىغان ئىشلار يەنە ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ تۇرۇۋالدى.

قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ شارائىتى ھەقىقەتەن ناچار بولغاچقا، ھەر قېتىم ناھىيىدىن، ۋىلايەتتىن، ئاپتونوم رايونلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. مەتتۇرسۇن ئىستانسىنىڭ 60 ـ يىللاردا سېلىنىپ قالغان بىرنەچچە ئېغىز ئاتالمىش مېھمانخانىنى جىددىي تۇتۇش قىلىپ قايتا ھاكلاپ چىقتى. ئىشخانىدىكى ئۈستەل چىرىغىنى، مەجلىسخانىدىكى كرېسلونى، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى يېڭى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. داس، لۆڭگە، سوپۇن، چىش چوتكىسى، تەرەت كەشى قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يېڭى سېتىۋالغانىدى...

شۇ ئەسنادا ئۇددۇلدىن ئاچۇجاڭنىڭ قالپىقىغا ئوخشاش بىر قالپاق كىيىۋالغان كىشى كېلىۋاتاتتى. ئۇ قالپاقلىق كىشى خۇددى ئاچۇجاڭدەك كۆرۈنۈپ، مەتتۇرسۇننىڭ كۆڭلىدىكى دەرد ـ ئەلەملەر بىراقلا ئاچچىققا ئايلىنىپ، غەزىپى سەكسەن گەز ئۆرلىگەنتى.

— ۋاي شاۋۇچى مۇناپىق قالپاق، لەنەت ساڭا، ئانىمىز بىزنى ساڭا ئوخشاش ھەممە ئەزايىمىزنى جايىدا تۇغقان، بىزمۇ ساڭا ئوخشاش ئادەم، نېمەڭگە ئانچىۋالا كۆرەڭلەپ كېتىسەن؟ بىزمۇ بۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ قالغان بولساق، ساڭا ئوخشاش چوجاڭلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالپاقنى كىيەلەيتتۇق، ۋۇي ئاناڭنى... شوۋىچى قالپاق!...
مەتتۇرسۇن تىللىغىنىچە ئۇدۇلدىن كەلگەن قالپاقلىق كىشىنىڭ
يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قالپاقلىق كىشى ھەيران
بولغاندەك مەتتۇرسۇنغا قاراپ ـ قاراپ:
ــ ساراڭمۇ نېمە؟ دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى.
مەتتۇرسۇن قانداقتۇر بىردىنلا قالپاق كىيگەن كىشىلەرگە ۋە
ئاشۇنداق قالپاققا ئۆچ بولۇپ قالغاندەك قىلدى، قالپاق كىيگەن
كىشى ئۇچرىسىلا ئالىيىپ بىر ـ ئىككى ئېغىز تىللاپ قوياتتى. ئۇنىڭ
مۈرىسىدىكى سومكا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك، تەرلەپ ـ
ھاسىراشقا باشلىدى، ئۇ سومكىنى يەرگە تاشلاپ، ئۆز ـ ئۆزىگە
كايىپ كەتتى.
ــ ماۋۇ ئەخمەقلىقىمنى كۆرمەمدىغان، بۇنچىۋالا ئېغىر نەرسىنى
يۈدۈپ ئۆزۈمنى نېمە ئاۋارە قىلاتتىم؟ بۇ نەرسىلەرنى ئىستانسىدىن
ئاشۇ شوۋىچى قالپاق ئاچۇجاڭغا ئاتىغان سوۋغىتى بولغاندىكىن شۇ
يەردە تاشلاپ چىقسام بولماتتى؟...
مەتتۇرسۇن بىرەر تال موخوركا تارتىپ ئاچچىقىنى باسماقچى
بولدى. ئۇ شارت قىلىپ سەرەڭگىنى يېقىپ موخوركىنى تۇتاش-
تۇردى ـ دە، قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن، قولىدىكى سەرەڭگىنىڭ
قالدۇقىنى يەرگە تاشلىماقچى بولۇپ، دەرھال بىرنەرسە ئېسىگە
كەلگەندەك قىلىپ ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپتا ھېلىقىدەك
"بۇلاڭچىلار" كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، شاقىقىدە سەرەڭگىنى يەرگە
تاشلىۋېتىپ، ئوغرىلىق قىلىپ قويغاندەك ئۇ يان ـ بۇ يان قاراپ
قويدى. ئاندىن يەردىكى سومكىغا قاراپ، قانداقتۇر ئاچۇجاڭنى
ئۆزىتىپ قويغان چاغدىكى ئىشلار كۆزىگە كۆرۈندى.

ئاچۇجاڭ ماشىنىڭ كونى مەتتۇرسۇن ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان ئالىي سورتلۇق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ھەربىر كىشىگە بىر سومكىدىن (ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىدىن كەلگەنلەر ۋە شوپۇرلارمۇ بار-دە!) قىلىپ ماشىنىنىڭ كەينىگە سالغاندا، ئاچۇجاڭ ناھايىتى مۇلايىم ۋە تەكەللۇپ قىلغان ھالدا:

— مەي جەنجاڭ (مەتتۇرسۇننى دېمەكچى) بۇنداق قىلىشقىلار مۇۋاپىق بولماسمىكىن؟ ھازىر ھەممە يەردە پارتىيىنى رەتكە سېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەگەر كۆڭلۈڭلەر زادى ئۇنىمىسا بۇ پۇلنى ئېلىپ قىلىڭلار، ھېساب ئوچۇق بولسۇن! — دەپ يانچۇقىدىن ئون يۈەن پۇلنى چىقىرىپ مەتتۇرسۇنغا تەڭلىگەنىدى.

— ۋاي ئاچۇجاڭ، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا، سىلىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىرىنى بىز بىلمەمدۇق؟ ئەگەردە ھەممە رەھبىرىي كادىرلىرىمىز سىلىدەك پاك ۋىجدان، پرىنسىپچان، ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ جاھان ئاللىقاچان كوممۇنىزمدىن ئېشىپ جەننەتكە يېتىپ بارغان بولاتتى. ھازىرقى جاھان مۇشۇنداق جاھان ئىكەن، بىزمۇ ئەل قاتارى قىلىپ قويىدۇق، ئەسلى بۇ نەرسىلەر سىلىنىڭ ياراشلىرىمۇ ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ رەنجىمەي باللارغا ئالغاچ بارارلا. بىزمۇ بۇنچىلىك ئەرزىمەس نەرسىلەر بىلەن سىلىنى ئازدۇرايلى دېگىنىمىز يوق، ھەم سىلىمۇ بۇنداق نەرسىلەرگە ئالدىنىدىغان ئەخمەقلەردىنمۇ ئەمەس. بۇ پەقەت ئىستانسىمىزدىكى ئەللىك نەچچە نەپەر ھەر مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سىلىگە بولغان كۆڭلى. بۇنداق قىلىسىلا كۆڭلىمىزنى ياندۇرغان بولىلا.

— ئۇنداق بولسا مەيلى ئەمىسە، كۆڭلۈڭلەر يەردە قالمىسۇن، بىراق ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇنداق ئىشلار ئىككىنچى تەكرارلان-

مسۇن! — دېگەندى ئاچۇجاڭ.

— بۇندىن كېيىن ۋاقىتلىرى يەتسە، پات - پات كېلىپ خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلارلا ئاچۇجاڭ! — دېگەندى مەتتۇرسۇن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھە دەپ تازىم قىلىپ.

— بۇندىن كېيىن ئۇرۇمچىگە بېرىپ قالساڭلار، ئۇددۇل بېرىپ مېنى ئىزدەڭلەر، ئىش - كۈشۈڭلەر بولسا ياردەم قىلىمىز، شارا-ئىتىمىز يامان ئەمەس، — دېگەندى ئاچۇجاڭ ناھايىتى قىزغىن روھ بىلەن.

مەتتۇرسۇن مانا بۇلارنى ئويلاپ، سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى.

— ۋۇي ۋىجدانىغا ئىشەك تېپىۋەتكەن ئاچۇجاڭ، ماڭا تونۇش-لۇق بېرىپ، بىرەر قېتىم "ئولتۇرۇڭ!" دەپ قويغان بولساڭچۇ كاشكى! ھېلىمۇ بۇ نەرسىلەرنى سەندەك ئۇغ..رىغا تاشلاپ چىقماپ-تىمەنا، ساڭا بېرىدىغان بىكاردا قالغان نەرسە يوق! — مەتتۇرسۇن ئاچچىقىدىن ئاچۇجاڭنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى.

مەتتۇرسۇن كۆڭلى پەرىشان ۋە غېرىبسىنغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا قانداقتۇر بىر ئەركىن بازارغا كىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى، ئەركىن بازاردىكى قۇرۇق يەل - يېمىش ساتقۇچى يايمىچىلارنى كۆرۈپ، بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ مۇرىسىدىكى بۇ ئېغىر يۈكنى سېتىپ قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ يايمىچىلارنىڭ نېرىسىدىراق بىر يەردىن ئورۇن ئېلىپ، سومكىسىدىكى يەل - يېمىش-لەرنى بازارغا سالدى. خېرىدارلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ئېسىللىكىدىن، باھاسىنىڭ باشقىلاردىن ئەرزانلىقىدىن، بىردەمدىلا مەتتۇرسۇننى قورشىۋالدى. بۇنى كۆرگەن باشقا يايمىچىلار قىزغانغانىمۇ ياكى

ئاچچىقى كەلگەنمۇ، ئۇلاردىن بىرسى ئاستاغىنا بىرسىپ بازا
باشقۇرۇشتىكىلەرگە چېقىپ قويۇپتۇ.

— ھەي، بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ نېمە قىلىۋاتىسەن تىجارەت كىنىشكاڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەتتۇرسۇندىن بازا باشقۇرۇشنىڭ قاسقان شەپكە كىيىۋالغان بىر خادىمى كېلىپ.

مەتتۇرسۇن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كېكەچلەپ قالدى.

— رۇخسەتسىز قالايمىقان مال ساتقان ئۈچۈن ئەللىك سوم جەر مانە، ساتقان ئورۇن ئۈچۈن ئون سوم، باج ئۈچۈن يىگىرمە سو تۆلە! — دېدى ھېلىقى قاسقان شەپكە كىيگەن بازار باشقۇرۇش خادىمى قىلچە رەھىم قىلماي.

ئەتراپنى تاماشا كۆرگۈچىلەر ئورىۋالغانىدى. مەتتۇرسۇن نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىغا يېنىك بىرنى قېقىپ قالدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئاچۇجاڭغا ئوخشاش قالپاق كىيگەن بىر ياش تۇراتتى. ئۇ سەپسېلىپ قاراپ ئۇ كىشىنىڭ ئاچۇجاڭنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ قۇمتۇرغا بارغان شوپۇرى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— ۋاي مەي جەنجاڭ، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيلا؟ — دەپ سورىدى شوپۇر.

— ۋاي ئۇكام، نېمە دېسەم بولار؟ — مەتتۇرسۇن خۇددى ئاچچىق بويا يۇتۇۋالغان كىشىدەك كەينىدىكى گەپلەرنى دېيەلمەي قالدى.

شوپۇر ئەھۋالنى چۈشەنگەندەك، ھېلىقى قاسقان شەپكىلىك بازار باشقۇرۇش خادىمىنى بىر چەتكە تارتىپ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ مەتتۇرسۇننىڭ قالغان نەرسىلىرىنى

يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى.

شوپۇر مەتتۇرسۇننى بىر ئاشپۇزۇلغا باشلاپ كىردى. مەتتۇرسۇن گويا يەلكىدىكى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنندى.

— ۋۇ شوۋىچى جازانىخورلار، يا ئوغرىلىق قىلمىسام يا بۇلاڭچىلىق قىلمىسام، قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ نەرسىنى ساتقانغا ئەللىك سوم جەرىمانە ئالمەن دەيدىيا! بولدى، ئۇلارغا هارام تۆلىگەن پۇلغا ئۇكام سىلىنى مېهمان قىلاي! — دېدى مەتتۇرسۇن ئاچچىقى بىلەن.

— بولدى، بولدى مەي جەنجاڭ! ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، بۇ يەر سىلىنىڭ سەهرادىكى جۇمە بازار ئەمەس، كەلگەن يەردە قالاي-مىقان يايمىچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. بۇمۇ بازار باشقۇرۇشنىڭ تۈزۈمى. هېلىقى بازار باشقۇرۇش خادىمى بىزنىڭ ئاغىنە بولىدۇ، شۇڭا بۇگۈن سىلى قۇتۇلۇپ قالدىلا، بولمىسا ئەللىك سومنى تۆلىمەي ئامالىرى يوق، — دېدى شوپۇر.

— قويسىلا ئۇكام، بۇنداق شەهەردىمۇ ياشىغان بارمۇ؟ بۇ يەردىن بىزنىڭ تۇپىلاڭ سەهرايىمىز مىڭ ئەلا ئىكەن. ساتامدۇق، ئالامدۇق، سىيەمدۇق، چىچامدۇق هېچكىمنىڭ كارى يوق، بۇ يەردە كوچىدىن ئۆتۈپ قويسا بەش سوم دەۋاتقان، تۈكۈرۈپ قويسا يەنە بەش كوي دەۋاتقان، هاجەتخانىغا كىرسىمۇ ئالغانچە پاق-پاق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ پۇل بېرىڭ دەۋاتقان. قوڭ دېگەننى چامىدا ئېيتسىمۇ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى ساتسىمۇ ئەللىك كوي جەرىمانە دەۋاتقان، بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قاراقچى، باشلىقلىرىنىڭ كۆزى كور، شوپۇرلىرى بۇلاڭچى ئىكەن. هەي، ئىست، سىلەرنىڭ بۇ كۈنىڭلارغا... — دەپ مەتتۇرسۇن قايناشقا باشلىدى.

— ۋاي مەي جەنجاڭ، بىزنىمۇ چىشلەپ تارتتىلا، بۇ يەرنىڭ شوپۇرلىرى سىلىگە نېمە قىلدى؟ — دېدى شوپۇر كۈلۈپ.

— بۇنداق دېسەم سىلىگە تېگىپ كېتىپ قالمىسۇن، سىلى ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئوخشىمايلا، بۈگۈن قاتناشتىن چىقىپ تۇرۇۋۇشۇمغا، بىر ئەبگار بولكىۋاي "غارت" قىلىپ ئالدىمغا كېلىپ توختىدى، شوپۇر بېشىنى چىقىرىپ، "ئاكا نەگە باراتتىلا؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن، "سۇ ئېلېكتر نازارىتىگە باراتتىم" دېسەم، "ئەمىسە ماشىنىغا چىقسىلا مەن ئاپىرىپ قوياي!" دېدى، مەنمۇ تولا ئويلانماي ماشىنىغا چىقتىم. بولكىۋاي خۇددى قورسىقى كۆپۈپ قالغان قېچىردەك تا...تا... تاتاتلاپ ماڭدى. سەل ماڭغاندىن كېيىن، "ئۇكام نەچچىگە ئاپىرىپ قويارلا؟" دەپ سورىسام، خىجىل بولماي "يىگرمە سوم بەرسىلا بولار دەۋاتىدۇ. ئاچچىقىم نەدىن كېلەر، دەرھال ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ماشىنىنى توختاتتىم-دە، ئاچچىقىم بىلەن، "قەشقەردە مەيگە ئولتۇرۇپ ھېتىگاھتىن بەشكىرەمگە بارسىمۇ ئاران بىر كوي ئالىدۇ، نېمە ئانچە قىممەت؟" دەپ سەكرەپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتىم. شوپۇر "ۋۇي پىتىنى يەيدىغان مەينەت گاداي!" دەپ قويۇپ، قوڭدىن ئىس چىقىرىپ كەتتى. كېيىن قارىسام، قاتناشتىن نازارەتكە بارغۇچە كۆپ بولسا ئىككى كىلومېتىر كېلىدىكەن. مانا بۇ بۇلاڭچى بولماي نېمە؟ ۋۇي ئىنساپى يوق شوۋىچىلار!" دېدى مەتتۇرسۇن.

بۇلارنى ئاڭلىغان شوپۇر قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— بۇ يەردىكىلەر سىلىدەك سىرتتىن كەلگەنلەرنى تازا باپلايدىغان يەر، ھەي مەي جەنجاڭ! لېكىن سىلىمۇ بوش كەلمەپىلا، ئازىراق بولسىمۇ بىكارغا ئولتۇرۇۋاپىلا! — دېدى شوپۇر چاقچاق قىلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ قوتا قوڭغۇزىيىغا (بولكۋاينى دېمەكچى) ئولتۇرۇشقا ئاشىق بولۇپ قالغىنىمىز يوق، يۇرتلاردا ھاكىملارنىڭ ۋولكۇيىغا (ۋولگا ماشىنىنى دېمەكچى) داۋاملىق ئولتۇرۇپ تۇرىمىز، — دېدى مەتتۇرسۇن.

— ھە، مەي جەنجاڭ شۇنداق قىلىپ ئۇرۇمچىگە كېلىپ قالىلا، ئاچۇجاڭنى ئىزدەپ باردىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى شوپۇر ئەھۋال سوراپ.

— قويسىلا ئاچۇجاڭ ئۇنداق سەت قالپاقنى! بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ بىرىنچى قىلغان ئىشىم ئاچۇجاڭنى ئىزدەش بولدى. ئوتتۇز كىلو يەل-يېمىشنى يۈدۈپ، سالامنىڭ چوڭىنى بېرىپ ئالدىغا كىرسەم، ئەيتاۋۇر مېنى تونۇمىدى بولغاي، خوتۇنى تاشكەنتتىن قايتىپ كەپتىكەن. ئالدىغا باراتتىم دەپ ماڭا قارايدىغانغا چولىسى تەگمىدى، ھەي...، — دەپ ئۇلۇغ تىنىدى مەتتۇرسۇن

— ھە؟ نېمە دەيلا؟! ئاچۇجاڭنىڭ خوتۇنى قايتىپ كەپتىما؟ شوپۇر جىددىيلىك بىلەن سورىدى.

— ھەئە، مەن بارغاندا ئاچۇجاڭنىڭ خانىمىدىن تېلېفون كەلگەنىكەن، بۈگۈن قورغاسقا كەپتۇمىش.

— ئاپلا، يەنە مەن بالادا قالغۇدەكمەندە! ھازىر كەڭ ساينىڭ داۋىنىنى قار بېسىپ كەتتى. قانداقمۇ بېرىپ كېلەرمەن؟! — دەپ شوپۇرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

ئۇلار مانتا-پولۇ، كاۋاپلار بىلەن قورسىقىنى تازا تويغۇزغاندىن كېيىن، مەتتۇرسۇن يانچۇقىنى كوچىلاپ تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلەي دەپ تەمشەلگەندى. شوپۇر ئۇنى توسۇۋالدى.

— مەي جەنجاڭ، سىلى جىم ئولتۇرسىلا، سىلى بۇ يەرگە

مېھمان، مانا بىز ساھىبخان، ھەممە كىشىنى ئا چۇجاڭغا ئوخشاتمىسلا، بىزدەكلەرمۇ ھىلىقى قۇمتۇردا يېگەن كېپىك گۆشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىساقمۇ بولماس! — دەپ پۇلنى تۆلىۋەتتى شوپۇر.

بۇلارنى ئاڭلىغان مەتتۇرسۇننىڭ پەرىشان غەش كۆڭلى سەل سۇ ئىچكەندەك بولدى.

— رەھمەت ئۇكام، رەھمەت، شۇ ناۋاتەك كۆڭۈللىرىڭگە، ئىنسان ئىنسان بىلەن ئادەم بولىدۇ، پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، مەنسەپ دېگەننى گۆرگە ئەكىرىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەممىمىزنىڭ ئاخىر بارىدىغان جايىمىز ئوخشاش بىر گۆر. رەھمەت سىلىگە ئۇكام! مەن ئەتە ئەتىگەن كەتمىسەم بولمىغۇدەك، بۇنداق بۇلاڭچى شەھەردىن كۆڭلۈم بەكلا سوۋۇپ كەتتى. دەپ مەتتۇرسۇن سومكىدا ئېشىپ قالغان يەل-يېمىشلەرنى شوپۇرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي تۇتقۇزۇپ قويدى. مەتتۇرسۇنمۇ شوپۇرنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ ھاردۇق ئېشى ئەتكۈزۈپ بېرەي دېگىنىگە ئۇنىماي قېلىپ قالدى.

مەتتۇرسۇن شوپۇر بىلەن خوشلىشىپ قايتىش ئۈچۈن قاتناش بېكەتكە بېرىپ ئەتىنىڭ بېلىتىنى ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا غەش، پەرىشان ۋە يېرىم ئىدى. نېمە ئۈچۈنمۇ كەلگەندىمەن دېگەن پۇشايمان ئۇنىڭ بىغۇبار قەلبىنى ئۆرتەيتتى. ئۇ بالا-چاقىلىرىغا ئازراق سوۋغا-سالام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن چوڭ بىر بازارغا كىردى. بازاردا بىر-بىرىدىن چىرايلىق تىكىلگەن خىلمۇخىل ئورۇس قالپاقلىرى ئېسىقلىق تۇراتتى. دەسلەپتە ئۇ قالپاقلارغا قاراپ ئۇغىسى قايىنىغاندەك بولدى، سەل نېرىگە بارغاندىن كېيىن قانداقتۇر كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئاشۇ قالپاققا تارتىشقاندەك قىلىپ كەينىگە ياندى. ئۇ خىجىل بولغاندەك ئالدى-كەينىگە قارىۋېتىپ، ئاچۇجاڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالپىقىغا ئوخشاش كۆل رەڭ قالپاقتىن بىرنى تاللاپ بېشىغا كېيىپ باققانىدى، ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ ئاچۇجاڭدىن ئانچە قېلىشمايدىغان قاۋۇل - كېلىشكەن چىرايىنى كۆردى. قالپاق ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن يارىشىپ، ئۇنىڭ سىياقىنى باشقىچە تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى.

"سەن ئاچۇجاڭغا ياراشقان قالپاق بىزگىمۇ يارىشىدۇ!" دەپ مەتتۇرسۇن كۆڭلىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى - دە، ئىككىلەنمەيلا پۇلىنى ساناپ بېرىپ قالپاقنى سېتىۋالدى. ئۇ كونا ئاق تېرە تۇمىقىنى سومكىغا تىقىپ، قالپاقنى كىيىپلىۋالدى. ئۇ كوچىنى داۋاملىق ئايلىنىپ، ئالدىغان سوۋغا - سالاملىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، گويا يەنە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ قالپاق بازىرىغا يەنە كەلدى. ئۇ ھېلىقى ئاچۇجاڭغا ئاتاپ ئەكەلگەن يەل - يېمىشلەرنى ساتقان پۇلغا ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىغا، سۇ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرىگە، ئىستانسىنىڭ باشقا باشلىقلىرىغا ئاتاپ قالپاقتىن يەنە بەشنى ئالدى.

ئەتىسى مەتتۇرسۇن سەھەردە يۇرتىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھەر خىل ئوي - خىياللار ئىچىدە ئاپتوبۇسنىڭ سىلكىنىشىگە ماسلىشىپ، گالدا - گۇلدۇڭ كېتىپ باراتتى. بىراق قالپاق كىيىۋالغان ئاچۇجاڭنىڭ بۇدىراڭغۇ ئوبرازى، شوپۇرنىڭ كۈلۈمسىرىگەن چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەگىپ يۈرەتتى.

مەتتۇرسۇن سومكىدىكى قالپاقلارغا قاراپ ھەسرەتلىك كىچىك تىنىدى - دە، "ھەرنېمە بولسا قۇرۇق قول قايتمىدىم، قالپاق مودىسىنى بولسىمۇ يۇرتقا ئېلىپ كېتىدىغان بولدۇم، ھەي، قالپاق!" دەپ ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى.

1992 - يىل ئۆكتەبىر، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com

# پوۋېستلار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاي كۆيۈپتۇ

قەلبىمىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرىمنى ئەسلەش ئۈچۈنمۇ ياكى ئەينى يىللاردا يىتتۈرۈپ قويغان شېرىن چۈشلىرىمنى قايتا تېپىۋېلىش ئۈچۈنمۇ، نېمە سەۋەبتىن ئالدىراپ-تېنەپ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يولنى ئەگىپ، بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، سەل گاڭگىراپ قالغانىدىم.

يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ئەخەت مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى بۇ يەردە قايتا تەربىيە ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، بۇ كىشى دادۈي ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىدى. مەلۇم سەۋەبلەردىن ئەينى يىللاردا ئىككىمىزنىڭ ئېپى كېلىشمەي، ئارىمىزدا ئانچە-مۇنچە غۇملار ساقلىنىپ قالغان. بىراق بۇ ئىشلار ئاللىقاچان ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلاردىن تېرىقچىلىكمۇ ئەسەر قالمىغانىدى. ئىككىمىز گويا قەدىناس دوستلاردەك سەممىمىي ھەم قىزغىن كۆرۈشتۇق.

ئەخەت شۇجى مېنى ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە باشلاپ، گۆش ۋە ھاراق بىلەن مېھمان قىلدى. گالغا ئىككى-ئۈچ رومكا ھاراق قېقىلغاندىن كېيىن، ھەر ئىككىمىز ئاز-تولا قىزىپ قالدۇق.

— ئۆمەرجان، نەچچە يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىپ كەلگەن

ئەسەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن
ناھايىتى ياخشى يېزىۋاتىسىز، قەلىمىڭىزدە زور ئۈمىد بار ئىكەن. بە
ئايىتاملىقلار ئۆز ئوبرازلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەينى ئەكىر
ئېتىشىنى ئۇخلاپ چۈشىمىزدىمۇ كۆرمىگەنىدۇق. بىراق، سىز مۇھە
بىر كىشىنى ئەسىرىڭىزگە كىرگۈزمەپسىز! — دېدى ئەخەت شۇجى
ناھايىتى ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ.

— كىمنى دەيسىز؟ — مەن قىزىقىپ سورىدىم.

— كىم بولاتتى؟ بۇ كىشىنى ئۆزىڭىز مەندىن ئوبدانراق
بىلىسىزغۇ دەيمەن؟ ئۆز ۋاقتىدىكى ئايىتامنىڭ ئايقىزى بولمامدۇ؟

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ يۈرىكىم سەل جىغىلداپ قولۇمدىكى رومكا
قىڭغىيىپ كېتىپ، هاراقنىڭ يېرىمى شىرەگە تۆكۈلۈپ كەتتى.

— راست گەپنى قىلسام، بۇ ئىشتا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار.
ئەگەر...ھەي، ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟

— ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتىغۇ، بۇ ئىشلارنى تەگەپ نېمە
قىلىمىز!؟ ئۇ چاغلاردا ھەممىمىز ياش ئەمەسمىدۇق!

— شۇنداق، "ياشلىق — بەڭباشلىق" دەپتىكەن، ئۇ چاغلاردا
ھەممىمىز ياش ئىدۇق. — ئەخەت شۇجى يەنە بىر رومكا ھاراقنى
"گۈپپىدە" كانىيىغا ئۇرۇۋېتىپ، قىزارغان كۆزلىرىنى يوغان
ئېچىپ، — بۇ قېتىم ئايقىزنى يوقلاپ قويارسىز! — دەپ مەنىلىك
كۈلۈپ قويدى.

شۇ كېچىسى مەن ئەخەت شۇجىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. بىراق
زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. ئاستا ئۆيدىن سىرتقا چىقتىم.

كۈمۈش تاۋاقتەك تولۇن ئاي سۈزۈك ئاسماندا نازاكەتلىك
نۇرىنى پۈتۈن جاھانغا چېچىپ تۇراتتى. يىراقلارغا سوزۇلغان كۆك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆستەك رىتىملىق شارقىراپ ئېقىپ كېشىگە بىر خىل ھۇزۇر بېغىشلايتتى، شېرىن ئەسلىمىلەرنى قايتا ئەسلىتەتتى. بۇ نېمىدېگەن تونۇش سەھرا كېچىسى-ھە؟ ئۆتۈپ كەتكەن يىللار ماڭا گويا ئاي نۇرىدا قايتا كۆرۈنۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

## 1

شۇ يىللاردا نەدىن كەلگەن كۆچ-قۇدرەت ئىدىكىن، بىر كۈن چاپالىق ئىشلەپ كېلىپ، ئاخشاملىرى يەنە دادۇي ئىشخانىسىغا يىغىلىپ ئىككى سائەت ئويۇن تەييارلايتۇق. قىز-ئوغۇللار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقىمىز چىقىپ قالاتتى. ئۇ چاغدا، مېنىڭ ئائىلە تەركىبىم سەل يۇقىرى بولغاچقا، بىللە يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلاردىن كېيىندىغىنى كېتىپ، بۇ يەردە مەن يالغۇزلا قالغانىدىم. ئەسلىدە دادۇي ئىشخانىسىغا كېلىپ ياتسامۇ بولاتتى، بىراق بىرسىنى ئويۇن تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈنلا ھەر كۈنى بەش چاقىرىم يولنى ئارتۇق باساتتىم. ياتاققا قايتىپ كېلىپ، سوغۇق يوتقانغا دۈگدەرەپ كىرەتتىم-دە، تۇگۈلۈپ يېتىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۆزۈمنى ئىسسىتالمايتتىم. ناۋادا باشقا بىرسى بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ مۇنداق جاپا چەكمىگەن بولاتتى. بىراق مەن بۇنىڭغا رازى ئىدىم، چۈنكى مەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان بۇ كىشى ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئايقىز ئىدى.

شۇ يىللاردا ئايقىز ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، يېزىغا قايتىپ قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان ياشلار قاتارىدا ئەمگەك قىلاتتى. ئۇ

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سىنىپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتىكەن. بىراق، يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن "سېسىق زىيالىي" دەپ قارىلىپ تۆن يورۇماستىشقا چىقىپ، يۇلتۇز چاقنىغاندا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. بۇ ئىشتىن كۆڭلۈمدە نارازى بولساممۇ، ئامالىم يوق ئىدى. ئايقىزمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكىنى تاللىماي، باش چۆكۈرۈپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق يېزا كادىرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەكچى بولاتتى.

كېيىنچە ئايقىز بىزنىڭ تەشۋىقات كۇرۇژوكىمىزغا قاتناشتى. بۇ تەشۋىقات كۇرۇژوكىمىز ئەمەلىيەتتە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى بولۇپ، ئېتىز ئىشلىرى ئالدىراش چاغلاردا ئۇششاق ئويۇنلارنى، سەل ئارىسالدى چاغلاردا چوڭ - چوڭ ئويۇنلارنىمۇ تەييارلايتتۇق، ھەتتا شۇ زاماندىكى ئىنقىلابىي ئۈلگىلىك جىڭجۈي تىياتىرلىرىنىڭ پارچىلىرىنىمۇ تەييارلاپ، ھېيت - بايراملاردا يېزىمۇيېزا يۈرۈپ، دېھقانلارغا ئويۇن قويۇپ بېرەتتۇق.

مەن ئۇ چاغدا تەشۋىقات كۇرۇژوكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى بولۇپ، ۋەزىيەتكە باغلاپ ھەر خىل مەزمۇنلاردا قوشاق توقۇپ، تېكىست يېزىپ بەرسەم، باشقىلار ئۇنى سەھنىدە ئورۇنلايتتى. گاھىدا ئاپتونوم رايوندىن، ۋىلايەتتىن، ناھىيىدىن بىرەر باشلىق كېلىپ قالسا، ئۇلارنى قارشى ئېلىش مەزمۇنىدا بىرنېمىلەرنى يازاتتىم. مەن مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكىم بىلەن ئېتىز ئىشلىرىغا كۆپ چىقماي، ئاسانراق تۇرمۇش كەچۈرەتتىم. بەزىدە ئايقىزمۇ ماڭا ياردەملىشىپ، بىرنەرسىلەرنى يېزىشىپ بېرەتتى. ئۇ كۆپىنچە

ۋاقىتلاردا مەن يازغان تېكىستلەرنى كونا ئاھاڭلارغا سېلىپ سەھنىدە ئېيتاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككىمىز باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بىرگە بولاتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بەزى ياشلار بىزگە قىزغىنىشلىق نەزەرلىرىنى تاشلاپ، بىزگە ئالاھىدە قارىشاتتى.

مەن ئۇ چاغلاردا يىگىرمە تۆتلەرگە كېلىپ قالغانىدىم. مەھەللىدىكى يېشى مەن بىلەن تەڭ ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، بالىلىرى تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ، مەھەللە ئارىلاپ چېپىشىپ ئويناپ يۈرەتتى. شۇ چاغدا يېزىدىن ئۆيلىنىپ، بالا - چاقىلىق بولۇپ قالسام، شەھەرگە قايتىپ كەتمىكىم تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەنسەممۇ، بىراق كۆڭلۈمنىڭ قانداقتۇر بىر يېرى يەنىلا مۇشۇ يەرگە - تارتىشاتتى. بىركۈنى مەن «داجەي چېچەكلىرى» ناملىق بىر پارچە لەپەر يېزىۋاتاتتىم. ئايقىز كەينىمدىن ئاستاغىنا كېلىپ، بېشىنى خۇددى ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن سوزۇپ، يېزىۋاتقان قەغىزىمگە قىزىقىپ قارىدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈلگەن ئىككى تال سۇمبۇل چېچىنىڭ ئۇچى دەل گەجگەمگە ساڭگىلاپ چۈشۈپ، ۋۇجۇدۇمدا ئىختىيارسىز بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا قىلدى. يۈرىكىم گۈپۈلدەپ سوقۇپ، قولۇمدىكى قەلەمنى تاشلاپلا ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالغۇم كېلىپ كەتتى. بىراق قانچە قىلسامۇ زادىلا جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇ كېچىسى يوتقاندا يېتىپ، ئۇ يان ئۆرۈلۈپ - بۇ يان ئۆرۈلۈپ، زىنھار ئۇيقۇم كەلمىدى، ئاخىر تالاغا چىقىپ، كۆك ئۆستەڭنى بويلاپ ماڭا - ماڭا، تاڭ يورۇي دېگەندە قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ قالدىم.

راست گەپنى قىلسام، ئايقىز مەھەللىدىكى ئەڭ گۈزەل قىزلار-دىنمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل، چىرايلىق قىزلاردىن يەنە

بىرنەچچىسى بار ئىدى. شۇ قىزلاردىن بىرى ماڭا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ يۈرەتتى. مەن ھەر قېتىم ئايقىز بىلەن بىرگە تۇرغان چاغلىرىمدا، ئۇ ھەسەتتە يانغان كۆزلىرى بىلەن بىزگە ھومىيىپ قاراپ قوياتتى. شۇغىنىسى مەن ئايقىزنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ، باشقا قىزلاردىن پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە بولمىسىمۇ، كىيىم-كېچەكلىرىنى يارىشىملىق پاكىز ھەم رەتلىك كىيىپ يۈرەتتى. ئىككى تال ئۆرۈلگەن چېچىنى گاھىدا چىرايلىق قىلىپ چېكىسىگە باتتىكلىۋالاتتى. ئاي يۈزىگە ياراشقان قىپقىزىل مەڭزى ۋە لەۋلىرى بەئەينى پىشىپ يېتىلگەن تاغ جىنەستىسىدەك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

مەن ھەر كۈنى ئايقىز بىلەن بىللە بولۇشنى تولىمۇ خالايتتىم. ئۇ يېنىمدا بولىدىغان بولسىلا، ھەرقانداق ئېغىر ئەمگەكمۇ ماڭا ئاجايىپ يېنىك تۇيۇلاتتى. ئۆستەڭگە تاش يېيىتقان چاغلاردا يوغان-يوغان خادا تاشلارنى لىككىدە كۆتۈرۈپلا ئاپىرىۋېتەتتۇق. گاھىدا ئىككىمىزنىڭ قوللىرى بىر-بىرىگە تېگىشىپ قالسا، بەدىنىمگە توك ئۆتۈپ كەتكەندەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇم يېقىملىق ھالدا جىغىلداپ كېتەتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا، ئايقىز ماڭا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ ئىككى مەڭزى تاۋلىنىپ پىشقان توغاچتەك قىزىرىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ كۈلۈشلىرىدىن ياشلىقنىڭ گۈزەللىكىنى، ھەم جاپا-مۇشەققەت ئىچىدىكى بىر خىل شېرىن ھېس-تۇيغۇلارنى سېزىۋالاتتىم. بىركۈنى ئىشتىن يانغاندا، كەچكى شەپەق نۇرى پۈتۈن يېزىنى قىزغۇچ رەڭگە چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. ئايقىز مۈرىسىگە كەتمەننى سېلىپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قىزىل ھىللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياغلىقى شەپەق نۇرىدا چوغدەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. شۇ پەيتلەردە بەدىنىم بىردىنلا قىزىدى، تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل شېرىن تۇيغۇ مېڭەمدىن تاپىنىمغىچە ئۆتتى، مەنمۇ چەت ئەل كىنو فىلىم-لىرىدىكى يىگىتلەردەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى قانماي-قانماي، باغرىمغا بېسىپ، جىنەستىدەك مەڭزىگە سۆيگۈم كېلىپ كەتتى.

لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئۇ مېنى ياخشى كۆرەمدۇ-كۆرمەمدۇ؟ بۇنى تېخى ئۆزۈممۇ تولۇق بىلەلمەيتتىم. چۈنكى مەن بۇرۇن بىرەر قىز بىلەن يۈرۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ نەزىرىمدىكى مۇھەببەت پەقەت كىنو ۋە رومانلاردىكى مۇھەببەتلا بولۇپ، ئايدىڭ كېچىلەردە، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان باغلاردا، يىگىت قىزغا: "مەن سىزنى سۆيىمەن!" دېسە، قىزمۇ يىگىتكە: "مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن!" دەپ، ئىككى لەۋنىڭ ئاستا-ئاستا بىر-بىرىگە يېقىنلىشىشىدەك مۇھەببەتلەردىن ئىدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ئويۇن تەييارلاش تۈگەپ، ئايقىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن يولغا چىقتىم. كۆكتىكى تولۇن ئاي گويا مۈكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك قىلىپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ-چىقىپ، سۈتتەك نۇرىنى گاھ چېچىپ، گاھ يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئايقىزنىڭ ئۆيى ئۈچىنچى مەھەللىدە، مېنىڭ تۇرغان جايىم ئىككىنچى مەھەللىدە ئىدى. كەنت بىلەن ئايقىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى كەم دېگەندە بەش چاقىرىم كېلەتتى.

— سىزنىڭ ھېلىقى گېزىتتە ئېلان قىلغان ھېكايىڭىزنى ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىز سىرگە ئوقۇپ بەرگەنىدى، — دېدى ئايقىز توساتتىنلا يولدا كېتىۋېتىپ، — كېيىن ئۇقسام بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى سىز ئىكەنسىز.

ھە، شۇنداقمۇ؟ — دەپ خۇشال ھالدا سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— مۇئەللىمىز بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى قايتا تەربىيىگە چۈشكەن بىر زىيالىي ياش دەپ بەرگەنىدى. كېيىن ساۋاقداشلىرىم سىزنىڭ دەل بىزنىڭ يېزىدا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ، مەندىن كۆپ سوراشتى. بەزىلەر سىزنى ئىنتايىن سىپايە، چوڭ زىيالىي ئىكەن، دەپ بىلگەنىدى...

— ئەگەر ئۇلار مېنى كۆرگەن بولسا، بۇ ھالىمغا قاراپ چوقۇم ئۈمىدسىزلىنىپ ھەيران قالاتتىغۇ، دەيمەن؟

— نېمىدەپ ھەيران قالاتتى؟ مېنىڭچە ھەيران قالمايدۇ!

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار دېگەندەك، سىزنىڭ غايىڭىز زور، كېلەچەككە بولغان ئىنتىلىشىڭىز كۈچلۈك، بىر ئادەم ھاياتىدا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكنىلا ئويلىسا بولمايدۇ ـ دە!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قەلبىمدە بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا بولغاندەك بولدى. قەددىمىنى توختىتىپ، ئايىقىزغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ قالدىم. ئۇمۇ قەددىمىنى توختىتىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە خىجىل بولغاندەك سورىدى:

— نېمە بولدى؟!

— . . . . . . . . . . .

ئاي نۇرىدا، ئايىقىز شۇنچە گۈزەل، شۇنچە پاك، شۇنچە نازاكەتلىك، كىشىنىڭ قەلب تارلىرىنى تىترەتكەندەك ھالەتتە كۆرۈنەتتى. ئۆمرۈمدە شۇنچە كۆپ گۈزەللەرنى كۆرگەن بولسامۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئايىقىزغا تەڭ كېلەلمەيتتى. مەن ئۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنىسىز ئۆزۈمنى يوقاتقان هالدا جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم، ئەمما يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، بەدىنىم تىكەنلىشىپ، بىردىنلا تىترەك ئولاشقاندەك بولدى.

— ئا... ئايقىز!

شۇ چاغ بۇ ئىسىمنى قانداق ئاغزىمدىن چىقارغىنىمنى بىلمەيمەن، بۇ ئىسىم گويا ماڭا يىراق-يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— مەن... مەن...

ئاغزىم گەپكە قولاشماي، ئۆزۈمچە تېخىمۇ بەك تىترەپ كەتتىم.

— ئۆمەرجان ئاكا، نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى ئايقىز مەندىن جىددىي هالەتتە.

— مەن...

— نېمە گېپىڭىز بولسا دەۋەرمەمسىز! ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا دېيىشەلمەيدىغان نېمە گەپ بار؟

ئايقىزنىڭ كۆزلىرى ياقۇتتەك چاقناپ، ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى. ئاۋازىمۇ نازاكەتلىك هەم شېرىن ئىدى، تەبەسسۇم كۈلكىسى كىشىنىڭ ئەس-هوشىنى يوقاتقۇدەك هالەتتە ئىدى.

— مەن...

— دەڭا...

ئايقىز يەنىلا تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. شەهلا كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلانغاندەك قىلاتتى. مەن بۇ كۆزلەردىن ئىلهاملىنىپ، دۇتارنىڭ تارىسىدەك تىترەپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىم بىلەن قەلبىمنى ئىزهار قىلدىم:

— ئايقىز، مەن سىزنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن! ئىككىمىز توي قىلايلى!

ئايقىز مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغاندەك، ھەتتا مەن بىلەن بىرۋاقتتا دېگەندەك: "ياق!" دەپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى چىڭ ئېتىۋالدى.

ئايقىزنىڭ مەندىن خاپا بولغانلىقىنىمۇ ياكى خىجىل بولغانلىقىنىمۇ، يا بولمىسا ناز قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ھېچ بىلەلمىدىم. ئۇنىڭ "ياق!" دېگەن سۆزى گەرچە ناھايىتى پەس ئاۋازدا ئېيتىلغان بولسىمۇ، قۇلىقىمغا ناھايىتى ئېنىق ۋە زىل ئاڭلاندى. ئوتتەك قەلبىم بىراقلا سوۋۇپ، گۇناھكار ئادەمدەك جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم، خىجىللىقىمدىن ئۆزۈمنى-ئۆزۈم ئەيىبلەپ، "كىشىنىڭ خىيالىدىمۇ يوق بىر ئىشقا... مەن زادى نېمە بولدۇم؟" دېگىنىمچە كەينىمگە بۇرۇلۇپلا يۈگۈردۈم. ئايقىزنىڭ كەينىمدىن ۋارقىراپ-جارقىرىغانلىقىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. مەن پەقەت كۆك ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

## 2

ئەخەت شۇجى ئەسلىدە مەن بىلەن بىرگە ئايتام يېزىسىغا بارماقچى بولغانىدى، بىراق ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپى ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن ناھىيىدە يىغىن بارلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەخەت شۇجى ئامالسىز ماڭا كۆپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تۇتقۇزۇپ قويدى:

— يېزىمىزدا نەچچە يىللاردىن بېرى خېلى كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، — دېدى ئۇ خوشلىشىۋېتىپ، — يەنىلا شۇ ئېتىزلار، شۇ ئۆستەڭلەر، شۇ يوللار. سىز ئېزىپ قالغۇدەك ھالەتتە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەنتكە تېلېفون بېرىپ قوياي دېسەم، تېلېفون بۇزۇلۇپ قالغىلى نەچچە ئاي بولۇپ قالدى، پوچتا ئىدارىسىنى ئوبدان رازى قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھېلىغىچە ياساپ بەرمەيۋاتىدۇ. مەھەللە كادىرلىرىغا خەت يېزىپ بېرەي، ئۇلار سىزنى ئوبدان كۈتۈۋالىدۇ!

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان كۆك ئۆستەڭنى بويلاپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھارۋا يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتىم. توپ-توپ قوي-كالىلار تاڭ قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمگەن كەڭ يايلاقلاردا، ئۆستەڭ بويلىرىدا، ئېتىزلار ئارىلىرىدا بىخىرامان ئوتلاپ يۈرەتتى. ساپ ھاۋا، سۈپسۈزۈك ئاسمان، ئاپئاق بۇلۇت، ياپيېشىل ئېتىزلار مەندەك ئۇزاق مۇددەت ئېگىز-ئېگىز بىنالارنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ، ئىس-تۈتەكلەرنىڭ پۇرىقىدا ئىسلىنىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن تولغان شەھەردە ياشاپ كەلگەن ئادەم ئۈچۈن جەننەت ھۇزۇرى ئىدى.

لېكىن ئاشۇ زامانلاردا، بۇ گۈزەل ماكاندا ئەخەت شۇجى بىلەن ئېيىمىز كېلىشمەي ئۆتۈپ كەتكىنىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئارىمىزدىكى كېلىشمەسلىك-ئىختىلاپلارنىڭ تۈگۈنى يەنىلا ئايقىز ئىدى. ئايقىز ئۇ چاغدا مەھەللىمىز بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بىردىنبىر قىز بولۇپ، كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئايقىزدىن زور ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇنى كەنت ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلايلى، دەپ ئويلاشقاندا، دەل ئەخەت شۇجى چىرايلىق باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ:

— ئايقىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان بىلەن ئىدىيە جەھەتتە يۇقىرى بولۇشى ناتايىن، ئادەتتە كىتابنى كۆپ ئوقۇغان كىشىنىڭ بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. نېمە

ئۈچۈن زىيالىي ياشلار شەھەردىن بۇ يەرگە كېلىپ، بىز كەمبەغەل-تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئالىدۇ؟ بۇ ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقى، بۇنى بىز ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. ئايقىز ئالدى بىلەن ئەمگەك ئۆتكىلىدىن ئۆتەلىسە، سىناپ كۆرۈپ ئاندىن بىرنېمە دېيىشمەمدۇق! — دېگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئايقىزنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئورنىنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، چۈنكى ئەخەت شۇجى ئۆزىنىڭ شۇجىلىقىدىن باشقا ھېچقانداق جەھەتتە ئايقىزغا يەتمەيتتى. ئەخەت شۇجى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۈم، دەپ ماختانغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە داۋاملىق كىشىلەرنىڭ كۈلكە-شاڭخوسىغا قالاتتى. بىر قېتىم ئۇ رادىئودىن "دۆلىتىمىز تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۈنئىي ھەمراھنى ئاسمانغا چىقاردى" دېگەن خەۋەرنى چالا-پۇچۇق ئاڭلىۋېلىپ، دەرھال ياشلارنى يىغىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— يولداشلار، ئۇلۇغ پايتەختىمىز بېيجىڭدىن ئەڭ، ئەڭ زور خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى. دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى سۈنئىي ھەمراھى پارتلاپتۇ! — دېگەندە ياشلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپ:

— ھەي، ئەخەت شۇجى، سۈنئىي ھەمراھ پارتلايدىغان ئاتوم بومبىسى ئەمەس، سۈنئىي ھەمراھ دېگەننى ئاسمانغا قويۇپ بېرىدۇ! — دېيىشىدى، ئۇ خىجىللىقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

بىراق مەن ئادەتتە ئۇنى يەنىلا ھۆرمەتلەيتتىم. ئۇ ناھايىتى ئىشچان بولۇپ، ئەمگەكتە ھەرقاچان ياشلارغا ئۈلگە بولالايتتى. ئۇ كۆتۈرگەن يوغان خادا تاشلارنى ھېچكىممۇ كۆتۈرەلمەيتتى. بىراق ئايقىزغا ئىچى تارلىق قىلىپ قويغاچقا، كېيىنچە كۆزۈمگە ئانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

ئىسسىق كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

## 3

ئالدىمدا بىر دۆڭ بار ئىدى. دۆڭنى ئاتلاپ ئۆتسەملا ئاپتام يېزىسىغا يېتەتتىم، مەن ۋېلىسىپتتىن چۈشۈپ يېتىلەپ ماڭدىم، كۈن نۇرى خېلى كۈچلۈك ئىدى، پۈتۈن بەدىنىم تەرلەپ چارچىغانـدەك قىلدىم. قەدىمىمنى توختىتىپ ئازراق ھاردۇقۇمنى چىقىراي دەپ دەرەخنىڭ تۈۋىدىگە كېلىپ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇردۇم.

يېزا مەنزىرىسى كارامەت گۈزەل ئىدى. بىپايان كەتكەن ئېتىزلاردا ھەر خىل زىرائەتلەر كۆكلەپ تۇراتتى، تۈيۈقسىز تراكتورنىڭ "پاق - پاق" قىلغان ئاۋازى ئەتراپتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، قۇيرۇقىدىن قويۇق قارا ئىس چىقارغان پېتى مەن تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى، يېقىن كەلگەندە شوپۇرغا سىنچىلاپ قارىغانىدىم، يۈرىكىم بىردىنلا ئۇنى تونۇغانـدەك بولـدى. ئۇ دەل ئايقىزنىڭ ئاكىسى ئابدۇراخمان ئىدى ئۇمۇ مېنى تونۇپ، تراكتورنى ئالدىمغا ھەيدەپ كەلدى.

— ۋاي، بۇ ئۆمەرجان ئەمەسمۇ؟ قاچان كېلىپ قالدىڭىز؟ — ئابدۇراخمان تراكتوردىن سەكرەپ چۈشۈپ، مەن بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.

ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى خېلى رەتلىك، جايىدا بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى خاراب ئەلپازى يوق ئىدى. ئۇ سەممىي ھەم قىزغىن ھالدا يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يانچۇقىدىن تاماكىنى چىقىرىپ ماڭا بىر تالنى سۇندى.

— ئاڭلىسام يازغۇچى بولۇپ كېتىپسىز، ئېمىدېگەن تەلەيلىك ئادەمسىز، ئايىتامنىڭ سۈيى يارىشامدۇ ئېمە، ھېلىقى ئۇرۇمچىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر مەخمۇت ئەپەندىمۇ مۇشۇ ئايىتاملىق.

— يازغۇچى، شائىر دېگەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئادەمغۇ؟! — مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەردىم.

— ياق، ياق قانداقمۇ ئوخشايدۇ؟ بىز دېگەن كەتمەن بىلەن ئېيتىشىدىغان دېھقان، سىلەر دېگەن كادىر، ياق كادىردىنمۇ ئېسىل ئادەملەر، ئايىغىڭلار توپا دەسسىمەيدۇ، بېشىڭلارغا ئاپتاپ چۈشمەيدۇ، قانداقمۇ بىزگە ئوخشايسىلەر!

— ياق، ھازىر سىلەردىن نوچى ئادەم يوق، ھازىرقى زامانىنىڭ دېھقانلىرى كادىردىن باي، ھەممىدىن خىزمەتچىلەر كەمبەغەل، قارىمامسىز، ھەيدىشىڭىز تراكتور، بىزچۇ؟ — مەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئېگىكىم بىلەن يېنىمدىكى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا ۋېلسىپىتنى ئىشارەت قىلدىم.

— بۇ "پاق-پاق" دېگەن ئېمىتى؟ ھازىر بىرنەچچە ماشىنىسى بارلار بار، — دېدى.

— بۇنى ئۆزىڭىز سېتىۋالغانمۇ؟ — مەن قول تراكتورىنى كۆرسەتتىم.

— ھەئە، ئۆتكەن يىل تۆت مىڭ يۈەنگە سېتىۋالغان، كېلەر يىللىرى مەنمۇ بىر ماشىنا سېتىۋالاي، دەۋاتىمەن. بۈگۈن تەمىنات كوپىراتىپىغا مالغا مېڭىپ قاپتىمەن، بولمىسا مەھەللىمىزگە ئۆزۈم ئاپىرىپ قوياتتىم. يا بولمىسا كەينىمگە يېنىپ ئاپىرىپ قويايمۇ؟ — دېدى ئابدۇراخمان ماڭا قاراپ.

— ياق، ياق! ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت! بىرەر ئالدىراش

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشىم بولمىغاندىكىن ئالدىرىماي يېتىۋالىمەن، يېقىن قالدىغۇ! —
دېدىم.

— ھەئە، يېقىن قالدى، يەنە يېرىم سائەتكە قالماي يېتىپ بارىسىز. مېنىڭ ئۆيۈم يەنە ھېلىقى ئىككى توپ قېرى جۇجەم دەرىخىنىڭ كەينىدە. بىراق كونا ئۆيلەرنى چېقىۋېتىپ، يېڭى ئۆي سېلىۋالدىم، ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگىلا بېرىڭ، مەن پېشىنگە قالمايلا قايتىپ كېلىمەن. ئۆيدە ساقلاپ قويغان ئالىي سورتلۇق "ئىلى داچۈي" ھارىقى بار، بىرەر بوتۇلكا ئىچىپ ئوبدان مۇڭدىشىمىز. ئايقىزمۇ ئۆيدە بار، — دېدى.

— ئايقىز بارمۇ؟ — سورىدىم سەل دۇدۇقلىغان ھالدا.

— بار، بار، بىراق... بۇ ئىشلارنى نېمە دېگۈلۈك؟ بارسىڭىز ئۇققۇسىز، يەنە بۇرۇنقى جايدا، ھېلىقى تەمىنات كوپىراتىپىدا ئىشلەيدىغان ھوشۇر توختىنىڭ ئۆيىنى بىلىسىزغۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

قانداقتۇر ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئايغىنى بىرسى ئۈزۈپ قويغاندەك يەنە ئاغزىنى مىدىرلاتقاندەك قىلدىيۇ، "پاق-پاق"نى ئوت ئالدۇرۇپ كېتىپ قالدى، مەن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان "پاق-پاق"قا قاراپ، كۆڭلۈمدە بىر خىل ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. ئايقىز زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئەجەب ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ "بۇ ئىشلارنى نېمە دېگۈلۈك؟" دەيدىغۇ شۇ ۋاقىتتا ئايقىز پەقەت ئاكىسى ئۇچۇنلا...

شۇ يىلى ئابىنامدا سوغۇق ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، قار بەكلا قېلىن ياغقانىدى. قىش كىرە-كىرمەيلا ئەتراپ ئاپئاق كىگىز يېيىپ قويغاندەك قار بىلەن چۆمكەلگەنىدى. ئېتىزدا قىلىدىغان ئىش يوق، ياتاق سوغۇق، قالاي دېسە كۆمۈر يوق. بىركۈنى مەن

ماخۇدىن يوغان بىر سېۋەت سامان ئەكېلىپ كاڭغا ئوت قالاپ ئوتنىڭ كۆلدە ياڭيۇ پىشۇرۇپ يەپ ئولتۇرغىنىمدا، ئابدۇراخماننىڭ گايىت سالى دەيدىغان يېقىن بىر ئاغىنىسى ئۈستىبېشى قار ياتقىنىچە كىرىپ كەلدى.

ئۇ چاغدا ئابدۇراخمان مەندىن بىر-ئىككى ياش چوڭدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئاغرىقچان بولۇپ، يېتىپ قالغىنىغا بىرنەچچە يىللار بولغانىدى. ئۆي-ئىچىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئابدۇراخمانغا قاراشلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىقىزنى تولۇق ئوتتۇرىغىچە ئوقۇتىمەن دەپ، ئۆيلىنەلمەي يۈرگەنىدى. ئاغىنىسى گايىت سالى خېلى بۇرۇنلا ئۆيلىنىپ ئىككى باللىق بولۇپ كەتكەن.

گايىت سالى ئۈستىبېشىدىكى قارلارنى قېقىۋېتىپ، ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېنىمدا ئولتۇردى، ئىككىمىز بىرەر تالدىن موخوركا چېكىشتۇق، گايىت سالى سۆزىنى باشلىدى:

— ئۆمەرجان، بۈگۈن بىر ئىش بىلەن كېلىۋېدىم، بۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش، ياردەم قىلىسىڭىز! — دېدى.

— قولۇمدىن كەلسىلا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن! — دېدىم مەن.

گايىت سالى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە قولىڭىزدىن كېلىدۇ، بىرىنچىدىن، سىز كۈچ سەرپ قىلمايسىز، ئىككىنچىدىن، يېنىڭىزدىن بىر سىنت پۇل چىقمايدۇ، سىزدىن كېتىدىغىنى پەقەتلا بىر ئېغىز گەپ — دېدى.

— ھېلىغۇ بىر ئېغىز ئىكەن. ئون ئېغىز بولسىمۇ مەيلىغۇ، گەپ قىلغانغا ئېغىز ئۇپراپ قالاتتىمۇ؟ — دېدىم.

— سىزمۇ بىلىسىز، ئايىقىزنىڭ ئاكىسى ئابدۇراخمان توي قىلالماي بويتاق يۈرگەلى ئۇزاق بولدى، دادىسىنىڭ كېسىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىشى ئابدۇراخمانغىلا قاراشلىق، ئايقىز بولسا قىز بالا، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى تېخى كىچىك. دادىسى ئابدۇراخماننى ئۆيلەپ قەرزىمنى ئادا قىلسام، دەپ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز تەرەپنىڭ تويلۇقى بەكلا ئېغىر ئىكەن، تويلۇق ئۈچۈن كەم دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يۈەن كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن توي قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس.

ــ ئەلۋەتتە، دېگىنىڭىز راست، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بىر يىللىق دارامىتى مىڭ يۈەنگە يەتمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئائىلە ئادەم يېمەمدۇ، ئىچمەمدۇ، بۇنچىۋالا تويلۇقنى قانداق تۆلەيدۇ؟ ــ دەپ ھېسداشلىق بىلدۈردۈم.

ــ شۇنى دېمەمسىز، تام تېشىپ ئوغرىلىق قىلغىلى بولمىسا، ئابدۇراخماننىڭ يېشى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ ئىش توغرىسىدا بېشى قېتىپ، ئاخىر ئامال قىلالماي، ئايقىزنى ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ تويلۇق بەدىلىگە ئاكىسىنى ئۆيلەپ قويايلى، دەۋاتىدۇ، ــ دېدى گايىت سالى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى ۋۇجۇدۇمنى توك سوقۇۋەتكەندەك سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. گايىت سالى ماڭا يۈز كېلەلمەگەن ھالدا يەرگە قاراپ خېلى ھازاغىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئوچاقنىڭ ئۈچۈپ قالاي دېگەن ئوتىدىن سۇس ئىس چىقىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا لەيلەپ تۇراتتى.

گايىت سالى يەنە بىر تال موخوركا ئورىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئايقىزغىمۇ لايىقىنى تاللاپ قويۇپتۇ. ھېلىقى يېزا تەمىنات

كوپراتىپتىكى ھوشۇر توختىنى بىلىسىزغۇ، گەرچە ئۇنىڭ يېشى سەل چوڭراق بولغىنى بىلەن، قانداقلا بولمىسۇن، ھەر ئايدا بەش تەڭگە مائاش ئالىدىكەن، ئۇ كىشى ئايقىزغا ئەلچى ئەۋەتىپ تويلۇق ئۈچۈن تۆت-بەش مىڭ يۈەن بولسىمۇ بېرىشكە قۇدرىتى يېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىراق ئايقىز بۇ ئىشقا قەتئىي قوشۇلماي، نەچچە كۈندىن بېرى يېمەي-ئىچمەي يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىش ئايقىز ئۈچۈن ئېغىر كېلىدۇ. بىراق بۇنداق قىلماي ئامال قانچە؟ — دېدى گايىت سالى بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ.

تالادا قار يەنە لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى. ھۇشقىيتىپ چىقىۋاتقان شۇۋىرغاننىڭ ئاۋازى گويا بىرسى يىغلاۋاتقاندەك ئەنسىز ئاڭلىناتتى. قەلبىمنى بىرسى پىچاق بىلەن تىلىۋاتقاندەك پەرىشان ھالدا جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئۆمەرجان، گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلماي بولمايدۇ. ئايقىز بىلەن سىزنىڭ مۇناسىۋىتىڭىزنى بىزمۇ ئوبدان بىلگەن يەردە، ئايقىز چۈشىدىمۇ ئۆمەرجان دەپ جۆيلۈيدۇ. ئەگەر بۇ ئىش راستىنلا ئەمەلگە ئېشىپ قالسا، ھەممىمىز رازى بولغان بولاتتۇق. بىراق ئابدۇراخماننىڭ تويلۇقىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەردە بۇ ئىشنى سىز... سىلەرنى ئەتىلا نىكاھ قىلىپ قويساقمۇ مەيلى ئىدى...

مەن ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ئۆزۈم ئاران بېقىۋاتسام، ئاتا-ئانامنىمۇ پومېشچىكنىڭ ئەۋلادى، دەپ باشقا بىر يېزىغا چۈشۈرۈۋەتكەن تۇرسا، بۇ ئۈچ مىڭ كوي پۇلنى مەن قانداق تۆلەيمەن؟ مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، بېشىمنى ئاستا چايقاپ قويدۇم.

— ئەگەر ئۇنداق بولسا، سىز ئايقىزغا نەسىھەت قىلىپ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى توينى كېلىشتۇرۇپ قويسىڭىز! — دېدى گايىت سالى ئاخىر.

ئۇ بۇ گەپلەرنى ئىنتايىن سالماق ھەم ئاستا ئېيتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى خۇددى خەنجەردەك يۈرىكىمگە سانجىلدى. مەن تەلۋىلەرچە ئورنۇمدىن تۇرۇپ "ياق، ياق" دەپ ۋارقىرىۋەتتىم.

گايىت سالى خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىش ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى. شۇ كۈنى تۈنجى قېتىم يىغلىۋەتتىم.

بىراق شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، ئابدۇراخماننىڭ باغرىمۇ تاش ئەمەس، ئەگەردە ئۇنىڭ قولىدا توي قىلغۇدەك ئىقتىسادى بولغان بولسا ئىدى، ئۇمۇ ئۆز سىڭلىسىنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن سىڭلىسىنى قۇربان قىلمىغان بولاتتى.

ئۆچكەن ئوتنىڭ ئىسىمۇ قالمىغانىدى. پەنجىرىگە مۇز باغلاپ، شۇۋىرغان بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن كىرىپ، ئۆينىڭ ئىچىنى باشقىدىن سوغۇق قىلىۋەتكەنىدى.

ھەي، قىش! پۈتۈن ئالەمنى مۇزلىتىپ، يۈرەكنى پارە-پارە قىلىۋەتكەن زىمىستان قىش! سەن نېمىدېگەن رەھىمسىز!؟

مانا شۇنداق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئايىقىزنى ئىزدىمەكچى بولدۇم، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ يەنىلا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

ھېلىقى ئىككى تۇپ قېرى جىجەم دەرىخى گويا ھەممىگە گۇۋاھ بولغاندەك بوش لىڭشىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ پەنجىرىسىدىن چىنچىراغنىڭ غۇۋا شولىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتىيۇ، ھېچقانداق ئاۋاز

ئاڭلانمايتتى. مەن جىن چىراغىنىڭ پىل ـ پىل قىلىپ يېنىپ تۇرغان شولىسىغا قاراپ ئۇزاقلارغىچە تۇردۇم.

ئايقىزنى كۆرسەم نېمە دەيمەن؟ زادى نېمە دېيىشىم كېرەك، قۇرۇق گەپكە ئاكىسىنىڭ تويلۇقى كېلەمدۇ؟...

شۇ كۈنى سىرتتا يېرىم كېچىگىچە چۆگىلەپ يۈردۈم. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار سوغۇق نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى، شۇئىرغان ھە دەپ گۈركىرەيتتى. ئاپئاق قارلار ئاياغ ئاستىمدا غاچىلداپ خۇددى بوۋاقلاردەك ئىڭرايتتى. تۇيۇقسىزلا ئايقىزنىڭ بىر قېتىم ماڭا: "بىز سەھرا قىزلىرى نېمىدېگەن بىتەلەي ـ ھە!" دېگەن سۆزى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى.

. . . . . . . . . . . .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەخەت شۇجى مەن بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇنىڭ ئاتىكاچىلىق، دەبدەبىلىك، جەددىيلىك چىقىپ تۇرغان ئەلپازىدىن نارازى بولغان بولسامۇ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىردىم، چۈنكى ئۇنىڭ زىيالىي ياشلار رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى دېگەن تاجىسى تېخى بار ئىدى (ئەمەلىيەتتە يالغۇز مېنىلا باشقۇراتتى).

— ئامىنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، ئابدۇراخمان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىڭلار سەل جەددىيلىشىپ قالغانغا ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس! — دەپ ئىقرار قىلمىدىم.

— شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ. ئايقىز بىلەن ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋەتى ئۇلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋەتىگە تەسىر يەتكۈزگەن. سىز يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياش، ئىستىل مەسىلىسىدە خاتالىشىپ، كېيىنكى ئىستىقبالىڭىزغا ئولتۇرۇپ قويىماڭ، يەنە! — دېدى ئۇ ماڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاراپ.

مەن بۇ ياش رەھبىرىمگە قاراپ، يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي، ئۆزۈمنى ئاقلاشقا باشلىدىم.

— ئايقىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق، نورمال مۇناسىۋەتنە بېرىش-كېلىش قىلغان، قانداق خاتالىشىمەن؟ — دېدىم.

— نورمال مۇناسىۋەت بولسىلا بولىدىغۇ! ئامىمىدىن ئىنكاس كەلگەندىكىن، رەھبەرلىكنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كۆز قارىشى بولىدۇ. مېنىڭ بۇ ئىشتا سىزنى سەگەكلەندۈرۈپ قويۇش مەسئۇلىيىتىم بار، يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلدى، يېقىندا زىيالىي ياشلاردىن خىزمەتكە ئالىدىكەن، بۇ قېتىم كېتەلەمسىز-كېتەلمەمسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىپادىسىگە باغلىق! — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى مەن ئۈچۈن خېلى سالماقلىق گەپ ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا ھەممىنى تولۇق چۈشەنگەندەك ھېس قىلدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئابدۇراخمان بىلەن گايىت سالى ئەخەت شۇجىگە مېنىڭ ئۇستۈمدىن ئەرز قىلغانغا ئوخشايدۇ. ئابدۇراخمان بۇ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سىڭلىسىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزى خوتۇن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن...

سوغۇق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. ئىككى تامچە ياش يۈزۈمنى يالاپ ئېڭىكىمگىچە چۈشتى. مەن ئايقىزنى قۇتۇلدۇرالمايدىكەنمەن، ئۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئازاب چەككۈزىمەن؟ ئامالسىز ئىش ئۈچۈن خىزمەتكە چىقىشىمغا تەسىر يەتكۈزسەم، ئۆمۈر بويى ئارماندا قالمامدىم؟ پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئايىتامدا ئۆتكۈزەمدىم؟...

ئۇقتىدارسىزلىق، ئاجىزلىق ۋە ۋاپاسىزلىق ئاخىر نازۇك قەلبىمنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. گايىت سالى مېنى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ كەلگەندە، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئايقىزغا بىر پارچە خەت يېزىپ گايىت سالىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. گايىت سالى خۇشال بولۇپ خەتنى ئالدىيۇ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بەش قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— سىزگە چوقۇم تويىنىڭ باغىقىنى ئەۋەتىمىز، قاتنىشىپ بېرەرسىز! — دەپ كېتىپ قالدى، نەچچە كۈندىن كېيىن، گايىت سالى ئايقىزنىڭ ماڭا يازغان ئىككىلىكچە بىر خېتىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئالقانچە بىر پارچە ئاق قەغەزدە پەقەتلا: "لەنەت ساڭا!" دېگەن سۆزلا بار ئىدى، خالاس.

مەن يەنە يىغلاپ تاشلىدىم. بىراق مېنى تىللاپ يازغان بۇ خەتنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىرئاز بوشاپ قالغاندەك بولدى، چۈنكى ئايقىزنىڭ مېنى تىللىشى ھەقلىق ھەم توغرا ئىدى.

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مانا ئۇن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۇن نەچچە يىل جەريانىدا ئايقىزنىڭ "لەنەت ساڭا!" دېگەن سۆزىنى بىر منۇتمۇ يادىمدىن چىقارغىنىم يوق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يادىمدىن چىقارماسمەن. بۇ قېتىم ئالدىراپ ـ تېنەپ بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشمەكچى بولۇشۇممۇ بەلكىم مۇشۇ سەۋەبتىندۇر.

4

ئايتام يېزىسىغا ئاز قالغاندا، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن كۆككە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاقشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىتنىڭ ئەرزان تىۋىلاش پەشتىقىنى كۆردۈم. بۇرۇنقى مەسچىتنىڭ پەشتىقى مۇنداق ھەيۋەت ھەم ئېگىز ئەمەس ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنى يېڭىدىن سالغانغا ئوخشايدۇ. خۇشاللىقىمدىن ۋېلسىپىتنى كۆچەپ تېپىشكە باشلىدىم:

مەن ئۇدۇل مەسچىتنىڭ ئالدىغا كەلدىم، مەسچىت ئالدىدىكى يوغان، يۇمىلاق سېپدە دەرىخنىڭ تۈۋىدە ياشانغان بىرنەچچە قېرى پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، مەن ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتىم، ئۇلار سالىمىمغا ئاددىيلا سالام قايتۇرۇپ، ئانچە سەپسالمىدى بولغاي، كېيىن مېنى تونۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى.

— ۋاي ۋوي، بۇ بىزنىڭ ئايتامدا تۇرغان زىيالىي ياش ئۆمەرجان ئۇكا ئەمەسمۇ؟ قاچانلاردىن بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ ئادەم قېرىسا كۆزدىن كېتىپ قالىدىغىنى راست گەپكەن، تونۇمىغىلى تاس قاپتۇق! — دېدى ئەينى يىللىرى ماخودا ئۇلاغ باقىدىغان ئىسمائىل ئاكا قولۇمنى ئۇزاققىچە چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— بىز تېخى سىزنى بۇ يەردىن ئۆتكۈچى يولۇۋچىمىكىن، دەپ قاپتۇق، قانداق ئەھۋالىڭىز، سىزنى نەدىن سورايمىز؟

— كۆرۈشمىگىلى ئون نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ، ئاڭلىساق سىزنى يازغۇچى بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب يازىدىكەن دەيدۇ، راستمۇ؟

— ئۆتكەندە كانايدا (رادىئو دېمەكچى) سىز يازغان كىتابنى ئاڭلىتىپتۇ، ئاڭلىسام شۇ كىتابتا ساپ بىزنىڭ بۇ يەردە بولغان ۋەقەلەرنى يېزىپتۇ، دەيدۇ، راستمۇ ئۇكام؟

— ھەئە، ئۇ كىتابنى مەن ئاڭلىدىم، ھەممىسى بۇ يەردە بولغان ئىشلار ئىكەن، كىتابتىكى ھېلىقى ئىمىن قاشاڭ دېگەن كىشى سەن ئەمەسمۇ؟ قاشاڭلىقىڭدىن گۈلسۈمخان قولىغا سۇپۇرگىنى ئېلىپ، سۇر-توقاي قىلىپ، سېنى مىڭ تەستە ئوتۇنغا ماڭغۇزغان يەرلىرىمۇ بار ئىكەن!

— راستمۇ؟ بەللى... بەللى...

— ۋاي سايىم قارىي. بەللى دېمە، ئۇنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار ئىكەنسەن، ھېلىقى يېزا دوختۇرخانىسىدىن بىر بوتۇلكا ئىسپىرتنى ئوغرىلاپ سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ، تازا مەست بولغاندا، سارىخاننى دۇمبالىغان يەرلىرىڭمۇ بار ئىكەن.

— پاھ، پاھ، بۇنداق گەپلەرمۇ بار دەڭلا...

— ھاي، ھاي، بولدى قىل ناسىر ئاخۇن، ھېلىقى سەلىمخاننىڭ قويندىن چىقىپلا تەرەتسىز نامازغا كىرگەنلىكىڭنى يازماپتىمۇ؟

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، بۇ كۈلۈشلەر شۇنچە بەھۇزۇر، شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە سەممىي ئىدىكى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق كەمسىتىش، مەنسىتمەسلىك پۇرىقى يوق ئىدى. مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ بەھۇزۇر كۈلۈپ:

— ئەمدى كىتاب يازسام، بۇ ئىشنىمۇ چوقۇم يېزىپ قويسام بولغۇدەك، — دەپ چاقچاق قىلدىم.

— چوقۇم يېزىپ قويۇڭ، ناسىر ئاخۇننىڭ بۇنىڭدىنمۇ قىزىق ئىشلىرى بار، بىر ئاخشام سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ، — بايام شاڭخۇغا قالغان "ئىمىن قاشاڭ" دېگەن كىشى قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ناسىر ئاخۇننىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلىدى.

ئايتام كىچىك يەر بولغاچقا، مېنىڭ كەلگەنلىكىم بىردەمدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلىپ، چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئاياللار مەسچىتنىڭ ئالدىغا يىغىلدى، مەندىن ئۇنى، بۇنى سورىشىلى تۇردى. جاۋاب بېرەلىگۈدەكلا بولسام ھەممىگە جاۋاب بەردىم.

بىرھازادىن كېيىن، ئىسپىرتقا سۇ قوشۇپ ئىچكەن، دەپ شاڭخوغا قالغان خالىق ئاكا جىددىي ھالەتتە كىشىلەرگە قولىنى شىلتىپ:

— ئەي خالايىق! پارىڭلارنى كېيىن قىلىشىۋېلىڭلار، بۈگۈن ھېلىقى يۈز بېرىدىغان ئىشنى ئۈمەرجاندىن سورىۋالايلى، — دەپ ئالدىمغا كەلدى.

— كىتاب يازغان كىشى ھەممە ئىشنى بىلىدۇ، بۈگۈن ئاخشام ئاي كۆيىدۇ دەيدۇ، بۇ زادى قانداق گەپ؟ راست گەپمۇ ياكى ئادەمنى ئەخمەق قىلىدىغان گەپمۇ؟ ئېيتىڭا، ئۈمەرجان ئۇكا! — دەپ سورىدى.

— بايام سىز كەلمەستە، بىز مۇشۇ گەپنى پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغانىدۇق. ئاڭلىساق گېزىت، رادىئولاردىمۇ... مەن جاۋاب بەرگۈچە ئىسمائىل ئاكا كەينىدىنلا بۇ گەپلەرنى قىلدى، — شىڭنىڭ زامانىسىدا دادام بىر قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۈننىڭ كۆيگىنىنى كۆرۈپتىكەن، شۇ كۈنى كۈن ئاستا ـ ئاستا قارىداپ تۇتۇلۇپ، كېيىن لاپ قىلىپلا ئوت ئېلىپ، تاغنىڭ كەينىگە چۈشۈپ كېتىپتىكەن، ئەتىسى قارا بوران چىقىپ، تاغدىن كەلگۈن كېلىپ ئاپەت بولۇپتىكەن...

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم:

— ئاي كۆيىدى، دېگەنلىك ـ ئاي تۇتۇلدى دېگەنلىك. بۇ بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى. بىز ياشايدىغان بۇ يەر شارى چۆگىلەپ ئاي

بىلەن كۆننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغاندا، كۆن نۇرىنى دەل يەر شارى توسۇۋېلىپ، كۆن نۇرى ئايغا چۈشمەيدۇ، شۇنداق چاغدا ئاي تۇتۇلۇپ قاراڭغۇ بولۇپ قالىدۇ، مۇشۇنداق ھادىسىنى ئاي تۇتۇلدى، دەيدۇ. خەلق ئارىسىدا ئاي كۆيدى، دەپمۇ ئاتايدۇ.

شۇ ئەسنادا "تۇرسۇن دۇيجاڭ كەلدى!" "تۇرسۇن دۇيجاڭ كەلدى!" دەپ، تۇيۇقسىز بالىلارنىڭ چۇقان سېلىشقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

يىراقتىن بۇرۇتلۇق بىر كىشى قولىنى كەينىگە قىلىپ ئىلدام-ئىلدام كېلىۋاتاتتى.

— ۋاي خالايىق، مېنى قاچانغىچە دۇيجاڭ، دۇيجاڭ دەۋېرىسىلەر؟ پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغۇچە دۇيجاڭلىق قىلىۋېرەمدىم؟ مېنى سۇنجاڭ (كەنت باشلىقى دېمەكچى) دەپ باقساڭلار بولمامدۇ؟ — ئۇ ئۆزى يېتىپ كەلمەيلا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

تۇرسۇن دۇيجاڭ ئۇدۇل ئالدىمغا كېلىپ، يوغان ھەم يىرىك قوللىرىنى ماڭا سۇنۇپ، مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ۋە:

ئۆمەرجان ئۇكام، كېلىشتىن بۇرۇن نېمىشقا بىزگە خەۋەر قىلىپ قويمايسىز؟ ئالدىڭىزغا ئېشەك ھارۋىسى بولسىمۇ ئەۋەتمەمدۇق! — دېدى.

— مەن خىزمەت بىلەن ناھىيىگە كەلگەن، شۇ باھانىدا بۇ يەرگە كېلىپ ھەر قايسىلىرىنى يوقلاپ كېتەي، دەپ كەپ قالدىم، پۈتۈنلەي شەخسىي ئىش، ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە قىلىش ھاجەتسىز، — دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدۇم.

— مەيلى شەخسىي ئىش بولسۇن، ياكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى بولسۇن، يۇقىرى ئورۇنلاردىن كەلگەنلا بولسا، بىزگە رەھبەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

(ئۇ كىشى رەھبەر دېگەن گەپنى داۋاملىق رەھبەرلىك دەپ سۆزلەيتتى) ھېسابلىنىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدىم. نېمىدېگەن ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ــ ھە!

ئېسىمدە قېلىشىچە تۇرسۇن دۈيجاڭ بۇرۇن بىرمەزگىل داۋدۈيجاڭ بولغان. ھازىر كەنت باشلىقى بولغانغا ئوخشايدۇ. شۇ چاغلاردا بۇ كىشى ناھايىتى ياش، چاققان ھەم ئايىغى تېتىك بولىدىغان. ھازىر تېخىمۇ پىشىپ يېتىلگەندەك تۇرىدۇ. بىراق خېلىلا قېرىپ قاپتۇ. ئەڭ زور ئۆزگىرىش، بۇرنىنىڭ ئاستىغا كېلىشتۈرۈپ شاپ بۇرۇت قويۇۋاپتۇ. گەپ قىلىپ تۇرۇپلا بۇرۇتىنى سىلاپ ــ سىلاپ قويىدىكەن. ئۇزايىدىن قارىغاندا، نەۋرە كۆرگەنگە ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكى چوڭراق كىشىلەر ئوغلىنى ئۆيلىگەندىن كېيىنلا بۇرۇت قويۇۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

ئەتراپىمدىكى كىشىلەر ئەمدى مېنى تەرەپ ــ تەرەپتىن "بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى" دېيىشىپ، پېشىمدىن تارتىشقا باشلىدى. شۇ چاغ راستىنى ئېيتسام، كىمنىڭ ئىلتىپاتىغا بويسۇنۇشۇمنى بىلەلمەي تەڭلىكتە قالدىم. ئاخىر تۇرسۇن دۈيجاڭ ھەممە كىشىنى قايرىپ قويۇپ:

ــ مەن كەنت باشلىقى، ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بارسۇن، يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش مەسئۇلىيىتىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۆيدىكى باللار، كېلىنلەر ئۆمەرجاننىڭ كانايدا ئوقۇغان كىتابىنى ئاڭلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەگەر سىلەر ئۆمەرجاننى چاقىرماقچى بولساڭلار، بورداپ قويغان قويۇڭلار بارمۇ، كالاڭلار بارمۇ، تۆگەڭلار بارمۇ، سويۇپ

تەييار قىلىپ تۇرۇڭلار، كەچتە بىر-بىردىن كىرىپ مېھمان بولىمىز! — دەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلىدى. مەن ئىختىيارسىزلا تۇرسۇن دۈيجاڭنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.

تۇرسۇن دۈيجاڭ يول بويى خۇددى رەھبەرلىككە خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلىۋاتقاندەك تەرىزدە ئايتام يېزىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى شۇنداق ياخشى ئىكەنكى، ھەتتا مەھەللىدىكى ھەربىر كىشى بۇ يىل قانچىلىك پۇل كىرىم قىلدى، بۇغدايدىن قانچىلىك مەھسۇلات ئالدى، جىڭ، تاغىرىغىچە ئېنىق بىلىدىكەن. مەن بۇنىڭغا ھەيران قالدىم.

بۇ يەرنىڭ ئورنى، سۈيى، يوللىرى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ يەنىلا روشەن ھالدا ئۆزگىرىشلەر بار ئىكەن. كونا كۆك ئۆستەڭنى ئىككى تەرىپىگە چىرايلىق تاش ۋە سېمونت يېيىتىپ، بەكمۇ كۆركەم ھەيۋەت ياسىۋېتىپتۇ. كونا دادۈي ئىشخانىسى ئورنىغا زامانىۋى پاسون بىلەن مىللىي پاسون بىرلەشكەن ئىككى قەۋەتلىك كاتتا ئىمارەت ساپتۇ. ئوتتۇرىدىكى گۈللۈكتە ھەر خىل، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ... ھەممىدىن زور ئۆزگىرىش — كىشىلەرنىڭ قورۇ-جايلىرى ئىكەن. بۇرۇنقى خام كېسەكتىن ياسالغان كونا ئۆيلەر ئاساسەن دېگۈدەك قالماپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا پىششىق خىش بىلەن مىللىي پاسوندا سېلىنغان چىرايلىق يېڭى ئۆيلەر قاتار-قاتار قەد كۆتۈرۈپ كېتىپتۇ.

— ئاۋۇ گايىتنىڭ ئۆيى، ئاۋۇ قاھار ھاجىنىڭ ئۆيى، — تۇرسۇن دۈيجاڭ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، يول بويى بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ كەلدى. ئالدىمىزدا چىرايلىق سىرلانغان يوغان ھەم كاتتا دەرۋازا كەڭ ئوچۇق تۇراتتى، دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى پېشايۋانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ سېلىنغان بىر رەت ئۆينىڭ ئالدىدا گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. يېڭىدىن ئۈزۈم بارىڭى قىلىغانىكەن، تەكلەر ئۆگزىگە يامىششقا باشلاپتۇ. يېڭى تىكىلگەن ئۈرۈك، ئالما، شاپتۇل كۆچەتلىرى بېلەكتەك بولۇپ، مېۋە بېرىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە بىر دانە تېلېۋىزور ئانتىناسى كۆكتە تاقىشىپ تۇراتتى.

— ئابدۇراخماننى ئوبدان تونۇيسىزغۇ؟ بۇ ئۆينى سېلىۋالغىلى ئىككى يىلدەك بولدى، ئۇ ھازىر بەكلا باي بولۇپ كەتتى، ھەممە ئوقەتنى قىلىدۇ. بىرەر يېڭى ماشىنا سېتىۋالغۇدەك پۇلى بار. ئۇنىڭ سىڭلىسى ئايقىزمۇ چوڭ باي بولۇپ كەتتى. توغرا، توغرا، شۇ چاغدا سىلەر بىر تەشۋىقات كورۇژوكىدا ئىشلەپ، سەھنىدە بىللە ئويۇن قويۇپ، ئانچە - مۇنچە ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرگەنىغۇ؟ ئۇنتۇپ قالغىنىمنى تېخى. ئايقىز ھازىر قالتىس سودىگەر بولۇپ كەتتى، بىراق ئۇ... ھەي... ئاۋۇ دۇكاننى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن دۇيجاڭ ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ.

مەن تۇرسۇن ئاكا كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. كۆك خىش بىلەن سېلىنغان چوڭ ئىمارەت: "ئايتام سودا ماگىزىنى" دەپ يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېگىز ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدىراق بۇرۇنقى تەمىنات كوپېراتىپى ماگىزىنى يەنىلا كونا پېتى تۇرۇپتۇ.

— ئايقىز ئەر - خوتۇن ئايتامنىڭ ئەك بېيى بولۇپ قالدى. ئېرى ھوشۇر توختى خىزمىتىنى تاشلاپ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ قاتارلىق شەھەرلەردە يۈرۈپ مال يۆتكەيدۇ، ئۇلار نىڭ دۇكىنىدا ھەرەمنىڭ سۇرمىسىدىن تارتىپ، پاكىستاننىڭ كۆجىسىگىچە ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ پۇلىنى خۇددى مىخنى سۇغۇرۇۋالغاندەك سۇغۇرۇۋالىدىغان بولۇپ كەتتى. ئاڭلىسام، كېلەر يىلى

ئەر-خوتۇن ئىككىسى ھەرەمگە بېرىپ، ھەج-تاۋاپ قىلىپ كەلگۈدەك، — دېدى تۇرسۇن ئاكا.

بولارنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدە "ھەرنېمە بولسا ئايقىز كەمبەغەلچىلىكتىن قۇتۇلۇپ راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ" دەپ خۇرسەن بولدۇم ۋە قەلبىمدە بىر خىل ئىسسىق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، دەرھال ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك پاك ھەم گۈزەل جامالىنى، تاغ جىنەستىسىدەك چىرايلىق لەۋلىرىنى تېزرەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ "ئۆمەرجان ئاكا!" دېگەن شېرىنغىنە ئاۋازىنى قايتا ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولدۇم.

— ئەمما ئايقىز بۇرۇنقى ئايقىزغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ، ئەمدى قارا قىز بولۇپ قېلىشقا ئازلا قالدى. ھەي، پۇل دېگەن نەرسە ئادەمنى ئاقمۇ قىلالايدىكەن، قارىمۇ قىلالايدىكەن...، — تۇرسۇن دۈيجاڭ مەن مىنىپ كەلگەن كونا ۋېلىسىپىتنى تاراقشىتىپ يېتىلەپ، بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاتتى.

مەن "بۇ نېمە ئۈچۈن؟" دېگەن سوئالنى قويۇشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا تۇرسۇن دۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدۇق.

## 5

تۇرسۇن دۈيجاڭنىڭ ئايالى سارىخان ئاچا، بىزگە پاقلاننىڭ گۆشى بىلەن تازا ئوخشىتىپ، شۇ جاينىڭ "ياپما" دەيدىغان بىر خىل تاماقنى ئېتىپ بەردى. بۇ تاماقنى گۆش، سەۋزە، ياڭيۇنى قورداق قىلىپ، خېمىرنى نېپىز يېيىپ، ئۈستىگە چۈچۈتكەن ماي ۋە پىياز سۈرۈپ، قات-قات قىلىپ دۈملەپ پىشۇراتتى. كېيىن تۇرسۇن دۈيجاڭ بىر شېشە ھاراقنى شىرەگە تىكلەپ قويدى. ھاي-ھۆي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگۆچە زاكۇسكا ئۈچۈن سارىخان ئاچا ئىككى تەخسە سەي كەلتۈردى.

تۇرسۇن دۇيجاڭ قىزىق پاراڭ بىلەن هاراقنى كەينى-كەيندىن زورلاشقا باشلىدى. قولىقىم تۇرسۇن دۇيجاڭنىڭ پارىڭىدا بولسىمۇ، كۆڭلۈم پەرىشانلىق ئىچىدە ئايقىزدىلا قالدى. قارىسام تۇرسۇن دۇيجاڭنىڭ پارىڭى ئالدىراپ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ئاخىر هەر خىل باهانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، سەل هىيلىگەرلىك ئىشلىتىپ، ئۇنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، هاراقنى كۆپرەك ئۆزىگە زورلىدىم.

شىشىنىڭ تۈۋىدە ئىككىلىكچە هاراق قالغاندا، تۇرسۇن دۇيجاڭ تازا تەڭشىلىپ، ئاغزى گەپكە قولاشماي قالدى. يەنە بىر رومكا هاراقنى ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ تامغا يۆلىنىپلا ئۇخلاپ قالدى. مەن ئاستا سىرتقا قاراپ ماڭدىم.

— ئۆمەرجان ئۇكا، نەگە ماڭدىڭىز؟ ئاچچىق قىلىپ چاي دەملەپ قويدۇم، بىر پىيالە ئوتلاپ ئاندىن، — دېدى سارىخان ئاچا سىرتقا ماڭغانلىقىمنى كۆرۈپ.

— تاشقىرىغا چىقىپ ئاز-تولا هاۋا يەپ كىرەي، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا.

— يازغۇچى دېگەن يەنىلا يازغۇچى-دە! ئۇنداق بولسا مەيلى، مەن سىلىنى توسىمدىم چۆگىلەپ كېلىپ بوگۈن كېچە بىزنىڭ ئۆيدە قونسىلا! — سارىخان ئاچا مېنى كۈلۈپ ئۇزىتىپ قويدى.

ئاتەش كەبى قىزىق كۈن نۇرى هەممە نەرسىنى سولاشتۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى. ئەتراپ جىم-جىت، ئادەملەرمۇ ئاندا-ساندا كۆرۈنەتتى. ئىتلار تىللىرىنى ئۇزۇن چىقىرىشىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن تام تۈۋلىرىدە هاسىراپ يېتىشاتتى.

مەن ئۇدۇللاپ ماڭغىنىمچە ھېلىقى "ئايتام سودا ماگىزىنى" دە
ۋېۋىسكا ئېسىلغان دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدىم، دۇكاننى
ئەينەكلىك قوش ئىشىكى داغدام ئوچۇق تۇراتتى. رەڭگارەڭ، خىلمۇ
خىل ماللار تىزىقلىق مال جازىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئايال تۇراتتى
بەلكىم شۇ ئايال مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمدە ئۇنجى بولۇپ كۆرۈش
مەكچى بولغان ئادىمىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، يۈرىك
ئىختىيارسىز ھالدا جىددىيلىك بىلەن دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى
دۇكاننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا خېرىدارلار ئانچە كۆپ ئەمەستەك
كۆرۈنەتتى. ئۇنىئالغۇدىن بولسا، مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. قەدىمىنى تېزلىتىپ دۇكانغا كىردىم، ئۇ دەرھال بېشىنى
كۆتۈرۈپ، ماڭا بىر خىل كەسپىي كۈلۈمسىرەش بىلەن قارىدىيۇ،
شۇ ھامان يۈزىدىكى بۇ كۈلۈمسىرەش خۇددى قېتىپ قالغاندەك،
ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ، دەيدىغان
گېپىمنى تاپالماي، ئۆز جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم.

ئۇ ئايقىز ئىدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان چۈشلىرىمنى قالايمىقان
لاشتۇرۇپ، كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىنى پەرىشان قىلىپ كەلگەن
ئايقىزنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئايقىز بۇرۇنقىدىن سەمىرىپ، يۈزلىرى خۇددى چىنە تەخسىدەك
يۇملاقلاپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ياش چاغلىرىدىكى گۈزەللىكى يەنىلا
چىرايىنىڭ بىر يەرلىرىدىن جىلۋە قىپ تۇراتتى. بۇرۇن ئىككى تال
ئۇزۇن قىلىپ ئۆرۈۋالىدىغان چېچىنى كېسىۋېتىپ بۇدرە قىلىۋاپتۇ
ئۇنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان كۆكسى
تېنىگە چىڭ يېپىشىپ ھۆسنىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرغان
يارىشىملىق ئەتلەس كۆڭلىكىدىن سىرتىغا ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك

هالەتتە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. پوكەيگە تايىنىپ تۇرغان ئىككى قولىدا بولسا ئىككىدىن تۆت دانە كۆز قويغان ئالتۇن ئۈزۈك ۋاللىداپ پارقىرايتتى. سول قولىدا ھەممە يېرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئايالچە سائەت، ئوڭ قولىدا ئېسىل ئالتۇن بىلەزۈك تۇراتتى.

— ئايقىز...

ئايقىز ماڭا تىكىلىپ قاراپ، تېنى سەل تىترىگەندەك بولدىيۇ، چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ھەم ئاچچىق، ھەم شاڭخو ئارىلاش بىر خىل تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— پاھ، قايسى شامال سىزدەك بىر چوڭ يازغۇچىنى بىزنىڭ بۇ تۇپىلىق سەھراغا ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ تۇرسۇن دۈيجاڭنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقان ئەمەسمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا ئېغىز ئېچىپ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئايقىز مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمنى ئاللىقاچان ئۇقۇپ بولغانىكەن. بۇ، ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە يېزا دۇكىنىنىڭ ئالدى ئەزەلدىن ھەر خىل ئۇچۇرلارنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان جايى. مەن ھاياجىنىمنى ئاستا بېسىۋېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئالاھىدە سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم! — دېدىم

— كۆرۈشكىلى؟! — ئايقىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — مەن بىلەن نېمىگە كۆرۈشەتتىڭىز؟ بىرىنچىدىن، قولۇمدا ھوقۇقۇم يوق، ئىككىنچىدىن، يازغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكۈدەك يۈزۈممۇ يوق، ھازىر مەندە بىرى پەقەت مانا شۇ ماللار، يا مەندىن ئازراق ئىنئانە ئېلىپ مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن كەلدىڭىزمۇيە؟

مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلەلمەي ھاڭقىتىپ تۇرۇپلا

قالدىم. كېيىن بىرنەرسە ئېسىمگە كەلگەندەك، يانچۇقۇمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— تاماكام تۈگەپ قالغانىدى، بىرەر قاپ تاماكا ئالاي دەپ كەلگەنىدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— سىزگە قانداق تاماكا كېرەك؟

— ئادەتتىكىدەك تاماكا بولسا بولۇۋېرىدۇ.

ئايقىز ئېغىزىنى سەل پۈرۈشتۈرۈپ، شاڭخو قىلغاندەك قىلىپ دېدى:

— چوڭ يازغۇچى دېگەننىمۇ ئادەتتىكى تاماكا چېكەمدۇ؟ — ئۇ پوكەي ئىچىدىن بىر قاپ تاماكىنى ئالدى-دە، — ماۋۇنى چېكىڭ دەپ ئالدىمغا تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ بەرگەن تاماكىسى ئامېرىكىنىڭ داڭلىق تاماكىسى بولۇپ، بىر قېپى ئادەتتە سەككىز يۈەن ئىدى، بىزنىڭ بۇنداق تاماكىلارغا تېخى مادارىمىز يەتمەيتتى، شۇنداقتىمۇ مەن قىلچە چاندۇرماي:

— بۇ تاماكا ماڭا سەل بوش كېلەتتى، مەيلى چەكسەم چېكىۋېرەي! — دەپ قويدۇم.

— ئامېرىكىنىڭ تاماكىسى بوش كەلسە، سەھرانىڭ كۆك موخوركىسىنى چېكىڭ. مېنىڭچە بۇ تاماكا بوش كەلمەس، بەلكىم يانچۇقىڭىز بوش كېلىپ قالغاندۇ، يازغۇچى دېگەن بىرەر پارچە بىرنەرسە يېزىپ قويسا، تالاي پۇل كېلىدۇ، بىرەر قاپ تاماكا چېكەلمىگۈدەك هالەتكە چۈشۈپ قالمىغانسىز؟ — دېدى ئايقىز ئاغزىنى پۈرۈشتۈرگەن هالدا ماڭا قاراپ قويۇپ مەسخىرە ئارىلاش.

مېنىڭ سەل ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا چاندۇرماي، يانچۇقۇمدىن ئۈن كويلۇق تىزىدىن بىرنى چىقىرىپ ئايقىزنىڭ ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشلىدىم ـ دە، تاماكىدىن بىر تالىنى چىقىرىپ، چاقىقىم بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق ـ قاتتىق شۇراشقا باشلىدىم.

ـــ قاتتىقراق شۇراڭ، قاتتىقراق شۇرىسىڭىز تاماكىنىڭ تەمىنى تېتىيالايسىز، بەلكىم كۆچلۈك كېلىپ ئۆپكىڭىزگە كېتەمدۇ تېخى!

دەل شۇ چاغ قېرىشقاندەك تاماكىنى راستتىنلا قاتتىق شوراپ سالدىممۇ قانداق، تاماكىنىڭ ئىسى ئۇدۇل ئۆپكەمگە كىرىپ كېتىپ قېقىلىپ ـ يۆتىلىپ كەتتىم. ئايقىز ماڭا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، مەن يەنىلا چاندۇرماي:

ـــ ئايقىز قاچانلاردىن بېرى بۇنداق گەپدان بولۇپ كەتتىڭىز، ـــ دېدىم.

ـــ گەپدانلىق دېگەن سىزدىن بىزگە ئاشامدۇ؟ ھازىر بىز دېگەن سودىگەر، ئاغزىمىزدا ئىككى ئېغىز گېپىمىز بولمىسا سودىنى قانداق قىلىمىز؟ بۇ تاماكا نەدىن كەلگەن بىلەمسىز؟ ئامېرىكىدىن گۇاڭجۇغا سۇ ئۈزۈپ كېلىپ، ئاندىن پويىز ـ ماشىنىلار بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن تاماكا ئاران ئون كويغا يارامدىكەن؟ ـــ دېدى ئايقىز قىلچىمۇ خىجىل بولماي.

مەن كۆڭلۈمدە ھەممىنى چۈشىنىپ، ئىككىلەنمەيلا يانچۇقۇمدىن يەنە ئون كويلۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئايقىزنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

ـــ ئەمدىغۇ يېتەر! ـــ دېدىم.

ئايقىز بىر ماڭا قاراپ، بىر پۇلغا قاراپ، ئىككىلەنگەندەك قىلدىيۇ، ئۇنى ئېلىپ پۇل ساندۇقىغا سېلىپ قويدى.

شۇ ئەسنادا بىر موماي ئوتتۇرا سېۋەت تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئايقىز مېنى بۇ ياققا قايرىپ قويۇپ، موماي بىلەن سودىلىششقا باشلىدى، موماي سېۋەتنى پوكەيگە قويۇپ،

سىۋەتتىكى تۇخۇمنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ، تارازىغا قويۇشقا باشلىدى:
ــ قىزىم، بۇ تۇخۇمغا ئىككى مېتر رەخت، بىر ـ ئىككى كىلو تۇز
ئۆلچەپ بەرگەن بولسىلا، تۆۋەن مەھەللىدىكى ئىبراھىم ئاخۇن
قىزىنى ياتلىق قىلماقچى ئىكەن، شۇ يەرگە بېرىپ كېلەي، دېگەن.
تىم،ــ دېدى
ــ بولىدۇ ئاچا، خاتىرجەم بولسىلا، چىرايلىق رەختتىن ئىككى
مېتر كېسىپ بېرەي،ــ دېدى ئايقىز مومايغا قاراپ كۈلۈپ.
ــ ئايقىز تۇخۇمنى ئۆلچەپ بولۇپ تارازىلاپ چىقتى.
ــ ئۈچ يېرىم كىلو چىقتى، ئاچا،ــ دېدى ئايقىز مومايغا.
ــ ۋۇي، ھازىر سادىق قارىينىڭ تارازىسىدا ئۆلچەپ كۆرسەم،
تۆت كىلو چىققانتى، بىردەمدە يېرىم كىلو كەملەپ قاپتىغۇ؟ــ
دېدى موماي ئەجەبلىنىپ.
ــ ۋاي ئاچا، بۇ يېڭىدىن سېتىۋالغان تارازا، سادىق قارىمنىڭ
بەلكىم كونا تارازىدۇ، قاراپ تۇرۇپ سىلىدەك بىر تۇل خوتۇننىڭ
تۇخۇمىدىن يېرىم كىلو يەۋالسام، سەت تۇرار؟! ئىشەنمىسىلە، ماۋۇ
شەھەردىن كەلگەن بىلىملىك كىشىدىن سوراپ باقسىلا،ــ دەپ
تارازىنى ماڭا قارىتىپ قويدى.
راست گەپنى قىلسام، تارازىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم، نېمە دېيىشىمنى
بىلمەي، بېشىمنى سەل ـ پەل لىڭشىتىپ قويدۇم.
بىچارە موماي ئامالسىز ئايقىز تارتىپ بەرگەن بىر كىلو تۇز بىلەن
ئىككى مېتر رەختنى ئېلىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.
مەن چوقۇم تارازىدا بىرەر ئويۇن بارلىقىنى پەرەز قىلدىم ۋە بۇ
يەردە ئارتۇق تۇرۇشۇمنىڭ ئەمدى ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى
سېزىپ، مېڭىشقا تەمشەلدىم، ئايقىزنىڭ بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتە.

شىنى ئويلاپ چۈشۈمدىمۇ كۆرمەپتىكەنمەن، خۇددى چۈشتىن يەڭىلىغان ئادەمدەك كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. مەن شۇ چاغ:

— خوش ئەمىسە! — دەپ سىرتقا قاراپ ماڭدىم، لېكىن ئۇ مېنى توختىۋالدى.

— مۇشۇنداقلا كېتەمسىز؟ سىز راستىنلا بۇ يەرگە تاماكا ئالغىلى كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق-دە، دۇكانغا نەرسە ئالغىلى كەلمەي نېمە قىلغىلى كېلىدۇ كىشى؟!

— يەنە باشقا نەرسە كېرەك قىلمامسىز؟

ئايقىزدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندىم. ئىلگىرى قەلبىمدە ئايقىزنى مەبۇت ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تېۋىنىپ كەلگەندىم، بىراق قەلبىمدىكى بۇ مەبۇت هازىر چېقىلىپ كۇكۇم-تالقان بولۇپ كەتتى، كەلمىسەممۇ بوپتىكەن، كەلگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

— رەھمەت! ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەر يوق ئىكەن!

— ئۆمەرجان، توختاڭ! — ئايقىز غەزەپ بىلەن توۋلىدى.

سەل چۆچۈگەندەك بولۇپ ئورنۇمدا توختاپلا قالدىم. كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئايقىزغا قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزىدە لىق ياش، يىغلىۋېتەي دەپلا تۇراتتى.

— ئۆمەرجان، كۆڭلىڭىزدە نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، توغرا، مەن ئۆزگىرىپ كەتتىم، بىر چاغلاردىكى ئايدەك گۈزەل چىراي، كۈندەك غۇبارسىز-پاك قەلبى بار ئايقىز هازىر مەۋجۇت ئەمەس، مەن هازىر پۇلنى ئەزىز جېنىمدىنمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم، پايدىنى كۆرسەم ۋىجدانىمنى بىر يەرگە چۆرۈۋېتىدىغان بولۇپ قالدىم. لېكىن ۋىجداننى پۇلغا ساتقىلى

بولامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولامتى؟ مەن ھەتتا سىزگىمۇ پايدىسىغا بىر قاپ تاماكا ساتتىم. لېكىن مەن سىزنىڭ بۇ پۇلىڭىزغا ھاجەتمەن ئەمەس، ئەگەر بىلسىڭىز سىز ماڭا قەرزدار. بويىنىڭىزدىكى قەرزنى ئۆمۈر بويى ماڭا قايتۇرۇپ بولالمايسىز. ماڭىمۇ ئايان، كىشىلەر ھازىر كەينىمدىن نېمىدەپ تىللىمايدۇ، مەيلى ئۇلار مېنى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، كىشىلەر كىيمىگەننى كىيىپ، خەقلەر يېمىگەننى يەپ، بەگزادىلەردەك ياشاۋاتىمەن. "پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا" دەپتىكەن، ئەينى زاماندا ئەگەر ئائىلىمىزدە پۇلىمىز بولغان بولسا، ئاكامنى ئۆيلەيمەن دەپ، ئۆز بەختىمنى قۇربان قىلمىغان بولاتتىم. مېنى دەرد ـ ئەلەمدە قالدۇرغانمۇ شۇ پۇل، ئارماندا قالدۇرغانمۇ شۇ پۇل!

ئۇ شۇ گەپنى دەۋېتىپ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ، پۇل ساندۇقىدىكى ھېلىقى مەن بەرگەن پۇلنى قولىغا ئالدى ۋە بۇ پۇلنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئۇنى ئۇتۇك ـ تەتۈر ئۆرۈپ، خېلىغىچە قاراپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ھەي پۇل، سەن ئۆز ۋاقتىدا مېنى كۆيدۈرۈپ كۇلگە ئايلاندۇرغانتىڭ! ئەمدى سەنمۇ كۆيۈپ باققىنا! سېنىڭمۇ كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغانلىقىڭنى بىر كۆرۈپ باقايچۇ!

ئايقىز "شاپپىدە"بىر تال سەرەڭگىنى چېقىپ، ھېلىقى پۇلنى ئوتقا تۇتتى، پۇل گويا كۆيۈشنى خالىمىغاندەك، ئاستا ـ ئاستا ئوت ئېلىپ، ئاخىر كۇلگە ئايلاندى. ئايقىز قاقاقلاپ كۇلۇپ تۇرۇپ، بارمىقىنىڭ ئۇچىدا كۆيمەي قالغان پۇلنىڭ بىر بۇرجىكىنى "پۇھ!" دەپ پۈۋلىۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى؛

www.uyghurkitap.com

— شۇ زاماندا، سىزمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، قولىڭىزنىڭ ئۇچىغا تېگىپ قالغان چاڭ - توزاننى پۈۋلىۋەتكەندەك، مېنى تاشلاپ كەتتىڭىز، كېيىن يازغۇچى بولۇپ كېتىپسىز، ئۆيدە ئولتۇرۇپ جاپا تارتماي ھەم نام چىقىرىدىغان، ھەم پۇل كېلىدىغان ئىشنى قىلىدىغان بوپسىز، قەلبىڭىز ئارقىلىق كىشىلەرنى خالىغانچە ماختىيالايدىكەنسىز، خالىغانچە سۆكەلەيدىكەنسىز، ھەتتا بېھىش ۋە دوزاخلارغىچە ئاپىرىپ تاشلايدىكەنسىز، لېكىن مەنچۇ؟ ئۆمۈر بويى كەمبەغەلچىلىكتە، دەرد - ئەلەمدە، ئارزۇ - ئارماندا يۈرسەم بولامتى؟ سىز يەنىلا ھېلىقى نامراتلىق دوزىخىدا كۆيۈپ يۈرگەن ئايقىزنى كۆرۈشنى خالامتىڭىز؟...

ئايقىز ئەمەلىيەتتە پۇلنى كۆيدۈرمەي، مېنى كۆيدۈرگەنىدى. شۇڭا ئۆزۈممۇ خۇددى ئاشۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان پۇلدەك، ئەقىل - ھوشۇمنى يوقىتىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم.

شۇ چاغ بىر توپ ياش قىز كۈلكە - چاقچاق بىلەن دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار شۇنچە بىغەم، شۇنچە مەسۇم، تەبىئىي چىراي ئىدىكى، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. بۇ يەردىن كەتكەن چاغلىرىدا ئۇلار تېخى تۇغۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارغا ئوخشاش قىران ياشلىقىمىز ھازىر نەلەرگە توزۇپ كەتتى؟

ئايقىز ئۆزىنى ئاز - تولا تۈزەشتۈرۈپ، قىزلارنى كۈتۈشكە باشلىدى. مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇمنىڭ ئەمدى ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى، مەن مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بۇ كىچىككىنە ھەر خىل ماللار دۇنياسىدىن ئاستاغىنا چىقىپ، نىشانسىز ھالدا مېڭىپ كەتتىم.

## 6

كەچكى قۇياش گويا نومۇسچان، نازاكەتلىك قىزدەك، ئاستا-ئاستا يىراقتىكى قارلىق تاغنىڭ كەينىگە مۆكۈندى، تاغلار، بۇلۇتلار، دەرەخلەر بارا-بارا غۇۋالىشىپ، پۈتۈن ئاىتام يېزىسى گۇگۇم قوينىغا چۆمۈشكە باشلىدى.

مەن مەقسەت-نىشانسىز مېڭىۋېرىپ بىردىنلا ئەينى يىللىرى نۇرغۇن قېتىم ياشلىق ئىزلىرىمىزنى قالدۇرغان ھېلىقى چېغىر يولغا كېلىپ قاپتىمەن. ئەينى يىللىرى چېغىر يول بويىدىكى كۆك ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىكىلگەن جىگدە-سۆگەت دەرەخلىرى يوغىناپ، بۈك-باراقسان بولۇپ كېتىپتۇ. بۇ دەرەخلەرگە مېنىڭمۇ، ئايقىزنىڭمۇ سىڭدۈرگەن قان-تەرلىرىمىز ئاز ئەمەس ئىدى.

ئاھ، ياشلىق، ئاھ، قىران چاغلار، شۇ چاغدىكى شۇنچە گۈزەل، ساپ، سېھىرلىرىڭغا تولغان ئايدىڭ كېچىلەر ھازىر نەدە قالدىكىنا؟!

دەل شۇ چاغ كۈمۈش لېگەندەك تولۇن ئاي بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ كەينىدىن ئاستاغىنا ماراپ چىقىپ، ئەتراپنى شەپقەتلىك ئانىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن يۇيۇندۇرغاندەك قىلىۋەتتى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا تولۇن ئايغا قاراپ، ئەينى چاغلاردا ئايقىز بىلەن قىلىشقان بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزنى ئېسىمگە ئالدىم:

— قاراڭ ئۆمەرجان ئاكا، ئاي چىقتى، نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن سۈزۈك-ھە؟

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىسام، راستتىن

ئون بەش كۆنلۈك تولۇن ئاي دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدا سۈتتەك پاك نۇرىنى بىزگە سېخىلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى. شۇ كېچىسى قانداقتۇر ئاينىڭ شۇ گۈزەل رۇخسارىدىنمۇ ياكى ئايقىزنىڭ شۇ ئايغا ئوخشاش گۈزەل ھۆسنىدىنمۇ، ھاياجىنىمنى باسالماي، پەس ئاۋازدا ناخشا ئوقۇپ كەتكەنىدىم.

"ئاينى ئاسماندا دېسە،

يەردىمۇ ئاي بار ئىكەن.

ئەي گۈزەل ئايتام قىزى..."

— ئۆمەرجان ئاكا، بۈگۈن ناخشىنى زەپمۇ مۇڭلۇق ئېيتىپ كەتتىڭىزغۇ؟ مەن راستىنلا ئايغا ئوخشاش گۈزەلمۇ؟

— ھەئە، ھۆسنىڭىزمۇ ئايدەك گۈزەل، قەلبىڭىزمۇ ئايدەك گۈزەل. ئۇ ئاسماندىكى ئاي بولسا، سىز يەردىكى ئاي.

مەن شۇ چاغ دولقۇنلاپ تۇرغان يۈرەك ھېسسىياتىمنى باسالماي، ئايقىزنى بىردىنلا باغرىمغا بېسىپ چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدىم.

— ئۆمەرجان ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ، سەت بولىدۇ، قاراڭ ئەۋەدە بىر كىشى ماراۋاتىدۇ.

— كىم ماراۋاتىدۇ؟ — مەن سەل چۆچۈپ، ئايقىزنى راستىنلا بىرسى ئەپقېچىپ كېتىدىغاندەك، ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈۋالغانىدىم.

— ئاسماندىكى ئاي قىز! — ئۇمۇ شۇنى دەۋېتىپ، باغرىمغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنىدى...

............

شىلدىرلاپ شامال چىقتى. خىيالىمنى يىغىپ، ئەتراپقا قارىۋىدىم، جىگدە دەرەخلىرى گويا بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقاندەك، لەرزان

شامالدا باشلىرىنى لىڭشىتىپ تۇراتتى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاستا ئايغا قارىدىم، ئەپسۇسكى، بايامقى تولۇن ئاينىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قاپقارا تۇتۇلۇپ، قالغان قىسمى ئىككى كۈنلۈك ھىلال ئايدەك خىرە نۇر چېچىپ تۇراتتى. بىردىنلا تۈنۈگۈنكى گېزىتتە "ئەتە كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدا شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە ئاي پۈتۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ" دەپ يېزىلغان خەۋەر ئېسىمگە چۈشۈپ، ئاي تۇتۇلۇش بولغانلىقىنى بىلدىم.

— ئاي كۆيدى، ئاي كۆيدى! — بالىلارنىڭ چۇقان-سۈرەن ئاۋازى يىراق-يىراقلاردىن قۇلىقىمغا كىرىشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئاسماندىكى ئاي پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ قارا دۈگىلەك گىرۋىكىنى سارغۇچ نۇر قاپلىۋالدى.

بۇ ئىشتىن دەرھال ئايقىز ئېسىمگە كەلدى: ئايقىزمۇ ئاسماندىكى ئايغا ئوخشاش كۆيۈپتۇ، بۇرۇن ئۇ، تونجى مۇھەببەت ئىشقىدا! كۆيگەن بولسا، ھازىر پۇل ئىشقىدا كۆيۈپتۇ، ئۇ ئەمدى مۇشۇ كۆيگەنىچە تۇتۇلۇپ تۇرىۋېرەمدۇ ياكى ئايغا ئوخشاش قايتا ئەسلىگە كېلەرمۇ؟ دېگەن تېپىشماقسىمان خىياللار ئىلكىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتىم.

1991 - يىلى، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com

# ئاھ، ئاجىز بەندىلەر

## 1

— چىق ئۆيدىن! — قادىر قەلبىنۇرنىڭ ئالدىغا تەلۋىلەرچە دېۋەيلەپ كېلىپ، — نەگە بارساڭ بار، بۇ ئۆي مېنىڭ! — دەپ ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىگە چاڭ قىلىپ بىر كاچات سالدى.

— ماقۇل، — دېدى بۇ قاتتىق خورلۇققا زادى چىدىمىغان قەلبىنۇر، — چىقىپ كەتسەم چىقىپ كېتەي، بىراق پۇشمان قىلمىساڭلا بولدى! — ئىككى كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ تۇرۇپ! ئۇ قول سومكىسىنى ئالدى-دە، ئۇخلاپ ياتقان بالىسى غۇنچەمنىڭ ئالمىدەك قىزارغان مەڭزىگە بىرنى سۆيۈۋېلىپ، ئالدى-كەينىگە قارىمايلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سائەت ئون ئىككىدىن ئېشىپ قالغانىدى "بۇ يېرىم تۈندە نەگە بېرىش كېرەك؟ ئاتا-ئانام بۇ يەردە بولغان بولسا ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغان بولسام، يېقىن دوستلۇرۇمنىڭ بىررەسىمۇ ھازىر بۇ يەردە يوق. نەگە باراي؟..." قەلبىنۇر ئەينى ۋاقىتتا ياخشى كۆرۈپ تەگكەن بۇ ئېرىدىن كەلگەن زور دەرد-ئەلەم ئىچىدە قان-قان يىغلاپ، تاش ئۆستەڭنى بويلاپ نىشانسىزلا بىر ياقلارغا كېتىپ باراتتى. شاۋقۇنلاپ جىددىي ئېقىۋاتقان تاش ئۆستەڭ ۋەھىملىك ئاۋازلارنى چىقىرىپ، قەلبىنۇرنىڭ دەرد-ئەلەم ۋە خورلۇق بىلەن تولغان قەلبىنى تېخىمۇ

ئۆرتەيتتى.

— ئاھ، خۇدا!.. ئىلكىڭ شۇنچە كەڭ تۇرۇقلۇق مەندەك بىر بەندەڭنى سىغدۇرالمامسەن؟ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك؟ يەنە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن؟ پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەت ئەنە شۇنداق ئوخشايدۇ، ئەلھۆكمىللا... بۇ ئاجىز بەندەڭنى ئۆز ئىلكىڭگە ئېلىپ كەتسەڭ بولمامدۇ؟...، — دەپ خۇداغا نالە قىلاتتى قەلبىنۇر، بىراق خۇدا ئۇنىڭ تىلىكىنى بەجا كەلتۈرگەندى. قايغۇ-ھەسرەت، دەرد-ئەلەم ئازابىدا جېنىدىن تويغان قەلبىنۇر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولدى، — ئەگەر ئۆزۈمنى مۇنداقلا ئۆستەڭگە ئېتىۋالسام، ھېچ نەرسىنى تۇيمايلا بۇ خورلۇق دۇنياسىدىن قايىنام بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا كېتە-ۋالىمەن، بارلىق دەرد-ئەلەملەردىن بىراقلا خالاس بولىمەن! — ئۇ بىرنەچچە قېتىم شۇنداق قىلىشقا تەمشەلدى، بىراق ھەر قېتىم تەم-شەلگەندە ئوماق قىزى غۇنچەمنىڭ گۆدەك سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇۋالاتتى-دە، ئۇ بۇ نىيىتىدىن ياناتتى.

قەلبىنۇر بۇ ۋەھىمىلىك قاراڭغۇ تۈندە ئۇزاقلارغىچە گالدى-گۈلدۈڭ ماڭدى، ئاخىر ئۇ بىر قارىياغاچلىققا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. يىراقتىكى تاش يولدىن ئاندا-ساندا ئۆتكەن-كەچكەن ماشىنىلارنىڭ چىراغ نۇرلىرى يالتىرايتتى. ئادەتتە يېنىدىن بىرەر مۈشۈك ئۆتۈپ كەتسىمۇ يۈرىكى دۈپۈلدەپ خېلى ئۇزاقلارغىچە جايىغا چۈشمەيدىغان قەلبىنۇر بۈگۈن قانداقتۇر بۇ يەرنى ئەڭ بىخەتەر پاناھلىق يەردەك ھېس قىلدى، قىلچىمۇ قورقۇش سېزىمى كۆرۈلمىدى.

يامغۇردىن كېيىنكى ئاسمان سۈپسۈزۈك ئىدى. ئۇ بۇ ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر-چوڭقۇر سۈمۈردىتتى، قەلبىدىكى قايغۇ-ھەسرەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

لەرنى بوشتاي دەپ ئىنتىلاتتى. بىراق ئۇ ھەرقانچە سۈمۈرسىمۇ، ئۇن يىلدىن بۇيان ئىچ-ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بۇ دەرد-ئەلەم-لەرنى يېنىك، ساپ ھاۋا قانداقمۇ بوشىتالىسۇن؟ ئەكسىچە، بۇ دەرد-ئەلەملەر قوشلاپ-ھەسسىلەپ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغۇدەك بىرەر ئورۇندۇقمۇ يوق ئىدى. قەلبىنۇر ئولتۇرۇشقا لايىقراق بىرەر جاينى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە يوغان تاشتەك بىر نەرسە كۆرۈنگەنىدى، ئۇ قولى بىلەن ئۇ نەرسىنى سىلىدى، ئۇ راستىنلا تاش ئىدى. بىراق يامغۇردىن كېيىن تېخى قۇرۇپ بولالمىغان ھۆل تاش ئىدى. قەلبىنۇر بۇ تاشنىڭ تېپىلغىنىغا خۇرسەن بولغاندەك، سومكىسىدىن ياغلىقنى چىقىرىپ ئاز-تولا سۈرتتى، ئاندىن سومكىسىنى قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدىن يىراقتىكى بىر بىنانىڭ ئاندا-ساندا يېنىپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىنى كۆردى. ئۇ چىراغ نۇرلىرى خۇددى ئۇنىڭغا ئوغرى مۈشۈكنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. بىر زامانلاردا بۇ خىل چىراغ نۇرلىرى ئۇنىڭغا شۇنچە ئىللىق، شۇنچە يېقىملىق كۆرۈنەتتى، چىراغ نۇرى ئاستىدىكى كىشى-لەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىنى ئىززەتلەپ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشكەندەك بىلىنگەنىدى. بىراق ھازىرچۇ؟ قەلبىنۇرنىڭ نەزىرىدە ئۇ چىراغ نۇرلىرى بىردىنلا رەزىللىشىپ قانداقتۇر بىر خىل ساختىلىقنى بىلدۈر-گەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بارچە رەزىللىكلەرنى ئەنە ئاشۇ چىراغ نۇرى يوشۇرۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى، ئىنسانلارنىڭ كۆپلىگەن ئۇرۇش-ماجىرالىرى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرى ئەنە ئاشۇ چىراغ نۇرى ئاستىدا پەيدا بولاتتى...

يىراقتىن كەلگەن گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى يامغۇرنىڭ داۋامى تېخى

بارلىقىنى بىلدۈرەتتى. قەلبىنۇرنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ بىئاراملىشىشقا باشلىغانىدى. ئەگەر يامغۇر يەنە يېغىپ قالسا بۇ كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگۈلۈك؟ ياغماقچى بولغان يامغۇرنى توسۇش مۇمكىن ئەمەس، ئاۋادا يېغىپ قالسا، بەلكىم قەلبىمدىكى دەرد-ئەلەملەرنى شۇ يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ كېتەر دەپ ئويلايتتى. يەنە بىر قېتىم گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، قەلبىنۇرنى راستتىنلا ۋەھىملىك كەيپىيات باستى، شۇ چاغدىلا ئۇ ئەتراپىنىڭ گويا مورىنىڭ ئىچىدەك قاپقاراڭغۇ قورقۇنچلۇق قارىياغاچلىق ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلاشقاندەك تۇيۇلاتتى. دەرەخلەر تۈن شامىلىدا ۋەھىملىك شىلدىرلاپ، گويا ئۇلارنىڭ كەينىگە سان-ساناقسىز جىن-ئالۋاستى مۆكۈنۈۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. قەلبىنۇرنىڭ بەدەنلىرى شۈركۈنۈپ غال-غال تىترەشكە باشلىدى.

بۇ ئۇزۇن ھەم ئەنسىز تۈن مانا مۇشۇ ھۆل تاش ئۈستىدە باشلانغانىدى. تېخى بىر سائەت بۇرۇن ئۇ ئۆزىنىڭ چىراغ يېنىپ تۇرغان ئىللىق ئۆيىدە ئەمەسمىدى؟ لېكىن، ئۇ ئۆيىدىن چىقماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تا ھازىرغىچە قادىرنىڭ تەلۋىلەرچە تىللىغان تىل-ئاھانەتلىرى، ئەپسانىلەرچە قول سېلىپ ئۇرغانلىرى تېخى قۇلاق تۈۋىدە ۋە كۆز ئالدىدا ئايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ-نەپرەت ۋە دەرد-ئەلەملەر ئەتراپىدىكى قورقۇنچلۇق ۋەھىملەرنى يەنە ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە قوغلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

قەلبىنۇر قايغۇ-ھەسرەت ۋە غەم-غۇسسىدىن بەكلا چارچاپ كەتكەنىدى، ئۇ ئاستا كۆزىنى يۇمدى. كۆز ئالدىدا غۇنچەم پەيدا بولدى. ئۇ شېرىن ئۇيقۇدا بولسا كېرەك، بىراق ئۇ ئۆز ئاتا-ئانىسى-نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزاقتىن بېرى يوشۇرۇن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ

خەۋپلىك بوران - چاپقۇننى قانداقمۇ بىلسۇن؟ ئۇلار نىڭ ئائىلىسىدىكى بۇ بوران - چاپقۇن تويىدىن كېيىنلا ئۇزاق ئۆتمەي باشلىنىپ، گاھ ئەگىپ، گاھ ئۇچۇپ، گاھ پەسلەپ، گاھ كۈچىيىپ تۇراتتى. مانا بۇگۈن بۇ بوران. چاپقۇنلار ئاخىر سەككىز بالىغا يېتىپ، ئۇنى توسۇش ياكى ئالدىنى ئېلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ھالەتكە يېتىپ قالغانىدى.

بۇ چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ۋە دەرد - ئەلەملەرنى ھەرقانچە ئاق نىيەت يۇمشاق كۆڭۈل كىشى بولسىمۇ سىڭدۈرۈپ كېتەلمەيدۇ - دە! ئۇنىڭ ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ۋە ئۇنىڭ دوست - ئاغىنىلىرى قادىرنى ئوبدان چۈشەنمەيتتى، ئۇلار قادىرنىڭ سىرتلاردا ئۆزىگە ناھايىتى سىپايە، مۇلايىم ۋە قىزغىن مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ناھايىتى ياخشى بىر ئەر دەپ بىلەتتى، قەلبىنۇرنى ناھايىتى بەختلىك ۋە تەلەيلىك دەپ بىلەتتى. لېكىن قادىرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئۇنى قانداق ئاياغ ئاستى قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قانداق قاتتىق ھەم سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى قەتئىي بىلمەيتتى. قادىر سىرتلاردا مۇلايىم بولغىنى بىلەن، ئۆيىگە كەلگەندە ئۇ بىر زالىم، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن بىنومۇس مەخلۇق ئىدى.

قەلبىنۇر ناھايىتى نومۇسچان، تارتىنچاق، ئاسانلىقچە كىشىگە سىر بەرمەيدىغان ئايال ئىدى. بولۇپمۇ بىر - بىرىگە ئامراق ئەر - خوتۇن ياكى دوست - ئاغىنىلىرىنى كۆرگەندە، ئائىلىسىنىڭ بەختسىزلىكىنى قىلچىمۇ چاندۇرۇپ قويمايتتى، ئۇنداق قىلىشنى نومۇس دەپ بىلەتتى، ئۆز - ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكى ئۇنى بارلىق قايغۇ - ھەسرەتلەرنى ئاچچىق كۆز يېشى بىلەن بىرگە

ئۈچىگە سىڭدۈرۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئالىيە بىلەن بەختىيار قەلبىنۇر-
نىڭ ئارىلىشىدىغان دوستلىرىنىڭ بىرى ئىدى، ئۇلار ئىنتايىن ئىناق
خۇددى لەيلى - مەجنۇندەك بىر - بىرىگە ئاشىق ئىدى. ئۇلار قەلبىنۇرغا
داۋاملىق غەمخورلۇق قىلاتتى، لېكىن قەلبىنۇر ئۇلارغا ئىچكى
سىرىنى پەقەتلا دېمەيتتى. قەلبىنۇر بەختىيارنىڭ ئالىيىنى ھەر زامان
قىزغىن سۆيىدىغانلىقىغا قاراپ، قادىرنىڭ قانچىلىك ئەسكى، قانچىلىك
رەزىل ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. ئۇ گاھىدا ئالىيە-
لەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىچ - پۇشقىنى چىقىراتتى. ئۇلار قەلبىنۇر-
دىن قادىرنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۇ يەنىلا تىغ ئۇچىدا كېتى-
ۋاتقان ئائىلە مۇناسىۋەت سىرىنى چىڭ ساقلاپ، ناھايىتى ئۇستىلىق
بىلەن گەپنى قىزى غۇنچەمگە بۇراپ ھېچنېمىنى چاندۇرمايتتى.

— بىزنىڭ غۇنچەم ناھايىتى ئەقىللىق قىز بولدى، بۇ قېتىم يەنە
ھەممە دەرستە ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچى
بولۇپ سايلىنىپتۇ، مۇئەللىممۇ بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن...، —
دەيتتى قەلبىنۇر. لېكىن ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھەربىر سۆزى
ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان ھەسرەتلەر يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى: "كېيىنچە
بەختىيار بىلەن ئالىيە بۇ سىرلىرىنى ئۇقۇپ قالسا نېمىدەپ قالار؟
چوقۇم ھەيران بولۇپ مېنى ئەيىبلەيدىغۇ دەيمەن! ئۇلارغۇ گېزىتخانى-
دىكى خىزمەتلىرىنى بېيجىڭدىكى بىر ئورۇنغا يۆتكەپ كەتمەكچى
بولۇۋاتىدۇ. لېكىن مەن بۇلارنى داۋاملىق يوشۇرۇۋەرسەم، ئىچىمگە
سىڭدۈرۈۋەرسەم، ئۆزۈمگە ناھەقلىك قىلغان بولمامدىمەن؟ قادىر ماڭا
شۇنداق قارا نىيەتلىك قىلىۋاتسا، يەنە ئۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ رەھىم
قىلىۋەرسەم قانداق بولغىنى؟ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ دەرد - ئەلەملەر
پارتىلىغۇچ دورىدەك پارتلاپ چىقىشى ئېنىق... نۇربىيە بىلەن نۇرىمان

بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ، نۇربىيە تېخى تويى قىلمىدى، ئۇ مۇنداق ناھەقسىزلىكلەرگە چىدىمايدۇ، نۇرىمانىنىڭ بىر قېتىملىق نىكاھتىن ئاجراشقان. تەجرىبىسى بار. ئەمدى بۇ ئىشلارنى چوقۇم ئۇلارغا دېيىشىم كېرەك، ئۇلار بىلەن ئوتتۇرىمىزدا نۇرغۇنلىغان بىر يەردىن چىقىدىغان سۆزلىرىمىز بار، بىر-بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىمىز...»

يامغۇر ئاخىر ياغمىدى. لېكىن قەلبىنۇرنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇر تامچىلىرىدەك ئىختىيارسىز ئاقاتتى. ئۇ قول ياغلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى يانچۇقىغا سالغانىدى، قولى بىر دانە دورا قۇتىسىغا تەگكەندەك قىلىپ قالدى-دە، ۋۇجۇددى بىردىنلا جىغىلداپ كەتكەنتتى.

بۇندىن يېرىم ئاي ئىلگىرى، ئۇلار بىر قېتىم قاتتىق ئۇرۇشۇپ قېلىپ قادىر ئۇنى بىر كاچات ئۇرغانىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ھېچكىمدىن بۇنداق تاياق يەپ باقمىغانىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ بۇ خورلۇققا چىدىماي يىگىرمە تال ئۇخلىتىش دورىسىنى بىراقلا يۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئۇ دۇنياغا كېتىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇ يەردە غەم-قايغۇ يوق، ھېچقانداق سېزىم يوق، نېمىدېگەن ياخشى-ھە! لېكىن ئۆلمەكمۇ تەس ئىكەن. نەتىجىدە ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولماي قالدى. ئۆتكەنكى قېتىمقىدەك قادىر جىددىيلىشىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ كۈچىنىڭ بارىچە ئۇنى ئىرغاتقاندەك ئىرغاتمىدى. بىچارە غۇنچەم ئاپىسىنىڭ دورا يېگىنىنى كۆرۈپ يۈگۈرەپ چىقىپ قادىرغا ئېيتقانىدى بىراق ئۇ قىلچىمۇ پەسەنت قىلماي، ھەتتا قاراپمۇ قويماي سىرتقا چىقىپ كەتتى. قوشنىلار كىرىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. شۇندىن كېيىن قەلبىنۇر قادىردىن پۈتۈنلەي

ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەندى.

"نېمە ئۈچۈن ئۆلىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ مەن ئۆلسەم ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا پايدا بولامدۇ؟ ۋىجدانسىز كىشىدە قانداقمۇ ۋىجدان ئازابى بولسۇن؟" دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر ئىچىدە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ دوستى نۇربىيەگە زوقى كەلدى. "نۇربىيە ئۆزىگە ئوخشاش ئالدىراپ ئەر كىشىلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ توي قىلىۋالمىغانىدى. هازىرمۇ بويتاق. ئائىلىدىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن خالىي، هېچكىم ئۇنى چەكلىيەلمەيتتى، خارلىيالمايتتى، هېچنېمىدىن غەم-قايغۇسىز ئىدى، ئۇ هازىر تۈركىيىدە ئوقۇۋاتاتتى، ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن ئەركىن-ئازادە-هە!؟

نۇرىمان ئېرىدىن ئاجراشقان بولسىمۇ، مەندەك دەرد-ئەلەم تارتمىدى، ئۇلار چىرايلىق ئاجرىشىپ كەتتى. هازىر خېلى يامان ئەمەس بىر ئەر كىشى مەجنۇنلۇق بىلەن ئۇنىڭ پېيىگە كىرىپ تەلەپ قويۇۋاتىدۇ. نۇرىماننىڭ هەممە كىشى زوقى كېلىدىغان دوختۇرلۇق كەسپى بار؛ ئۇنۋانىمۇ بار، ئۆيىمۇ بار، ئىقتىسادىمۇ يامان ئەمەس..."

پۇشايمان دولقۇنلىرى ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ بىلەن قاينايتتى. ئاياللار نېمە ئۈچۈن توي قىلىدۇ؟ ئايال كىشى ئەر كىشى بولمىسا ياشىيالمامدۇ؟ هەي...خۇدانىڭ ئاجىز بەندىلىرى! ئەگەر غۇنچەم بولمىغان بولسا. ئۇ مۇتلەق بۇنداق ئىككىلىنىپ يۈرمەس ئىدى، ئۇ غۇنچەم ئۈچۈنلا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىپ قېلىشىنى ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەنىدى، بىراق ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

قەلبىنۇر سائىتىگە قارىدى، سائەت ئۈچتىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەتراپ يەنىلا قاپقاراڭغۇ ئىدى. قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ۋەھىمەلىك چىرىلداشلىرى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ، زېرىكەرلىك، دىلخەستىلىك بىر كۈن باشلىنىش ئالدىدا، ئۇ تېخىمۇ ھەسرەتلىنىشكە باشلىدى.

بۇ شەھەرنىڭ بىخەتەر ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. پات - پات كۆپكۆندۈزلەردە بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇراتتى، چىرايلىق - چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ نومۇسىغا تېگىدىغان ئەنزىلەرمۇ يۈز بېرىپ تۇراتتى. لېكىن، قەلبىنۇر بۈگۈن بۇ چەت ياقىدىكى قارىياغاچلىقتا بىر كېچە ئولتۇرسىمۇ ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىگەنىدى. دېمەك، تەلەيگە ئىشەنمىسىمۇ بولمايدىكەن. قەلبىنۇر مانا بۇلارنى ئويلاپ ئاچچىقىنا كۈلگەندەك قىلدى.

تاڭ سەھەرنىڭ تەرى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، قارا بۇلۇتلار قۇياش نۇرىنى توسۇپ تۇراتتى. قەلبىنۇر، قەلبىنۇر، قەلبىڭدە نەدە نۇر يولسۇن؟ ئۇنىڭ قەلبى شۇ تاپتا خۇددى ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلاردەك قارا ئىدى. ئۇ ئۆيگە قايتىشنى زادىلا خالىمايتتى، ئەگەر شۇ ئۆيدە جان - جىگەر قىزى غۇنچەم بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ ئۆيگە قايتىشى زادى مۇمكىن ئەمەس: "بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزگۈلۈك؟ بۈگۈن نۇرسىمان بىلەن نۇربىيىنى ئىزدەپ، دەردىمنى ئۇلارغا تۆكەي، ئۇلار ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەتسۇن. نۇرسىماننىڭ ئايرىم ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى بار، ئۇغۇ مېنى ئۆيگە سىغدۇرالايدۇ... غۇنچەم بەكلا چىرايلىق بەكلا ئەقىللىق، بەكلا ئوماق قىز بولدى، گەرچە ئەمدى توققۇز ياشقا كىرگەن بىلەن ماڭا يار-يۆلەك بولالايدۇ، كىشىلەر ئۇنى ھىندى قىزلىرىغا ئوخشىتىدۇ،

مەكتەپتە ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇۋاتىدۇ، بىراق ئۇمۇ ئۆزىگە ئوخشاش بەكلا مۇلايىم، بەكلا ياۋاش، قىز بالا بەكلا ياۋاش بولۇپ كەتسە، ماڭا ئوخشاش ئاسانلا كىشىلەرگە بوزەك بولۇپ قالىدىكەن، بۇندىن كېيىن ئۇنى ھەممە ئىشتا چوڭلارنىڭ رايىغا قارايدىغان قىلىپ تەربىيلىمەي، ئاز- تولا چوڭ كىشىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلالايدىغان قىلىپ تەربىيلەش كېرەك ئىكەن...“

قەلبىنۇرنىڭ بىردىنبىر تارتىشىدىغىنى، مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغىنى پەقەتلا غۇنچەم ئىدى...

قەلبىنۇر ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ قارىياغاچلىقتىن چىقتى. ئۇ يەنە تاش ئۆستەڭنى بويلاپ ماڭدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ تۇيغۇسىدا بۇ دۇنيا خۇددى مەۋجۇت ئەمەس، بىردىنبىر سېغىنىدىغىنى، بىردىنبىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى پەقەتلا قىزى غۇنچەم ئىدى.

2

قەلبىنۇر ئاخىر ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت، غۇنچەم ئۇخلاۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ يۇمران قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلگەن ھالدا تۈرۈكلۈكتەك تۇراتتى، چۈنكى ئاخشامقى جېدەل- ماجىرانىڭ ئۈستىدە ئۇ بار، ھەممىنى بىلەتتى.

قادىر ئۆيدە يوق ئىدى، بەلكىم ئاخشامقى ماجىرادىن كېيىن ئۇمۇ سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىكىنە، ھازىر ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكى قەلبىنۇر ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس. قەلبىنۇر يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ بىر كېچىدىلا ياداپ كەتكەندەك ھېس قىلدى ھەمدە سەل- پەل راھەتلىنىپ ھەم روھلىنىپ قالغاندەك سەزدى. ئۇ ئاستا دەسسەپ غۇنچەم ياتقان

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كىردى. ئۇ غۇنچەمگە قاراپ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭ گۆدەك قەلبىگە جاراھەت كەلتۈرگەنلىكىنى ئويلاپ، كۆڭلى بۇزۇلدى، بۇرنىدىن ئاچچىق تۈتەك چىققاندەك كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ بىراق باسالمىدى. غۇنچەم يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى، ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئىسەنگىرەپ قالدى، كېيىن بۇ چۈشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ باغرىغا تاشلاپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىما قىزىم، يىغلىما، مانا قايتىپ كەلدىمغۇ؟ — دەيتتى قەلبىنۇر.

— كېچىدە ئۇيغىنىپ قارىسام، سەنمۇ يوق، داداممۇ يوق، بەكلا قورقۇپ كەتتىم، — غۇنچەم تېخىمۇ ھەسرەتلىك يىغلاپ، — نېمە ئۈچۈن مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىسلەر؟ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ كىچىك-كىچىك مۇشتۇملىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كەتتى.

قەلبىنۇر غۇنچەمنى چىڭ قۇچاقلاپ، بۇ نارەسىدە بالىسىنىڭ نالىسىگە چىدىماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما قىزىم، يىغلىما! ئەمدى ئىككىنچى سېنى تاشلاپ كەتمەي-مەن؛ ئاپاڭ مەڭگۈ سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ...، — قەلبىنۇرنىڭ ئىخ-تىيارسىز ئېقىپ چۈشكەن تارام-تارام ياشلىرى غۇنچەمنىڭ يۈزىگە ئېقىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئاچچىق ياشلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

— ئاپا، — دەپ سورىدى غۇنچەم يۈزىدىكى ياشلارنى قولى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئاخشام نەگە باردىڭ؟

بىر دوستۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ قونۇپ قالدىم.

— قايسى دوستۇڭنىڭ ئۆيىگە؟ — غۇنچەم ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇ ئاپىسىنىڭ دوستلىرىنى ھەممىسىنى دېگۈدەك بىلەتتى، نۇربىيە بىلەن نۇرىمانىنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى، ئالىيە بىلەن بەختىيار ھازىر قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ يەرگە بېرىپ قونۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردىن باشقا ئاغىنىلىرى بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى.

قەلبىنۇر قىزىدىن يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى ھەم ئۇنى ئالداشنى خالىمايتتى.

— قارىياغاچلىقتا بېرىپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇپ كەلدىم بالام، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— قارىياغاچلىقتا ئەسكى ئادەملەر يوقمىكەن؟ — دەپ سورىدى غۇنچەم بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، — قورقمىدىڭمۇ ئاپا؟

قەلبىنۇر قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قەلبىدە بىر خىل ئىللىق تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ گەرچە كىچىك بولسىمۇ ئاپىسىغا كۆيۈنۈشنى بىلەتتى. قەلبىنۇر تاش يۈرەك قادىرنى ئويلاپ، قەلبى قايتا غەزەپ-نەپرەت بىلەن تولغاندى.

— دۇنيادىكى ئەسكى ئادەملەر ئاپاڭنى بوزەك ئېتەلمەيدۇ، پەقەت داداڭلا ئاپاڭنى بوزەك قىلىدۇ، — دېدى قەلبىنۇر يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

غۇنچەم ئاپىسىنىڭ باغرىغا قايتا چوڭقۇر چۆكۈپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىما قىزىم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار ئاللاھ بار، بىزدىن كۆرمىگەننى خۇدايىمدىن كۆرىدۇ. يىغلىما قىزىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاينى ئىچىپ بولۇپ نۇربىيە ھەدەك بىلەن نۇرىمان ھەدەڭنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، ئۇلار بەلكىم ساڭا چىرايلىق كۆڭلەك ئالغاچ كەلگەندۇ، — دېدى قەلبىنۇر غۇنچەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ. بىراق شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبى ئۆرتىنىۋاتاتتى.

غۇنچەم چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، ئۆزى كىيىم ئالماشتۇرۇۋالدى. قەلبىنۇرمۇ كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ، ئەينەك ئالدىدا ئازراق پەدەز قىلدى. ئەينەكتە كۆرۈنگەن كىشى گويا باشقا بىر كىشىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئەينەككە قايتا قارىۋىدى، ئەينەكتە كۆزلىرى چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان، مەڭىز سۆڭەكلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ چىققان ياداڭغۇ ھەم سولغۇن چىراي بىرسى كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ تازا سۆرەن سېلىپ يىغلىغۇسى كەلدى، قەلبىدىكى پۈتۈن دەرد - ئەلەملەرنى يىغا بىلەن بىرگە تۆكۈپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. توغرا، مۇشۇنداق چاغلاردا ئايال كىشى تازا بىر يىغلىۋەتسە كۆڭلى بوشاپ قالىدۇ، بۇ بىر خىل تەبىئىي ھادىسە بولسا كېرەك، لېكىن ئۇ غۇنچەمنى ئويلاپ، يەنە بىر قېتىم بۇ دەردلەرنى ياش بىلەن تەڭ ئىچىگە سىڭدۈرۈۋەتتى. بۇرۇن ئۇ قانداق گۈزەل ئىدى - ھە؟! جىنەستىدەك ئاغزى، توقاچتەك مەڭىزى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، قايماقتەك بەدەنلىرى... بىراق ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئەسەر قالمىغانىدى. نۇربىيە بىلەن نۇرىمان مېنى كۆرسە نېمىدەپ قالار؟ دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بولغان ھالدا.

قەلبىنۇر بۈگۈن كەچ كەلمەيدىغان بولۇپ، سومكىغا يۆتكەيدىغان كىيىملىرىدىن بىرنەچچىنى سېلىپ، غۇنچەم بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇلار نۇربىيىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ

كەلگەنىدى. نۇربىيەمۇ تېخى ئايروپىلاندىن چۈشۈپ ئەمدىلا ئۆيگە كېلىپ تۇرغانىكەن. ئىككى يىلغىچە خەت ئارقىلىق كۆرۈشۈپ، دىدار كۆرۈشمىگەن قەدىناس دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. نۇربىيە ئەسلى قارا چاچلىرىنى قوڭغۇر قىلىپ بوياتقۇالغانىكەن، مەيلى ئۇنىڭ كىيىنىشلىرىدىن بولسۇن، ياكى گەپ-سۆزلىرىدىن بولسۇن ياۋروپا پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ئىككى يىل تۈركىيىدە تۇرۇپ كەلگەن كىشىگە شۇ جاينىڭ مەدەنىيىتى يۇقماي قالامتى؟ نۇربىيىنىڭ بۇ ھالىتى قەلبىنۇرنى ئانچە ھەيران قالدۇرمىدى. ئۇلار ئىشكىنى چىڭ ئېتىپ قويۇپ، ئىككى يىلنىڭ بۇيانقى يىغىلىپ قالغان گەپ-سۆزلىرىنى بىر-بىرىگە ئىزھار قىلىشىپ مۇڭدىشىپ كەتتى.

— ۋاي، ۋۇي، — دېدى نۇربىيە غۇنچەمنى كۆرۈپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، — تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ ئوماق قىز! ئەمدى ئاپىڭىز سىزگە بىر ئۇكاش تۇغۇپ بەرسە بولغۇدەك.

قەلبىنۇر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مىيىقىدا ئاچچىقىنا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

نۇربىيە بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ قالغاندەك قىلىپ:

— قادىرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دادام ئاپامنى ئۇردى! — دەپ قەلبىنۇر جاۋاب بەرگۈچە غۇنچەم پەس ئاۋازدا سۆز قىستۇردى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى نۇربىيە ئەجەبلىنىپ، — قادىرنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟

— ۋاي ئاداش، — دېدى قەلبىنۇر ئۆزىنى باسالماي، — دەرد-ئەلەملەرنى سىغدۇرالماي پارتلاپ كېتەيلا دەۋاتىمەن! — ئۇ ئۆزىنى نۇربىيىگە ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىما ئاداش، — نۇربىيە قەلبىنۇرنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — قادىر ئەسلى سېپىدىن بۇزۇق نەرسە، خېتىڭنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىن! — دەپ قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بەرگىلى باشلىدى.

نۇربىيە قەلبىنۇرنى يۆلەپ دېۋانغا ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا چۆكۈپ ئىككى قولىنى گىرلەشتۈرۈپ چوققىسىغا قويدى-دە، دېۋانغا يۆلەندى. گويا ئۇ بىر مەسىلە توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر قىلىۋاتقاندەك ئولتۇرغانىدى. ئۇ شۇ قىياپەتتە ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەگەر توي قىلىش شۇنداق بىمەنە، قورقۇنچلۇق بولىدىغان بولسا توي قىلىپ نېمە قىلىدۇ كىشى؟ نۇربىمانمۇ ئاجرىشىپ كەتتى، سەنمۇ ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرىسەن؟ يېشىمنى ئويلاپ، ئاتا-ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ توي قىلسامۇ قىلاي دەپ ئويلىۋىدىم، — دېدى نۇربىيە ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا، — سىلەرنىڭ بەختسىزلىك نىكاھىڭلارنى كۆرۈپ بۇ نىيىتىمدىن ياناي دەۋاتىمەن. نىكاھ قورقۇنچلۇق تور ئىكەن، يەنە ئاشۇ قورقۇنچلۇق تورغا ئۆزۈمنى ئاتىمەنمۇ؟

شۇ ئارىدا نۇربىيەنىڭ ئانىسى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قەلبىنۇرغا چاي قۇيغاچ، — نۇربىيە بار بولسا كېلىپ، يوق بولسا كەلمەيدىكەنسىز-ھە؟ دەپ چاقچاق قىلدى.

— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى قەلبىنۇر ئورنىدىن

تۇرۇپ سۇنغان چاينى ئىككى قوللاپ ئالدى، — ئۆيدە باللار بىلەن بولۇپ، سىزنى پات - پات يوقلىيالمىدىم.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى نۇربىيىنىڭ ئاپىسى كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە بىر پىيالىغا چاي قۇيغاچ، — دادىسى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، كوچادا بىر قورۇ - جاي سېلىۋالغاندۇق. ھازىر تولا راق شۇ يۇرتتا تۇرۇۋاتىمىز.

— ياشانغاندا يەنىلا ئۆزىنىڭ يۇرتى ياخشىكەن، ئوبدان قىلىپلا ھەدە، ئۇ يەردە قورۇغا گۈل تېرىپ، مېۋىلىك دەرەخ تىكىپ، ئورۇق - تۇغقانلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ زېرىكمەيلا، — دېدى قەلبىنۇر.

— ھەئە، بۇ ئۆرۈمچىدە بىنادىن باشقا نەرسە يوق، قونداققا چىقىۋالغاندەك بۇ كاتەكتەك ئۆيلەردە ئادەمنىڭ دىمى سىقىلىپ كېتىدىكەن، — نۇربىيىنىڭ ئانىسى قىزىقىپ پاراڭ سېلىپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمىزدا بالا يوق، نۇربىيە تۇركىيىگە كېتىۋالدى، باقىدىغان بىرەر نەۋرە يوق، ئىنىسىنىڭ بالىسى بىزگە ئاشمايدۇ، كىچىك ئىنىسى ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتىدۇ.

— ھەئە، باللار چوڭ بولۇۋېلىپلا ئاتا - ئانىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىكەن، — دېدى قەلبىنۇر سۆز قىستۇرۇپ، — مەنمۇ ئاتا - ئانامنى تاشلاپ بۇ يەردە تۇرغىلى ئون يىلدىن ئاشتى، يىلدا بىرەر قېتىم ئارانلا بېرىپ يوقلاپ كېلەلەيمەن.

— ئاپا، — پاراڭ ئاڭلاپ ئولتۇرغان نۇربىيە ئورنىدىن تۇرۇپ، — مانا قايتىپ كەلدىمغۇ؟ — دەپ ئاپىسنى قۇچاقلىۋالدى.

— قايتىپ كەلدىمغۇ؟! يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن بىزنى تاشلاپ ماڭارسەن؟ تايىنلىق — دېدى ئانىسى خاپا بولغاندەك، —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇش، ئوقۇش، نېمىدېگەن تولا ئوقۇش بۇ؟ كىتابنى جىق ئوقۇغان قىزلارغا ئاسان ئەر چىقمايدۇ، كوچادا قىزلارنى ئون سەككىزگە كىرمەيلا ياتلىق قىلىدۇ، يېشىڭ ئوتتۇزدىن ئاشتى، يەنە قاچانغىچە ئوقۇيسەن؟...

— ھەدە، ئەنسىرىمىسىلە، نۇربىيدە چىراي دېسە چىراي بار، بىلىم دېسە بىلىم، ئەگەر توي قىلىمەن دېسە، يۈگۈرۈپ كېلىدىغان نى ـ نى كېلىشكەن يىگىتلەر بار، — قەلبىنۇر نۇربىيىنىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بالدۇر توي قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئەر خەق دېگەن توي قىلىۋېلىپلا خوتۇندىن زېرىكىدىكەن، دۇنيادا ئەر خەقتىن ئەسكى نەرسە يوق ئىكەن، — دېدى.

— ياق، ئۇنداقلا ئەمەس قىزىم، — دېدى نۇربىيىنىڭ ئاپىسى ناھايىتى ئەستايىدىل ھالدا، — چىراي دېگەن كۈندىن ـ كۈنگە سولىشىدۇ، بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق گۈزەل ئىدۇق، — ئۇ يۈزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قارىمامسىز، ھازىر مامۇشكا بولۇپ قالدۇق. چىراي، بىلىم دېگەن نەرسىلەرگە چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ، ئەر خەقنىڭ ھەممىسىلا ئەسكى ئەمەس، بىزمۇ چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ ئۆتتۇۋاتقىلى قىرىق يىل بولاي دېدى، ئەر خەقنىڭ ئاچچىقىمۇ بولىدۇ، تاتلىقىمۇ بولىدۇ ـ دە.

— ئاپا...، — دېدى نۇربىيە ئاپىسىغا ئەركىلەپ، — ئەمدى كېلىشمىگىلا بۇ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېشىمنى ئاغرىتىشقا باشلىدىڭغۇ؟

— سۆزلىمەي قانداق قىلىمەن، گېپىمىزنى ئاڭلىمىساڭ؟

— ئالدىرىمىسىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا نۇربىيىنىڭمۇ بەختى كېلىپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ قالىدۇ! — دېدى قەلبىنۇر كۈلۈپ.

— بۇ قېتىم نېمىلا بولمىسۇن، — نۇربىيىنىڭ ئاپىسى تەقەززا

بولغان ھالدا، — بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋاتمىساق بولمايدۇ، — دەپ نۇربىيىنىڭ پېشانىسىگە يېنىك بىرنى نوقۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

نۇربىيە ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ:

— ئۆيگە كەلسەملا بېشىمنى ئاغرىتىپ دەيدىغىنى شۇ، توي، توي ھەر ھەپتىدە نەچچە تويغا داستىخان كۆتۈرۈپ بارىدۇ، نېمە ئانچە تويغا تويمايدىغاندۇ؟ مەن ئالدىرىمىغان يەردە ئۇلارغا نېمە ئالدىراش؟ تويىمۇ قىلارمەن، شۇ چاغدىغۇ تويار! — دەپ ئاپىسىغا كايىغاندەك قىلدى.

— كايىما ئاداش، چوڭلارنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى توغرا چۈشەنگىن! — دەپ قەلبىنۇرنىڭ نۇربىيىگە تېخىمۇ زوقى كەلدى.

قەلبىنۇر، نۇربىيە، نۇرىمان بۇ ئۈچەيلەن كەسپى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئالىي مەكتەپلەرنى بىللە ئوقۇپ بىللە پۈتتۈرگەن قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. مەكتەپتە ئۇلارنى ساۋاقداشلىرى، بولۇپمۇ ئوغۇل ساۋاقداشلىرى "ئۈچ نۇر" دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئۈچ نۇر ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇردەك گۈزەل جامالى، ھەممە پەنلەردىكى ئەلا نەتىجىلىرى ئوغۇللارنى ھەددىدىن زىيادە مەپتۇن قىلاتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا قەلبىنۇر ئۈرۈمچىدە قېلىش ئۈچۈنلا ئالدىراپ قادىر بىلەن يۇرۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان بىرقانچە كېلىشكەن ساۋاقداشلىرى بار ئىدى. نۇرىمان خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن سىنىپىدىكى بىر ساۋاقدىشى بىلەن توي قىلىۋالغانىدى. نۇربىيە تولاراق ئوقۇشقا بېرىلىپ كېتىپ، قەلبىنۇر بىلەن نۇرىمانغا ئوخشاش ئالدىراپ كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئائىلىنىڭ قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتمىدى. خىزمەتكە چىقىپ نەچچە يىللارغىچە بۇ ئىشلارنى كۆپ ئويلانماي، كېيىن ئويلانغۇچە ئەترا-پىدىكى تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز ماكانلىرىنى تېپىپ بولۇشتى. كېيىنچە ئۇ قانداقتۇر چەتكە چىقىپ ئوقۇش ئېقىمىغا قوشۇلۇپ، تۈركىيىگە ماگىستىرلىق ئوچۇن كېتىۋالدى. ئۇ بەكلا خىيالچان، بەكلا تىلەكچان ئىدى. ھەتتا نىكاھ مەسلىسىدىمۇ شۇنداق ئىدى.

— ھە، نۇربىيە، — قەلبىنۇرنىڭمۇ بۇ ئىشقا ئىچى پۇشقاندەك، — بىرەر نىشان تاپتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نىشانغۇ جىق، — دېدى نۇربىيە ئۇستىلىق بىلەن، — بىراق پىكىرداش، مەسلەكداش، ئارزۇ-ھەۋەسلەر بىر يەردىن چىقىدىغان كىشلەردىن بىرەنى تاپسام بولار!

قەلبىنۇر يەنە ئىلگىرىلەپ سورىماقچى بولۇۋىدى، نۇربىيە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەستايىدىل ھالدا.

قەلبىنۇر دوستىنىڭ ئۆزىگە شۇنچە كۆيۈنۈپ ھال-ئەھۋال سورىغانلىقىغا قاراپ، كۆڭلى قايتىدىن بۆلەكچە يېرىم بولدى، ئىككى كۆزى يەنە قىزىرىشقا باشلىدى:

— ئاخشام ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى، — دېدى.

— قانداق ئەسكى ئۇ، — دېدى نۇربىيە بولارنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، — سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانغا نېمە ھەققى؟ ئۇنىڭ سېنى شۇنداق خارلىغانلىقى ئوچۇن قانۇنغا ئەرز قىلساڭ بولىدۇ. سەن بىر ئىنسان، ھايۋان ئەمەس، خالىغانچە ئۆيدىن قوغلاپ

چىقىرىۋېتىدىغان!

— بىز خوتۇن خەق دېگەن شۇنداق ئاجىز بەندە ئىكەنمىز، — دېدى قەلبىنۇر يىغلاپ تۇرۇپ، — ماڭا نېمە ئامال؟!

— ئايالLARنىڭمۇ ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقى بار، نېمىدىن قورقىسەن؟ ئەر خەق دېگەن ئايال خەقنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇ ئەسكىگە بوزەك بولۇپ ئولتۇرغۇچە خېتىڭنى ئېلىپ بىراقلا چىقىپ كەت! — ئۇ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ، — ئۆز ۋاقتىدا ھەر نوچى يىگىتلەر تەلەپ قويسا ئۇنىمىغان ئىدىڭ، ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتقانسەن؟ ھېلىقى غۇلجىلىق ھەسەنجان دېگەن يىگىت ئەجەب ياخشى بالا ئىدى، شۇنىڭغا تەگسەڭ بولۇپتىكەندۇق!

قەلبىنۇر بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئاچ-چىققىنا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى قايتا تەگەشنى ئانچە خالىمايتتى. ئۇنىڭ قادىرغا تېگىشى ئۆمرىدىكى ئەڭ زور خاتالىقى ئىدى. ئۇ چاغدا قەلبىنۇر ناھايىتى ساپدىل، ئاق كۆڭۈل، بىغۇبار قىز ئىدى. قادىرنىڭ ئۆيى مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى بىر قورۇدا ئىدى، ئۇ قايسىبىر ئوتتۇرا تېخنىكۇمنى پۈتتۈرۈپلا خىزمەتكە چىقىۋالغانىكەن. ئۇلار بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا تونۇشۇپ قېلىپ، قادىر ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپلا ئالغانتى. ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن، ھەر خىل شېرىن سۆزلەر بىلەن ئاخىر قەلبىنۇرنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانتى.

— ئەمدى نېملا دېگەن بىلەن ئىش ئىزىغا كەلمەيدۇ، ئەگەر ئايال كىشىنىڭ ئاجىزلىقى بولمىسا ئەسكى كىشىلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا ئاسانلا چۈشۈپ كەتمەيدۇ، — قەلبىنۇر ناھايىتى ھەسرەت-لەنگەن ھالدا، — ئۇ چاغدا مەن قادىرنىڭ يامان ئەمەس خىزمىتىگە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرىسى

ئېيتقان ناخشىلىرىغا، چالغان گىتارىغا ئاشىق بولۇپ تېگىپ قاپتىمەن، ــ مۇشۇ جەھەتلەردە بەرپات بولىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىمەن، ــ دېدى.

ــ ئۇ زادى نەرسىگە رازى ئەمەسكەن؟ ــ نۇربىيە تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سورىدى، ــ ئوتتۇرىدىكى زىددىيەت زادى نېمە؟

ــ توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن بوشاندىم، غۇنچەمنى قادىرنىڭ ئاپىسى ئىككى يىلدەك بېقىپ بەردى. مەن يەنە خىزمىتىمنى ئىشلەۋەردىم، كېيىن ئاپىسى يوق بولدى، شۇ ئارىدا ئۇ خىزمىتىنى تاشلاپ تىجارەتكە چۈشۈپ كەتتى، ــ قەلبىنۇر چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، خۇددى ھېكايە سۆزلىگەندەك، ــ ئۇ داۋاملىق تىجارەت قىلىمەن دەپ ئۇ ياق-بۇ ياقلارغا كېتىدۇ، گاھىدا نەچچە ئايلاپ گۇاڭجۇدا يېتىۋالىدۇ، بىر خىزمەتكار قىز توختىتاتسام قولى ئەگرى چىقىپ قېلىپ قايتۇرۇۋەتتىم، ئۆيدە بالا بىلەن بەكلا قىينىلىپ قالدىم، خىزمەتكە باراي دېسەم بالىغا قارايدىغانغا ئادەم يوق، بالىغا قاراي دېسەم خىزمەت قېپقالىدۇ، ئۈچىنچى يىلغا بارغاندا ئۇ مېنى خىزمەتتىن مەجبۇرىي چىقىرىۋالدى. مەن پۈتۈنلەي شۇنىڭ قولىغا قاراپلا قالدىم. كېيىن ئۇ پۇل تېپىپ ھازىرقى ئولتۇرۇۋاتقان قورۇنى سېلىۋالدى. قولىغا ئىككى تال پۇل كىرگەندىن كېيىن ھە دېسىلا بۇ ئۆي مېنىڭ، مەن سېنى بېقىۋاتىمەن، دەپ كۆرەڭلەيدىغان بولۇۋالدى. مەسىلە دەل مۇشۇ پۇلدا...

ــ پۇلنىڭ ئۇلىغا قۇرۇلغان نىكاھ پاجىئەلىك بولىدۇ، ــ دېدى نۇربىيە غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ خۇددى قۇمنىڭ ئۈستىگە سالغان قۇرۇلۇشتەك بەرىبىر بىركۈنى ئەمەس، بىركۈنى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. بولدى، ئۇ ئەبلەختىن خېتىڭنى ئال.

— مېنى ئاجراشمايدۇ دەۋاتامسەن؟ — قەلبىنۇر بېشىنى چايقاپ، — ئاللىقاچان بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويسام، ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەرنى تېپىپ خېتىمنى بەرمەيۋاتىدۇ، ئۇنىڭچە خەلقى ئالەم ئالدىدا سەت بولارمىش!

— سەتچىلىكنى بىلگەن ئادەم چىرايلىق ئۆي تۇتسا بولمامدۇ!

— ئۇ ماڭا ھەر ئايدا ئۆي خىراجىتىگە يەتكۈدەكلا پۇل بېرىدۇ، ئۇ پۇلنىڭ ھېسابىنى بىر-بىرلەپ ئالىدۇ، — دېدى قەلبىنۇر تېخىمۇ غەزەپلەنگەندەك، — بۇغۇ مەيلى، ھەممىدىن ئاچچىقىم كېلىدىغىنى، مېنى سىرتتا باشقا كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىكىن دەپ گۇمان قىلىدۇ، — دېدى.

— ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ دېگەندەك، ئۆزى بۇزۇلغان نېمە؟ — دېدى نۇربىيە ئاچچىقى بىلەن.

— جېنىم ئاداش، مېنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىمنى ئوبدان قوبۇل قىلىۋال، — قەلبىنۇر گەپنى نۇربىيەگە بۇراپ، — مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن ياكى باشقا مىللەت بولسۇن، مەيلى جۇڭگولۇق بولسۇن ياكى چەت ئەللىك بولسۇن، ئەر خەقنىڭ تاتلىق گەپلىرىگە ئىشەنمە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى باشقىلاردىن ياكى باشقا جەھەتلەردىن ئېنىقلاش كېرەك ئىكەن.

— توي قىلىش مۇھەببەتنىڭ گۆرى دېگەن گەپ راست ئىكەن، — دېدى نۇربىيە بۇ ئىشلارغا يەكۈن چىقىرىپ، — يەنىلا ماڭا ئوخشاش بويتاق يۈرگەنمۇ ياخشىكەن، خوتۇن خەق زادى نېمە ئۈچۈن توي قىلىدۇ؟ بۇ ئىشقا زادىلا چۈشەنمىدىم!

— بىراق سەنمۇ ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمە، — قەلبىنۇر نۇربىيەنىڭ گېپىگە ئانچە قوشۇلمىغاندەك تەرىزدە دېدى، — مېنىڭ دېگىنىم بۇ

www.uyghurkitap.com

جەھەتتە ناھايىتى ئەتراپلىق، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىش كېرەك ئىكەن.

— قەلبىنۇر، توي قىلماي تۇرۇپ ئەر كىشى بىلەن بىللە بولۇپ بېقىشنى سىناپ باقاي دەۋاتىمەن، — دېدى نۇربىيە قەلبىنۇرغا مەسلىھەت سالغاندەك، — چەت ئەللەردە كۆپىنچە ياشلار شۇنداق قىلىدىكەن ئەمەسمۇ.

— مېنىڭچە بۇنداق قىلىش ئانچە ياخشى ئەمەسمىكىن، — قەلبىنۇر سەل ئويلانغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — چۈنكى بىز چەت ئەللىك ئەمەس، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى چەت ئەلگە ئوخشىمايدۇ، بۇنداق ئىشنى ئېغىر ئالىدۇ، ئۆزۈڭنىڭ شەنىگىمۇ سەت، ئاتا-ئاناڭنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئاغرىتىپ قويىسەن.

— ئۇنداق قىلسىمۇ بولمىغان، بۇنداق قىلسىمۇ بولمىغان، — نۇربىيىنىڭ كاللىسى قاپاقلىشىپ قالغاندەك، چېچىلىپ سۆزلىدى، — دۇنيادا كىشىلەر ئۆزى ئۈچۈن ياشامدۇ ياكى باشقىلار ئۈچۈن ياشامدۇ؟ چەت ئەللەردەك ھېچكىمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغاندەك بولسا بولمامسىدى؟

— ئۇنداق بولسىمىغۇ ياخشى بولاتتى، — قەلبىنۇر ئىنتايىن ئەپسۇسلانغاندەك، — بىراق بىزنىڭ بۇ يەردە گاھىدا ئۆز ئىرادەڭگە خىلاپ ھالدا بەزى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭنى ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرنىڭ رايىغا قاراپ ئۆزگەرتىپمۇ سالىسەن-دە!

— مۇشۇمۇ بىر قالاقلىقنىڭ ئىپادىسى دېگىنە! — نۇربىيە ناھايىتى ئەجەبلەنگەندەك دېدى، — بىزنىڭ بۇ يەردە قاچان كىشىلەر كىشىلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدىغان، كارى بولمايدىغان بولاركىنە؟!

— ئۇ زامانلارنىڭ كېلىشى تېخى يىراقتۇ دەيمەن، — دېدى

قەلبىنۇر.

— سەن شۇنچە گۈزەل تۇرساڭ، قادىر نېمەگە راز بولمايدىكەن؟ — دېدى نۇربىيىنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز بىر ئىش كېلىپ قالغاندەك، — ئۇ چوقۇم سىرتتا بىرەر ئاشنا تېپىۋاپتۇ جۇمۇ!

— بۇنىسىنى بىلمىدىم، بۇرۇن مۇنداق ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولماپتىكەن، ئۇ داۋاملىق تىجارەت دەپ سىرتلاردا يۈرىدۇ قايتىپ كەلگەندە سوراپ باقىقىنىممۇ يوق، — قەلبىنۇر نۇربىيىنىڭ گېپىگە قوشۇلغاندەك، — بەزى ئەر كىشىلەر كۆرسەم خۇمار دېگەندەك ئەرمەك قىلىشقا ئامراق. ئۇنىڭغۇ پۇلى بار شارائىتى بار، لېكىن بۇ ئىشقا تولۇق ئاساسىم يوق، ھەرقانچە بولسىمۇ غۇنچەمنىڭ يۈزىنى قىلار دەيمەنغۇ!

— ئۇنداقتا ھەممە گەپ سەندە ئىكەن، — دېدى نۇربىيە قەلبىنۇرنى ئەيىبلىگەندەك، — ئۇ سېنى بوزەك قىلىۋاپتۇ ئەمسە.

— نۇربىيە، بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىۋالايلى، سەپەردىن ئەمدى كەلدىڭ، ھاردۇقۇڭنى ئالغىن، — قەلبىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ سائەتكە قاراپ دېدى، — بىز ھازىر نۇرىمانىڭكىگە بارايلى، ئۇ بۈگۈن قەشقەردىن كەلمەكچى، بۈگۈن-ئەتىنىڭ ئىچىدە قايتا مۇڭدىشايلى.

— ماقۇل ئەمسە، نۇرىمانغا سالام دېگىن، — نۇربىيە ئۇلارنى ئۇزاتقاچ، — بۈگۈن كەچ ياكى ئەتە جەم بولايلى، گۈلە، گۈلە! — دېدى. ("گۈلە-گۈلە" دېگەن تۈركچە "خەير-خوش" دېگەن سۆز)

قەلبىنۇر غۇنچەمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 3

نۇربىيە ئايروپىلاندا ئون نەچچە سائەت ئۇخلىماي شەپقەت بىلەن پاراڭلىشىپ كەلگەنىدى. ئۇ قەلبىنۇرنى ئۇزىتىپ قويۇپ چارچىغانلىقىنى سەزگەنىدى، سەل-پەل ئارامنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كارىۋاتتا ياتتى. بىراق قەلبىنۇر بىلەن نۇرىمانىنىڭ تۇرمۇشتىكى بەختسىزلىكلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى زادى كەلتۈرمىدى. خۇددى بۇ ئىككى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ قارا سايىسى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گويا تېگى يوق بىر قارا ئۆڭكۈر ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. نۇربىيە بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ھەرقانچە ئويلىماسلىققا كۈچىنىپ كۆرسىمۇ، لېكىن بۇ مەسىلىلەر ئۈن-تىنسىز كېلىپ ئۇنىڭغا چىرمىشىۋالاتتى.

بۇندىن ئون يىل ئىلگىرىكى ئۇنتۇلماس بىر ئىش ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا قەلبىنۇر ئاللىقاچان قادىرنىڭ رودىپايلىقىغا چىدىماي، ئۇنىڭ مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ بولغانىدى. بىر قېتىم قەلبىنۇر نۇربىيىنى قادىر بىلەن بىللە كىنو كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. بىراق نۇربىيە بىئەپ بولمىسۇن دەپ دەسلەپتە ئۇنىمىدى، كېيىن قەلبىنۇرنىڭ قىزغىن تەكلىپىنى رەت قىلىۋېتەلمەي ماقۇل كەلدى.

قەلبىنۇر بىلەن نۇربىيە كىنو خانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، قادىر بىلەت ئېلىپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. شۇ چاغدىلا نۇربىيە قادىرنىڭ ئۆزىنىڭ نېپىز كۆڭلىكىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگە ھە دەپ كۆز ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئەسلى

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتا، قانداقتۇر نۇربىيە ئالدىدا، كەينىدىن قادىر
ئاندىن قەلبىنۇر كىرىپ ئولتۇرۇشتى، قادىر خىجىل بولۇپ قالغاندەك
قەلبىنۇرنى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى قەلبىنۇرنىڭ يېنىدا
ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق قەلبىنۇر ئۆزىنى قادىردىن كۆنلەپ
قالمسۇن دەپ ئويلاپ، بۇنىڭلىققا نىمە بولىدۇ؟ ھېچ ۋەقەسى يوق
دەپ ئۇنىمىدى.

كىنونىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، نۇربىيە بىر يۇمشاق
نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ پاچىقىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ
قالدى. بۇ نەرسە نۇربىيىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدىن ئاستا كىرىپ،
ئۇنىڭ پاچىقىنى سىلاشقا باشلىدى. بۇ نەرسىنىڭ تەبىئىي ھالدا
قادىرنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى نۇربىيە بىلدى. بۇنىڭغا ھەيران بولغان
نۇربىيە ۋارقىراي دېسە سەت تۇرغان، نۇربىيە يەنىلا قەلبىنۇرنىڭ
كۆڭلىنى ئاياپ، قادىرنىڭ بۇ ئىپلاس قولىنى قولى بىلەن ئاستا
ئىتتىرىۋېتىپ كىنو كۆرۈشنى داۋاملاشتۇردى بىراق ئېكراندا
نېمىلەرنى قويۇۋاتىدۇ، نېمىلەر دېيىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ كاللىسىغا زادىلا
كىرمەيتتى. پەقەتلا قادىرنىڭ ھېلىقى نومۇسسىز قولى كۆزىگە
كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇلار ھازىر قىزغىن مۇھەببەت قايىنىمىدا،
ئۇزاق ئۆتمەي توي قىلماقچى، قانداق قىلىش كېرەك؟ نەق
مەيداندا پاش قىلىۋېتىش كېرەكمۇ؟ قەلبىنۇر ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ
خىجىل بولۇپ ئوسال ھالەتكە چۈشۈپ قالامسىمۇ؟ قانداقمۇ بۇنداق
رەزىل ئادەم بىلەن يۈرۈپ قالدىم دەپ كۆڭلى يېرىم بولمامدۇ؟
نۇرغۇن ئويلىنىشلار نەتىجىسىدە، نۇربىيە بۇ ئىشنى مەڭگۈلۈك
مەخپىيەت قىلىپ كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەنىدى.

نۇربىيە مانا بۇلارنى ئويلاپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى: "ئەگەر شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاغدا قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ئايىماي نەق مەيداندىلا پاش قىلىۋەتكەن بولسام، بەلكىم قەلبىنۇر قادىرنىڭ بۇنداق پەسكەشلىكىنى چۈشىنىپ، شۇ چاغدىلا قادىر بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتكەن بولاتتى؛ بۈگۈنكى دەرد ـ ئەلەملەرگىمۇ دۇچار بولمىغان بولاتتى! نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلمىغاندىمەن" دەپ نۇربىيە پۇشايمان قىلغاندەك قىلدى.

نېمە ئۈچۈن بۇلارنى ئويلايمەن؟ نېمە ئۈچۈن؟ نۇربىيە بۇ چېكى يوق خىياللاردىن زېرىكىپ، ئۆزىنى ئۇخلاشقا مەجبۇرلىدى، بىراق يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى.

بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە شەپقەت كېلىپ قالدى. شەپقەت بۈگۈن تۈركىيەدىن نۇربىيە بىلەن بىللە كەلگەن ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا تۈركىيەگە كېتىپ ئىستامبۇلدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان يۇرتداشلاردىن ئىكەن. نۇربىيە تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن، دەسلەپتە تۈركچىنى ئۆگەنگەچ كۆپرەك شۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرغان، ئۇلارنىڭ كۆپ ياردەملىرىگە ئېرىشكەن. ھازىر ئۇلار بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېلىش ئۈچۈن تەلىم ئېلىۋاتاتتى.

شەپقەت نۇربىيەدىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى، ئۇ ئېگىز قاڭشىرىنىڭ ئاستىغا خويمۇ ياراشتۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قاپقارا نۇرلۇق بولۇپ، ئىككى پارچە چوڭقۇر بۇلاقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇلاقتا داۋاملىق بىر خىل غەمكىن ھەم مەيۇس چىراي يالتىرايتتى. ئۇ كىچىكىدىن تۈركىيەدە چوڭ بولغاچقا ۋەتەنگە تېخى قايتىپ باقمىغانىدى، ئەزەلدىن ئۆز ۋەتىنىنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى ئىچىنى ئۆرتىگەچكە، شۇ ئىشتىياقى بىلەن بۇ قېتىم نۇربىيە بىلەن بىللە كەلگەنىدى.

ئۇلارنىڭ كەسپكە بولغان ئىنتىلىشلىرى، تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ - تىلەكلىرى ئاساسەن ئوخشاپ كېتەتتى. شەپقەت باشقا چەت ئەللىك يېڭى زامانىنىڭ ياشلىرىدەك ھەممىدە ئەركىن - ئازادە، شاللاق ئەمەس ئىدى، غايىلىك، كەم سۆز، ئېغىر بېسىق ئىدى. بىراق ئۇمۇ بىر بىچارە ئاجىز بەندە بولۇپ، سول قولى كىچىكىدىنلا يېرىم مېيىپ ئىدى، ھەرىكەتلىرى ئانچە چاقان ئەمەس ئىدى. ئۇ نۇربىيىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، بىراق ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق تەرىپى بولغاچقا، بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى كۈتۈپ بەكلا ئوچۇق - ئاشكارىلا ئىزھار قىلمايتتى. نۇربىيە ئۇنى خۇددى ئۆز ئىنىسىدەك ھەم يېقىن سىرداش دوستلاردەك كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى تەبىئىي ۋە نورمال ئىدى. ئۇلار مەكتەپتە بىللە بولغان چاغلىرىدا داۋاملىق ھەر خىل پەنلەر توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشەتتى ھەم مۇھاكىمە قىلىشاتتى. ھەر قېتىم بۇنداق چاغلاردا، شەپقەت ئۇزاق - ئۇزاقلارغىچە نۇربىيەگە تىكىلىپ قارايتتى، نۇربىيە ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن قورقاتتى. گەرچە ئۇ كۆزلەردە يالقۇن بولمىسىمۇ، چوڭقۇر مۇھەببەت ھېسسىياتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى راستتىنلا چوڭقۇر ھەم سۈزۈك ئىككى بۇلاقتەك كۆرۈنەتتى. كىشىگە ئۆمرىدە ئاشۇ بۇلاقتا بىرەر قېتىم ئۈزۈپ چىقسام ئۆزۈمنى نېمىدېگەن بەختلىك ھېسابلايمەن دېگەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. نۇربىيىنىڭ كۆزلىرى ھەر قېتىم ئاشۇ بۇلاقتەك كۆزلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، كەيپىياتى جىددىيلىشىپ يۈرىكى سەل دۈپۈلدىگەندەك قىلىپ كېتەتتى.

بىر قېتىم قارا دېڭىز بويىدا شەپقەت نۇربىيەگە تىكىلىپ قاراپ:

— نۇربىيە، نېمىدېگەن گۈزەلسىز ـ ھە! دېگەندى.
شۇنداقمۇ؟ — نۇربىيە ناھايىتى خۇشال ھالدا، — مەندە ئۇنداق تۇيغۇ يوققۇ! — دېدى.
— نۇربىيە، — شەپقەت ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن گەپلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، دېدى، — ھەربىكىتىم ئارقىلىق گۈزەل لەۋلىرىڭىزنى مەدھىيىلىسەم بولامدۇ ـ يوق؟
نۇربىيە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچىلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. بىراق ئۇ مۇنداق سىپايە، قىزغىن، سەممىي تەلەپنى رەت قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلب دېڭىزى شۇنچە جىمجىت ئىدىكى، پەقەت سەل ـ پەللا جىمىرلاپ توختاپ قالغانىدى. ئۇنىڭدا پەقەت ئەيش ـ ئىشرەتلىك رەزىل ئوي ـ خىياللار ياكى ھېسسىياتلار يوق ئىدى. ئۇ پەقەتلا سەممىي بىر دوست، ياكى ئىنىسى ئۆزىنى ھۆرمەتلەۋاتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ گۈزەللىكلىكىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتىدۇ، لەززەتلىنىۋاتىدۇ دەپلا چۈشىنەتتى.
— شەپقەت، — دېدى نۇربىيە شەپقەتكە چاقچاق قىلىپ، — داۋاملىق مۇشۇنداق مەدھىيىلىرىڭىزنى باشقا قىزلارغىمۇ تەقدىم قىلىپ تۇرامسىز؟
— ياق، نۇربىيە، — دېدى شەپقەت ئىنتايىن سەممىي قىياپەتتە، — ھاياتىمدا مۇنداق سۆزنىڭ تېخى تۇنجى قېتىم ئاغزىمدىن چىقىشى، ماڭا ئىشىنىڭ!
نۇربىيە كۈلۈپ قويۇپ، بىر ئازدىن كېيىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ ئىككى قىزىق لەۋنىڭ ئۆزىنىڭ لېۋىگە يېنىككىنە تېگىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇلار بۇ خىل بەھۇزۇر ھالەتتە ئۇزاققىچە تۇردى. بىرۋاقىتتا، نۇربىيە تۇيۇقسىز شەپقەتنىڭ سول قولى

تىترەپ ئۆزىنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىماقچى بولىسىمۇ، بىراق پەقەتلا قۇچاقلىيالمايىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. شۇ ئەسنادا نۇربىيە شۇنچە ھاياجانلاندىكى، ئۇنىڭدا بىر خىل ھېسداشلىق تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

نۇربىيە شەپقەتنىڭ يېرىم مېيىپ سول قولىنى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ كۆك-سىگە تەگكۈزۈپ قويدى، ئاندىن ئۇنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ قۇچاق-لىۋالدى. ئۇ قول ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى، بىر خىل ئىللىق تۇيغۇ گويا توك ئېقىمىدەك ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارالغاندى.

نۇربىيە مانا بۇلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭدا بىر خىل گۈزەللىك ئارىلاشقان ئازابلىق تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

نۇربىيىنىڭ ئاتا-ئانىسى نۇربىيىنىڭ شەپقەت بىلەن بىللە كەلگەن-لىكىنى بىلمەيتتى، شەپقەت ھازىر مېھمانخانىدا "يوشۇرۇقلۇق"، چۈنكى نۇربىيە ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇ ئىشقا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ھەمدە ناۋادا بۇ ئىشقا قوشۇلۇپ قېلىپ بۇ قېتىم تويىنى قىلىۋېتىشكە مەجبۇرلاپ قېلىشىدىنمۇ ئەنسىرەيتتى، باشقا كىشىلەرنىڭ باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئايرودورومدىن كېلىشتە نۇربىيە شەپقەتنى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

ئۇ ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ بۇ يەر بىلەن ناتونۇش، زېرىكىپ قالمىسۇن! دەپ نۇربىيە شەپقەتنى ئىزدەپ بارماقچى بولدى.

نۇربىيە بەكمۇ ۋاي دېگۈدەك گۈزەللەردىنمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭدا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك بىر خىل سېھرىي كۈچ بار ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشكەن بويىغا چىرايلىق ياراشقان ئەڭ يېڭى مودىدىكى كىيىملىرى، قوڭۇر بويالغان ئۇزۇن بۇدرە چاچلىرى كوچىدىكى باشقا قىزلار-نىڭكىگە ئالاھىدە ئوخشىمايتتى، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

كۆز تاشلاپ قالاتتى.

نۇربىيە شەپقەت چۈشكەن مېھمانخانىغا كەلگەندە شەپقەت بايىلا سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالغانىكەن. ئۇ بەلكىم ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ، يېقىن ئارىنى ئارىلاپ كېلەي دەپ چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ نۇربىيە سەل كۈتكەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ سىرتلارنى ئارىلىغاچ شەپقەتنى ئىزدىمەكچى بولدى.

نۇربىيە كوچىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى، ئىككى يىلنىڭ ياقى يۇرتىدا يەنە نۇرغۇن تەرەققىياتلار بولغانلىقنى سەزدى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى رەڭگارەڭ بېزەلگەن چىرايلىق ماگىزىنلارغا، ئېگىز-ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېڭى بىنالارغا قاراپ مەسلىكى كەلگەندەك بولدى. بىراق كوچىلاردا، ماگىزىنلاردا تېخىمۇ كۆپىيىپ مىغىلداپ كەتكەن كىشىلەرگە قاراپ ئىچى تىتىلدىغاندەكمۇ بولدى. ئۇ نەگە بېرىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ بىر ياقلارغا كېتىپ بارغاندا، "ۋاي، نۇربىيە!" دەپ ۋارقىراپ بىرسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەل كۆرۈشۈشكە تەشنا بولۇۋاتقان قەدىناس دوستى نۇرىمان ئىدى. ئۇلار ئەتراپىدىكى ئۆتكەن-كەچكەن كىشىلەر ھەيران قالغۇدەك قىلىشىپ مەڭزىلىرىنى بىر-بىرىگە چاپلاپ چىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇدۇلدىكى بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ پاراڭلىشىشنى قارار قىلدى.

قەھۋەخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىدى، سۇرلۇك ھەم يېقىملىق چىراغ نۇرى ئاستىدىكى ھەربىر شىرەنىڭ ئۈستىدىمۇ قىزىل رەڭ كۈنلۈك شەكلىدىكى قالپاق كىيدۈرۈلگەن شىرە چىراغلىرى يېنىپ تۇراتتى. تۆت ئەتراپقا تولۇق بېكىتىلگەن كارىشنىۋاي ئەينەكلەردىن ئەكس نۇر چاقناپ، يىراقتىن قارىسا گويا

تاۋلىنىپ تۇرغان توپ ـ توپ گۈلخانىغا ئوخشايتتى. جۈپ ـ جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار بۈلۈك ـ پۇچقاقلاردا ئولتۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىنىڭ دەپ پىچىرلىشاتتى. ئۇنىڭدىن پەس ئاۋازدا مۇڭلۇق مۇزىكىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كىشىگە بىر خىل تىنچ، يېقىملىق ھېس ـ تۇيغۇلار بەخش ئېتەتتى.

ئۇلار چەترەك ئورۇننى تاللاپ ئولتۇردى.

ــ مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە كېلىدىغىنىڭنى بىلەتتۇق، بىراق، ــ دېدى نۇرىمان سەل ئەپسۇسلانغاندەك، ــ بىراق كونكرېت كېلىدىغان ۋاقتىڭنى بىلەلمەي ئالدىڭغا چىقىپ كۈتەلمىدۇق.

ــ يېنىمدا ھەمراھ بولغاندىكىن سىلەرنى ئاۋارە قىلماي دەپ خەۋەر قىلمىدىم، ــ دېدى نۇربىيە كۈلۈپ.

ــ ھە...، ــ دېدى شەپقەتنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇنلا خەۋىرى بار نۇرىمان، ــ شەپقەت بىلەن بىللە كەپسەن ـ دە!

ــ ھەئە، ــ دېدى نۇربىيە كۈلۈپ تۇرۇپ ــ سىلەردىن "قاچۇرۇپ" ئۇنى مېھمانخانىغا "يوشۇرۇپ" قويغانىدىم. ھازىر ئىزدەپ بارسام سىرتقا چىقىپ كېتىپ قاپتۇ.

ــ ھەي، ــ دېدى نۇرىمان نۇربىيىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ــ بۇ جاي پەقەت سىلەردەكلەرگىلا لايىق ئىكەندۇق.

ــ نېمىشقا؟ ــ دېدى نۇربىيە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ــ بۇ يەر ھەممىمىزگە يارىشىۋېرىدۇ.

ــ ھە، ــ نۇرىمان ئۇلارنىڭ ئىشىغا قىزىقىپ سورىدى، ــ قانداق قىلاي دەۋاتىسىلەر؟

ــ ھازىرچە ئۇنى ياخشى ئۆتۈشىدىغان دوست ھەم ساۋاقداش قاتارىدا كۆرۈۋاتىمەن، ــ دېدى، ئاندىن نۇربىيە سەل ئويلانغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوشۇمچە قىلىپ، — بىراق ئۇ ماڭا كۆڭۈلدىكىدەك مەڭگۈلۈك سادىق ھەمراھ بولالىشى ناتايىن!

ئەمەلىيەتتە نۇربىيە شەپقەت بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۆزىنى خۇددى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، لېكىن ئىككىسى ئايرىلغان ھامان، گويا شەپقەت ئۆزىدىن شۇنچە يىراقتەك بىلىنەتتى، گاھى-گاھىدا ئەسلەپ قوياتتىيۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا ئېسىگە ئانچە ئالالمايتتى.

— شەپقەت زادى قانداقراق يىگىت؟ — دەپ سورىدى نۇرىمان.

— ئالدىرىما، ئۇنى بەربىر كۆرىسەن، كۆرگەندە بىلىسەن! — نۇربىيىنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك گەپنى بۇراپ دېدى، — ھە، مەخمۇتجان بىلەن بولغان ئىشلار قانداق بولدى؟

— ئۇغۇ ئوبدان ئادەمكەن، — نۇرىمان ئالدىرىماي ئالدىدىكى قەھۋەدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭا بولغان پوزىتسىيىسى ناھايىتى قىزغىن، ئېنىق جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇرغىلى خېلى ئۇزاق بولدى، تېخى ئاخىرقى جاۋابىمنى بەرمىدىم، يەنىلا ئويلىنىۋاتىمەن.

— سېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولسىلا يەنە نېمە ئويلىنىش؟

— بىراق، دۇنيادا ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي چىن مۇھەببەت دېگەن نەرسە بارمۇ-يوق؟ — دېدى نۇرىمان تازا ئويلان-غاندەك قىلىپ، — بۇنىڭغا تازا ئىشەنچەم كامىل ئەمەستەك تۇرىدۇ.

— سېنىڭچە...

— ئايۇپ مېنى چۈشىنىكسىزلا باھانە-سەۋەبلەر بىلەن تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا داۋاملىق ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، — نۇرىمان بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدى، —

ئەر-ئاياللار نېمە ئۈچۈن بىرلىشىدۇ؟ بىرلىشىپ يەنە نېمە قىلىدۇ؟ بۇ توغرىسىدا زادىلا بىرەر توغرا چۈشەنچىگە كېلەلمەيۋاتىمەن، بەلكىم ئۆزئارا بىر-بىرىدىن پايدىلىنىدۇ دەپمۇ ئويلىغانتىم.

— ئۆزئارا پايدىلىنىدۇ؟! — نۇرىبىيە ئۈچۈن بۇ خىل كۆز قاراش چۈشىنىكسىز ئىدى.

— بۇنداق دېيىش بەلكىم بەكلا ئوچۇق-ئاشكارا بولۇپ كېتەر. ياساۋراق ئېيتقاندا، ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ، — نۇرىمان كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قەلبىنۇرنىڭ مىجەزى شۇنچە ياخشى، مۇلايىم، ياۋاش، ئەخلاق-پەزىلىتىمۇ شۇنچە گۈزەل، چىرايىمۇ چىرايلىق قىز-چوكانلاردىن قېلىشمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئۆيى نېمە ئۈچۈن بۇزۇلىدۇ؟ بۇلارنى ئويلاپ باققىنا!

— قادىر پەقەتلا "جىنسىي" ئۈچۈن بولسا كېرەك...، — دېدى نۇرىبىيە.

— توغرا، — نۇرىمان گويا ھەممە ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە چۈشىنىپ بولغاندەك، — قادىردا چىن مۇھەببەت يوق، قەلبىنۇردىن ئاسان پايدىلىنىپ بولدى، ئۇنىڭدىن زېرىكتى، سەن دېگەندەك نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ پەقەت جىنسىي ئۈچۈنلا، بالىسىنى باقتۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆيدە تۇرۇۋاتقان، ھازىر ئۇ پۇلغا ۋە باشقا تاماشىلارغا ئېھتىياج. قەلبىنۇرمۇ بالىسى ئۈچۈن، ھايات ئۈچۈنلا شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئەمما كۆڭلى ئاللىقاچان سوۋۇپ بولغان. مانا بۇلار بىر-بىرىدىن پايدىلانغانلىق ئەمەسمۇ؟

— ھەئە، — نۇرىبىيە نۇرىماننىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ماقۇللىغاندەك تەرىزدە بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى، — ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ بۇزۇلۇشى دەل مۇشۇ يەردە.

— مۇشۇ تەجرىبە-ساۋاقلاردىن بۇ ئىشلارغا كۆڭلۈم بەكلا سوۋۇپ كەتتى، — نۇرىمانىنىڭ قەلبى بىر خىل يىرگەنگەندەك، — بىر قېتىم يىلان چېقىۋالغان كىشىگە بىر تال ئارقانمۇ يىلاندەك كۆرۈنىدىكەن. شۇڭا بۇ ئىشلارنى بەكلا ئىنچىكىلەپ ئويلايدىغان بولدۇم. بىر ئائىلىدە ئىككىلا تەرەپتە ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بولمىسا، ئۇ ئۆينى تۇتماق تەس بولىدۇ. شۇڭا مەخمۇتجان بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ كۆرۈپ، مۇھەببىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ بىر ئىش قىلاي دەۋاتىمەن.

نۇربىيە گويا نۇرىمانىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ تەستىقلاپ، ئالدىدا تۇرغان ئىستاكاندىكى قەھۋەنى قوشۇق بىلەن سورىدى.

— ھە، دوستۇم، — نۇرىمان نۇربىيەگە يېقىنلىشىپ سورىدى، — بۇ قېتىم ئۆيىڭدىكىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق؟ ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇشىغا قوشۇلامدىكەن؟

— ئۇلارنىڭ مەيلىچىغۇ مېنى بىر مىنۇتمۇ يېنىدىن ئايرىمىسا، ئەتىلا بىرسىگە ياتلىق قىلسا، ئۆگۈنلۈككە بىر پەرزەنت تۇغۇپ بەرسەم.

— توغرا، چوڭلارنىڭ كۆڭلىمۇ چۈشىنىشلىك، — دېدى نۇرىمان، بىرپەستىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — شەپقەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى يەنىمۇ ئويلىنىپ باققىن، يەنىمۇ ئوبدان دەڭسەپ باققىن. بۇنداق دېگەنلىكىم ئۇنى تۈركىيلىككەن دېگىنىم يوق، ئۇمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىتى ئىكەن، بىراق...

— ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانچە چوڭقۇر مۇناسىۋىتىم يوق، مەندە ئۇنىڭغا قارىتا بىر خىل ھېسداشلىق، مىننەتدارلىق تۇيغۇسىلا بار، — نۇربىيە ناھايىتى ئىزچىل ھالدا سۆزىنى داۋاملاش-

تۇرۇپ، — ئەگەر بىرەسىنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭ جۇڭگولۇقلۇقىغا ياكى چەت ئەللىكلىكىگە قارىمايمەن.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، — نۇرىمان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، قەلبىنۇر بىلەن ئىككىمىزدىن تەلەيلىك - سەن! — شۇنداقمۇ؟

ئەلۋەتتە، — نۇرىمان نۇربىيەدىن مەيۈسلەنگەندەك، — سەندە غەم - قايغۇ دېگەن نەرسە يوق، هازىرغىچە ئوقۇۋاتىسەن، ئاتا - ئاناڭ ئاغزىدا دېگەن بىلەن يەنىلا سېنىڭ ئاغزىڭغا قارايدۇ، ھەممە جەھەتتە قوللايدۇ، ئىقتىسادتىن قىينالمايسەن.

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، مەندىمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق غەم - غۇزاتىم بار. هازىر سىنىمۇ تەلەيسىز دېگىلى بولمايدۇ، قەلبىڭدىكى جاراھەت - لەرنى مەخمۇتجان چوقۇم ساقايتىدۇ — دېدى نۇربىيە گويا نۇرىمانىنىڭ كۆڭلىنى ياسىغاندەك، — مەخمۇتجان سېنى شۇنچە ياخشى كۆرگەن ئىكەن، ئۇ چوقۇم ساڭا مەڭگۈلۈك بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ھەي دوستۇم، بېشىمدىكى پەرىشانىنى، غەم - غۇسسىنى بىلمەيسەن، هازىرمەن ھەممىدە مۇستەقىل قارايدىغان قېرى ئاتا - ئانام بار، ئۇكا - سىڭىللىرىم بار. بىر ئۇبدان كەسپىم بار، بىر ئادەم هاياتىدا يەپ - ئىچىپ، ئويناپلا يۈرگىلى بولمايدۇ، ئۇ دېگەن هايۋان كەبى تۇرمۇش بولىدۇ. هازىر دەۋرىمىز مىللىتىمىز بىزدەكلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا موھتاج، شۇنىڭ ئۈچۈن، كەسپىتە نەتىجە قازىنىپ ئۇلار ئۈچۈن شان - شۆھرەت كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. كەسپىمدىن ئايرىلىپ قەشقەرگە بارالمايمەن، ئۇ يەردە ماڭا تولۇق شارائىت يوق، مەخمۇتجانمۇ كەسپىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭمۇ يېنىدا ياشانغان ئاتا - ئانىسى بار ئىكەن. ھەي، دوستۇم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېنىڭ ئىشلىرىم مۇرەككەپ، كېيىنچە چۈشىنىپ قالىسەن.

— ئۇنچىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس، ئۆزۈڭ تولا ئويلاپ مۇرەككەپ‑لەشتۈرۈپ تاشلايدىكەنسەن!

— كېيىنچە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەي، ئالدىرىما، — دېدى نۇرىمان قەھۋەدىن بىر ئوتلاپ تۇرۇپ.

نۇربىيىمۇ قەھۋەدىن ئوتلاۋېتىپ نۇرىمانغا قاراپ بىرنېمىلەرنى ئويلىغاندەك قىلدى. نۇرىمان ئۆزىدىن ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئۆز ھەدىسىدەكلا ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلاتتى، ئۆزىگە قارىغاندا ئېغىر بېسىق ۋە سالماق ئىدى.

نۇرىمانمۇ نۇربىيىگە قاراپ، ئاغزىدا دېمىسىمۇ كۆڭلىدە مۇنۇلار‑نى ئويلىدى: "تۇرمۇش مەسىلىسىدە توغرا پوزىتسىيىدە بولۇپ، ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلمىساڭ چوقۇم زىيان تارتىسەن. بەكلا خىيالچان، تىلەكچان بولۇپ كەتمە، رېئاللىقتىن ئېشىپ كەتمىگىن، بەكلا غايىۋىزملىققا بېرىلىپ كەتسەڭمۇ بولمايدۇ. شۇنى چۈشىنىشىڭ كېرەككى، بىزنىڭ بۇ يەر چەت ئەلگە ئوخشىمايدۇ، بەزى ئىشلارنى توغرا ھەل قىلمىساڭ ئۆزۈڭ پۇشايماندا قالىسەن، سەن تېخى بىرەر قېتىم بۇرنۇڭغا يېمىدىڭ".

شۇ تاپتا ئۇلار ھەر ئىككىسىلا بىر‑بىرسىگە زوقى كېلىپ، گويا قىلىدىغان گەپ تاپالماي قالغاندەك ئولتۇرۇشاتتى.

ئۈنئالغۇدىن ناھايىتى مۇڭلۇق ھەم لىرىكىلىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. نۇرىمان بۇ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ: "ئەگەر كىشىلەر ھاياتىمۇ مۇشۇ ناخشىدەك مۇڭلۇق ھەم لىرىكىلىق بولسا بولماسمىدى؟ ئۆزىنىڭ ھاياتى نېمە ئانچە كۆڭۈلسىز؟ ئايۇپ ئۇششاق‑چۈششەك ئىشلار بىلەنلا ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىنى تاشلاپ

ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ تولۇق چۈشىنىپ بولالمىدى. ئۇ چاغدا بويىدا ئۇنىڭ بىر بالىسى بار ئىدى» دەپ خىيال قىلدى.

ئۇلار مانا شۇنداق خىياللار ئىلكىدە خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئايرىم كۆرۈشمەكچى بولۇپ قەھۋەخانىدىن قوزغالدى.

**4**

نۇرىمان ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا چىقتى، قانداقتۇر، ئابتوبۇستا ئادەم ئانچە جىق ئەمەسكەن. ئۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى بىر ئورۇندا ئولتۇردى، ئاپتوبۇس قوزغالدى. بىرپەستىن كېيىن بېلەت ئالماقچى بولۇپ سومكىسىنى ئاختۇرغانىدى، پورتمالدىكى بىر پارچە رەسىم ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. رەسىمنىڭ كەينى كۆرۈنۈشى قەشقەر ھېيتگاھ ئىدى، رەسىمدە مەخمۇتجان ۋە ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالىدىن بولغان ئىككى قىزى تۇراتتى.

...نۇرىمانىنىڭ كۆز ئالدىدا مەخمۇنجانىنىڭ خىيالچان، تەمكىن، مۇلايىم چىرايى ئايان بولدى. «ئەھۋالىم مانا شۇنداق، ئۆزىڭىز كۆردى-ڭىز» دېگەن سەمىمىي سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك قىلدى.

ئەسلىدە نۇرىمان بۇ قېتىم مەخمۇتجان بىلەن قەشقەرگە بېرىشنى، ئەتراپىدىكىلەر باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسۇن دەپ، ئانچە خالاپ كەتمىگەنىدى. بىراق ئۇ «نېمىدىن قورقىمەن؟ مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىنسان، بىرەر ئەر كىشى بىلەن تونۇشۇش ھوقۇقۇم يوقمۇ؟» دەپ، مەخمۇتجانىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىللە قەشقەرگە بارغانىدى.

قەشقەردە مەخمۇتجان ۋە ئۇنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرى، ئاتا-ئانىلىرى نۇرىماننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەخمۇتجاننىڭ ئىككى قىزىمۇ ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامراق بولۇپ قالدى. بىر ئەر كىشىنىڭ ھەم خىزمەت ئىشلەپ، ھەم ئىككى بالىنى بېقىپ، پۈتۈن بىر ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتقانلىقى نۇرىماندا كۆچلۈك ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغانىدى.

بىركۈنى گۇگۇمدە، ئۇلار قورۇدىكى باراقسان تەك ئاستىدىكى سۆز چىراغ نۇرى ئاستىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئەھۋالىمنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ سورىماقچىمۇ سىز؟ — دەپ سورىدى مەخمۇتجان نۇرىماندىن.

— ئاجرىششنىڭ ھېكايىسى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ! — دەپ بۇ ئىشلارغا ئانچە قىزىقمىپ كەتمىگەندەك پەرۋاسىزلا جاۋاب بەرگەنىدى، نۇرىمان.

ساددا كەلگەن مەخمۇتجان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— ئەگەر سۆزلەپ بېرىمەن دېسىڭىز سۆزلەۋېرىڭ، — نۇرىمان مەخمۇتجاننىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قالغانلىقىنى سېزىپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاڭلاشنى رەت قىلمايمەن! — دېدى.

مەخمۇتجاننىڭ ھېكايىسىمۇ باشقا ئاجرىشىش ھېكايىلىرىگە ئوخشاش، ئۆزئارا مىجەزى كېلىشمىگەن، بۇرۇنقى ئايالى مەخمۇتجاننى "كەسپىكىلا بېرىلىپ كەتتىڭ، ئۆي-ئىچى بىلەن كارىڭ بولمىدى" دەپ كايىغان، ئۆيدە جېدەل-ماجىرا قوزغىغان، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاجرىشىپ ھەر ئىككىمىلەنلا بۇ ئازابتىن قۇتۇلايلى دېگەندەك ئىشلار بولۇپ، ئانچە ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى. پەقەتلا مەخمۇتجاننىڭ ئىككى قىزىنى ئايالىغا بەرمەي ئۆزى تەربىيىلەۋاتقانلىقى كىشىنى سەل قىزىقتۇراتتى.

— بۇرۇنقى ئايالىڭىز ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى نۇرىمان.

— ھازىر ئۇ بىر ماگىزىندا ئىشلەيدۇ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە

ئۇرۇۋاتسا كېرەك، — دېدى مەخمۇتجان.
— قايتا ياتلىق بولمىدىمۇ؟
— ياق، ئۇنىڭغىمۇ بىرەر لايىق چىقماي قالار.
نۇرىمان خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن مەخمۇتجان سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ:
— بىز ئاجراشقاندا ھەر ئىككىمىزلا بىر-بىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئىشلىرىغا قەتئىي ئارىلاشمايدىغانغا، ئۇ پەقەتلا كېلىپ باللارنى كۆرۈپ كېتىدىغانغا كېلىشىم تۈزۈۋالغانتۇق، — دەپ چۈشەندۈردى.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ-دە، بولمىسا ئاجرىشىش دېگىلى بولامدۇ؟
— ئۇنداقتا...
مەخمۇتجان نۇرىمانغا قاراپ «نېمە ئۈچۈن» دېگەندەك قىلدى.
— ناۋادا ئىككىمىز بىر ئۆيگە كىرىپ قالساق، — نۇرىمان ناھايىتى ئېنىق ھالدا، — بۇلارنىغۇ ھەرگىز كۆڭلۈمگە ئالمايمەن! — دېدى.
— ئۇنداقتا...
— ئۈرۈمچىگە قايتىشنى قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىسىڭىز!
بەلكىم ھەممە قىز-ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ تەلىپىگە بولغان پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولسا كېرەك، ئۇلار كۆڭلىدە ماقۇل كۆرۈشسىمۇ، ئاغزىدا ئوچۇق-ئاشكارا ماقۇل دېيىشمەيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئورتاق مىجەزى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىر قېتىملىق مۇۋاپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراش تەجرىبىسى بار، شۇڭا ئوبدان ئويلىنىپ جاۋاب بېرىشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال دەپ ئويلىدى.

نۇرىمان جىمىپ قالغان مەخمۇتجانغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىـ
غاندەك قىلدى. ئۇ شۇنچە ساپدىل، راستچىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ
ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز بولسىمۇ
سۆزلەپ بەرمىسەم ئۇنىڭغا ناھەقلىق بولمامدۇ دەپ ئويلىدىـ دە،
ئاندىن:

ــ مەنمۇ ئۆزۈمنى ئازـ تولا سۆزلەپ بېرەمدىم...يا؟ ــ دېدى
كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەخمۇتجان بېشىنى چايقاپ، كۈلۈپ تۇرۇپ نۇرىماننىڭ باياىقى
سۆزىنى تەكرارلىدى:

ــ ئاجرىشىشنىڭ ھېكايىسى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ!

مەخمۇتجاننىڭ گېپى نۇرىماننى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۇلۇغـ كىچىك
تىنىپ كېتىپ مۇنۇلارنى ئويلىدى: "ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ ئەر كىشىنى
قانداق تونۇغاندىم؟ بۇرۇن تونۇمايدىغان ئادەم بىلەن ھازىر بىرگە
ئولتۇرۇپ تويـ نىكاھ ئىشلىرىنى پاراڭلىشىپ كەتتىمغۇ؟ كىشلەر نېمە
ئۈچۈن توي قىلىدۇ؟ توي قىلمىسا بولمامدىغاندۇ؟..."

بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى، مەخمۇتجان قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە
ئۆتىدىكى تاشنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى، مەخمۇتـ
جاننىڭ ئەھۋالى خېلى جىددىي ئىدى، ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلمىسا
ئۆتى يېرىلىپ، ھاياتى خەۋپلىك بولۇپ قالار ئىدى. مانا بۇ ئوپېراـ
تسيىنى نۇرىمان ئۆز قولى بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا
قىلغانىدى. ئۇلار شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار
ئىككىسىلا ئۈرۈمچىتا بىر قېتىم جاراھەتلەنگەچكە، ياشـ قۇرامىمۇ،
شەرتـ شارائىتلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشاپ كەتكەچكە، ئاستاـ ئاستا
تەبىئىي ھالدا يېقىنلىششقا باشلىغانىدى. مەخمۇتجان پاتـ پات

ئۆرۈمچىگە خىزمەت ۋە يىغىنلارغا كېلىپ تۇراتتى، ھەر قېتىم نۇرىماننى يوقلىماي قالمايتتى...

ئۇ ئۆزىنىڭ زادى نېمىسىنى ياخشى كۆرىدۇ؟ لاياقەتلىك ئائىلە ئايالى بولالايدىغانلىقىنىمۇ؟ كۆڭۈلسىز كەچۈرمىشلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپمۇ؟ ئۆزىنى داۋالاپ ساقايتقانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپمۇ؟ ياكى پەقەتلا ئەر-ئايال مۇناسىۋەت ئۈچۈنلىمۇ؟ نۇرىمان مانا بۇلارنى ئويلىغاندا تولۇق چۈشىنىپ بولالماي ئەسەگگىرەپ قالاتتى. گويا مەغلۇبىيەتلىك يولنى قايتا بېسىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتى. ئەگەر مەخمۇتجاندا ھەقىقىي مۇھەببەت بولمىسا، ئىككىيلەننىڭ بىرلىشىشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

راست گەپنى قىلغاندا، توي قىلغاندىن كېيىن نۇرىمان ئۆي ئىشى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئائىلە ئايالى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ مەخمۇتجانغا كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتتى:

— مەخمۇتجان، — نۇرىمان قەتئىي ھالدا دېدى، — مەن بىر كەسىپچان ئايال، سىز بۇنى ئوبدان ئويلانغانمۇ؟ مەن ئائىلىنى دەپ كەسپىمنى تاشلىمايمەن، كەسپىمدە داۋاملىق نەتىجە قازىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھازىر مەن سىزگە ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنى، سۈيدۈك يولىدا تاش بار بىمارلارنى ئوپېراتسىيە قىلماي دورا ئارقىلىق ئېرىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا تەتقىق ھەم تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتىمەن. قوللىنىۋاتقان ئۇسۇلۇم خېلى يامان ئەمەس ئۈنۈم بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە نەتىجە قازىنىپ قالسام، نۇرغۇنلىغان بىمارلارنىڭ ئوپېراتسىيە ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان بولىمەن؛ — دېدى.

— بۇ جەھەتتە ئەلۋەتتە پىكرىڭىزگە ھۆرمەت قىلىمەن. خىزمەتتە، كەسپىڭىزدە نېمە قىلىمەن دېسىڭىز مەڭگۈ پىكرىم يوق. — مەخمۇتجان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا، — كەسپىڭىزدە نەتىجە قازانسىڭىز مەنمۇ خۇش بولىمەن. مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا بىر كەسپ ئەھلى، مېنىڭچە ئىككى كەسپچان كىشى بىر ئۆيگە كىرسە بىر - بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ، بىر - بىرىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىلھاملىنىپ، مەن سەندىن قالامدىم دەپ تېخىمۇ تىرىشچان بولۇپ كېتىدۇ، مانا مەن يۇقىرى تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تاشلاپ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىلى ئون نەچچە يىل بولدى، ھەمدە كەسپ جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قازاندىم. يۇرتىمىزنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا تۆھپە قوشتۇم، — دەپ تەكتىن يوغان بىر ساپ كىشمىش ئۈزۈمنى ئۈزۈپ نۇرىمانغا سۇندى مەخمۇتجان.

قاش تېشىدەك سۈپسۈزۈك مەي باغلاپ پىشقان ئۈزۈم، تۇرپان بوستانلىقىنىڭ ئۈزۈمىدىن قىلچە قېلىشمايتتى. نۇرىمان بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن زوقلاندى، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى كۆچەيگەندەك قىلدى. مەخمۇتجان نەچچە يىلدىن بۇيان، يۇرتىدىكى مېۋە - چېۋىلەرنىڭ سورتىنى يېڭىلاش، تۇرپان ئۈزۈمىنى جەنۇبقا يەرلىكلەشتۈرۈش تەتقىقاتىنى جاپالىق ئېلىپ بېرىپ، ھەقىقەتەن زور نەتىجىلەرنى قازانغانىدى. ئۇنىڭ نەتىجىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مېۋە بېرىشكە باشلىغانىدى.

ئەگەر ئىككىمىز بىر يەرگە كېلەلىسەك، ئۆي مەسىلىسىمۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، — مەخمۇتجان بىراقلا روھلىنىپ، — سىز ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ كەسپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، مەنمۇ بۇ يەردە كەسپىمنى قىلىۋېرىمەن، ئۈرۈمچىگە پات - پات بېرىپ تۇرىمەن، سىزمۇ قەشقەرگە پات - پات كېلىپ تۇرىسىز، ئىككىمىزلا مەلۇم نەتىجىلەرنى قازانغاندىن كېيىن قالغان ئىشلىرىمىز جايىدا يورۇشۇپ كېتەر.

نۇرىمان بۇلارنى ئاڭلاپ، تىنچ قەلب دېڭىزىدا كىچىك - كىچىك

دولقۇنلار پەيدا بولغىلى تۇردى. ئۇ مەخمۇتجاننىڭ ئۆزىنى ئالدىـ ماپۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىر مۇھىم كەسىپ ئەھلى بولغان ئەر كىشى مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەلىپىنى شۇنچە تۆۋەتلەتكەنلىكىمۇ ئاسان ئىش ئەمەسـ تە!

ئۇلار تەك ئاستىدا ئۇزاققىچە پاراڭلاشتى. بىرۋاقىتتا مەخمۇتجان يوغان بىرساپاق ئۈزۈمنى نۇرىمانىغا سۇنغاچ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

ــ ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭ، سەت تۇرىدۇ! ــ دەپ نۇرىمان قولىنى مەخمۇتجاننىڭ قولىدىن چىقىرىۋېلىشقا تىرىشتى. نۇرىمان گەرچە ئوتتۇز بەش ياشلارغا يېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا گۈزەل تۇرغان چىرايى كىشىنى يەنىلا مەپتۇن قىلاتتى. گەرچە ئۇ بۇرۇن ئەر كىشى بىلەن مۇنداق ھالەتتە بولۇپ باقىغان بولسىمۇ، يەنىلا قورققاندەك تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن، ــ قىزلار قاراۋاتىدۇ! جۇمۇ، ــ دەپ قولىنى بوشىتىۋالدى.

"قىزلارمۇ سىزگە ئامراق بولۇپ قالدى، ئۇلارمۇ بىرەر يېڭى ئانا بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ" دېگەن سۆزلەر تا ھېلىغىچە نۇرىماننىڭ قۇلىقىدىن كەتمەيتتى.

شۇ ئەسنادا، ئاپتوبۇس قاتتىق سىلكىنىپ بېكەتتە توختىغان ئىدى.

5

قەلبىنۇر قانداقتۇر نۇرىماننىڭ تۇتۇۋېلىشىغا ئۇنىماي، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا يەنە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى.

قادىر تېخى قايتىپ كەلمىگەنىكەن. ئۇ قايتىپ كەلگەن ھامان "ئاجرىشىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تېزرەك بىر تەرەپ بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىشىم كېرەك، ئۆيىنىڭ نەرسىلىرى ماڭىا كېرەك ئەمەس، غۇنچەم بىلەن بۇ سۇنغان دىلىمنى ئېلىپ كەتسەملا بولىدى، ماڭا شۇلا كۇپايە. سۇنغان دىلنى پۇل، ئالتۇن ياكى نەرسە بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر دېۋاندا ئولتۇرۇپ، — بىراق، ئاجراشقاندىن كېيىن بىرمۇنچە ئەمەلىي مەسىلەر بار. ئۆي مەسىلىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاتا-ئانام بولغان بولسىغۇ شۇلارنىڭ قېشىغا كەتكەن بولسام بولار ئىدى، ئۇلار ھازىر يىراقتىكى يۇرتىدا. تۇرمۇش خىراجىتىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھازىرقى مال باھاسى كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقان پەيتتە ئىككى كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىماق ئاسانمۇ؟، — مانا بۇ مەسىلەر ئۇنىڭ كاللىسىنى قاتۇرۇۋاتاتتى، — قانداقلا بولمىسۇن، ئامال قىلىپ بىرەر خىزمەت تېپىشىم كېرەك، جاپاغا چىداپ غۇنچەمنى ياخشى ئوقۇتۇشۇم كېرەك" دەپ ئۆزىگە مەدەت بېرەتتى ئۇ يەنە.

غۇنچەمنىڭ مەكتەپتىن يانىدىغان ۋاقتى بولاي دەپ قالغانىدى. غۇنچەم ھازىر قەلبىنۇرنىڭ بىردىنبىر يار-يۆلىكى، ئۇنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايتتى. ئۇنى مەكتەپتىن قايتۇرۇپ ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن، قەلبىنۇر سىرتقا مېڭىۋىدى، ئۇ ئىشىكتىن ئەمدى چىقىشىغا قورۇنىڭ ئىشىكىدىن قادىر كىرىپ كەلدى.

تېخى غەزىپىدىن يانمىغان قەلبىنۇر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي جايىدا سەل تۇرغاندىن كېيىن، گويا قادىرنى كۆرمىگەن كىشىدەك ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. قادىر ھېجىيىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— چىرايلىق ياسىنىپ نەگە ماڭدىلا خېنىم؟ — دېدى

— نېمە كارىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى قەلبىنۇر غەزەپ بىلەن قادىرغا تىكىلىپ، — مەن ھازىر سېنىڭ ئادىمىڭ ئەمەس! دەپ — ئاندىن

ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

قەلبىنۇر مەكتەپنىڭ ئالدىغا بارغاندا غۇنچەم كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار چوشلۇك تاماقنى سىرتتا يېمەكچى بولدى. غۇنچەم كاۋاپ بىلەن سېرىق ئاش يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار سېرىق ئاش ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىككى تەخسە سېرىق ئاش بىلەن ئون زىخ كاۋاپ كەلتۇردى. قەلبىنۇر غۇنچەمنىڭ ئىشتىھا بىلەن ئوزۇقلىنىۋاتقىنىغا قاراپ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى، كۆڭلى يەنىلا پەرىشان ئىدى.

"ئوزاق ئۆتمەي ئاتا-ئانالار بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، ئاتا-ئانا مېھرىدىن مەڭگۈ تولۇق بەھرىمەن بولالمايسەن، ھەي، بىچارە قىزىم!" دەپ كۆڭلىدە پىچىرلىدى قەلبىنۇر، چۈنكى قەلبىنۇر بۇ ئىشنىڭ غۇنچەمگە ھازىرچە ئانچە تەسىرى بولمىسىمۇ، كېلەچەكتە قانداق تەسىرى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

— داداڭ قايتىپ كەپتۇ، دېدى قەلبىنۇر غۇنچەمگە قاراپ.

— دادام نەگە بېرىپتۇ؟ دەپ سورىدى غۇنچەم خۇشال بولغان دەك جانلىنىپ.

— تاڭەي، — دېدى قەلبىنۇر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— ماڭا قوچاق ئەكەپتىمۇ؟ — غۇنچەم كۆزىنى يوغان ئېچىپ، — ئۆتكەندە دادام بۇ قېتىم يوغان قوچاق ئالغاچ كېلىمەن دەپ ۋەدە قىلغانتى، — دېدى.

قەلبىنۇرنىڭ ئېسىگە كەلدى، ئابايام قادىر ئىشىكتىن كىرگەندە بىر قولىدا سومكا، بىر قولىدا يوغان بىر قوچاق تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ئەكەلگەندەك قىلىدۇ، ئۆيگە بارغاندا ئۆزىدىن سوراپ باققىن، — دېدى قەلبىنۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دادام بۇ قېتىم بەلكىم شاڭخەيگە بارىدىغۇ دەيمەن، — غۇنچەم خۇشال ھالدا، — دادام ئۇ يەردىكى چوڭ بىر ماگىزىندا مەخسۇس ھەر خىل چىرايلىق قوچاقلارنى ساتىدۇ، — دېگەنىدى.

قەلبىنۇر غۇنچەمنىڭ ئەقىل - ئىدراك ۋە گۆدەكلىك نۇرلىرى بىلەن تولغان كۆزلىرىگە قاراپ سۆكۈتكە چۆمۈپ قالدى، مەيلى نېمىلا بولسۇن، قادىر ئۇنىڭ دادىسى، ئەلۋەتتە بالىنىڭ قەلبىدە دادىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئورنى بولىدۇ، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ ئۇ تېخى كىچىك، دادىسىغا بولغان بالىلىق مېھرى قەلبىدە ئاشۇنداق ساقلىنىۋەرسۇن. ئۇنىڭ گۆدەك ھەم يۇمران قەلب تۇپرىقىدا ئائىلىدىكى كېلىشمەسلىك ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرۇپ نېمە قىلغىلۇق؟ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە دېگەن ئۇقۇملار ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكلا ئابستراكت، بۇلارنى ئۇ ھازىر تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭدا بۇلارغا قارىتا بىلىنەر-بىلىنمەس بىر خىل ھەسەتخورلۇق تۇيغۇسى پەيدا بولغانىتى.

— بالام، — قەلبىنۇر غۇنچەمنى ئالدىغا تارتىپ كېلىپ سورىدى، — ئەگەردە داداڭ بىلەن ئاپاڭ ئايرىلىپ كەتسە كىم بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالايسەن؟

— ئاپا، ئايرىلىپ كەتمەڭلا، — غۇنچەم ئەنسىرىگەن ھالدا، — ئىككىڭلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالايمەن! — دېدى.

قەلبىنۇر غۇنچەمنىڭ تەشۋىشلەنگەن كۆزلىرىگە قاراپ ئىچى ئېچىشقاندەك بولدى، پەقەت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ ئارتۇقچە گەپ - سۆز قىلمىدى.

بۈگۈن شەنبە، چۈشتىن كېيىن غۇنچەمنىڭ دەرسى يوق، قەلبىنۇر ئۆزىمۇ ھازىرلا ئۆيگە قايتىشنى خالىمايتتى. مۇشۇ پۇرسەت-

تىن پايدىلىنىپ غۇنچەمنى ئاز ـ تولا ئويىنىتىپ كۆڭلىنى ئېچىپ قوياي دېگەن ئويغا كەلدى. نەگە بېرىش كېرەك؟ كىنوغا ئەكىرەيمۇ؟ بالىلارغا لايىق كىنونىڭ تايىنى يوق. ئۇلار ئاخىر باغچىغا بېرىپ ئويناماقچى بولدى.

باغچىدا نۇرغۇنلىغان ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى خۇشال ـ خۇرام ئوينىتىۋاتاتتى. ئۇلار شۇنچە غەم ـ غۇسسىز شۇنچە ئىناق، شۇنچە شاد ـ خۇرام ئىدى. ئۇلارغا قاراپ، قەلبىنۇردا بىر خىل تاشلانغان خورلۇق تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇلار دەرەخ تۈۋدىكى ئۇزۇن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. غۇنچەم بوقچىسىدىن تاخلاپ ئوينايدىغان تانىسىنى چىقىرىپ ئويناشقا باشلىدى.

غەمسىز ئويناۋاتقان غۇنچەمگە قاراپ، قەلبىنۇرنىڭ كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە مۇنداق بىر ئوي چاقناپ ئۆتتى. "غۇنچەم ئۈچۈن قۇربان بېرەلمىگۇدەك يەنە نېمەم بار؟ ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان ھەممىگە چىداپ كەلدىمغۇ؟ ئەگەر قادىر خاتالىقىنى تونۇپ ياخشى ئادەم يولۇشقا ۋەدە بەرسە، ئۇنى كەچۈرسەم بولمامدۇ؟ بۇندىن بۇرۇنمۇ نەچچە قېتىملا كەچۈرگەنغۇ؟ ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يەنە بىر پۇرسەت يارىتىپ بەرمەيمۇ؟... باللارغا دادىمۇ كېرەك، دادىسى يوق بالا يېتىم ئوغلاققا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، ئەگەردە ئۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ جاراھەت غۇنچەمنىڭ ئۆسۈشىگە مەڭگۈ ھەمراھ بولۇپ، قەلبىدە مەڭگۈ ساقايماس ئىزنا سالىدۇ." بىراق، قادىرنىڭ ھازىرچە مەن بىلەن ئاجرىشىشقا ئۇنىماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ھازىر مەندىن تېخى تولۇق پايدىلىنىپ بولالمىدى، ئۆيگە كەلگەندە مەن يەنە ئۇنىڭغا كېرەك بولىمەن، بۇندىن كېيىن مەندىن پايدىلىنىپ يەنە ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نۇرغۇن پۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېپىش پىلانلىرى بار. شۇڭا ئۇ چوقۇم مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ماڭا يېقىنچىلىق قىلىپ، يەنە ھەر خىل شېرىن گەپ-سۆزلەر بىلەن مېنى ئالدىشى مۇمكىن، ھازىرچە ئاجرىشىشقا ئۇنىمايدۇ. مېنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپلا نەچچە كۈن ئۆتمەي بۇرۇنقى ئەپتى-بەشرىسىنى قايتا پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئاللىقاچان سوۋۇپ بولغان، سىرتلاردا ئويناپ يۈرگەن ئاشنىسى بولۇشى كېرەك؛ ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟"

قەلبىنۇر بۇلارنى ئويلاپ، قايتا قايغۇ-ھەسرەت قاينىمىغا غەرق بولۇشقا باشلىدى.

خىزمەتنى تاشلاپ ھەممە جەھەتتە قادىرنىڭ قولىغا قاراپ قالغانلىقى قەلبىنۇر ئۈچۈن ئەڭ زور پاجىئەلىك تەجرىبە-ساۋاق ئىدى، مەيلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى قەلبىنۇر بىرەر خىزمەت تېپىپ، ھېچ بولمىغاندا ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇشى كېرەك.

قەلبىنۇر ئاخىر غۇنچەمنى دەپ بولسىمۇ، قادىر بىلەن مۇناسىۋەتنى بەكلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتمەسلىكنى ئويلىدىيۇ، ئاجىزلىق ئۇرۇقى قەلبىدە يەنە بىخ ئۇرۇشقا باشلىدىمۇ نېمە؟ دەپ ئىرادىنىڭ تۇيۇقسىز بوشاپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمىگەندەك ھېس قىلدى. شۇ تاپتا قەلبىنۇرنىڭ كاللىسى تۈرلۈك چىگىش خىياللار بىلەن بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھاياتىدىكى بەنە بىر مۇھىم ئاچال كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ پەيتتە دوستلىرىنىڭ ياردىمىگە، ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىگە نەقەدەر ئېھتىياج-ھە! قانداقتۇر ئۇ نۇربىيە بىلەن نۇرىمانىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان پىكرىنى

ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى، ئۇلارغا تېلېفون بەرمەكچى بولدى.

— بالام، بۇ يەردە ئويناپ تۇرغىن، يىراققا كېتىپ قالما جۇمۇ — قەلبىنۇر ئالدىراپ، گويا تېلېفون بۇ مەسىلەرنى ھەل قىلالايدىغاندەك ئىشەنچ بىلەن، — مەن نۇربىيە ھەدەڭ بىلەن نۇرىمان ھەدەڭگە تېلېفون بېرىپ كېلەي! — دېدى.

نۇرىمان تېلېفوندا مۇنداق دېدى:

— ئەپلىشىپ قالغىنىڭلار ئەلۋەتتە ياخشى، نېمىلا بولسۇن ئاجرىشىش دېگەن بىر كۆڭۈلسىزلىك ئىش، بىچارە غۇنچەمنىمۇ ئويلاش كېرەك. بىراق ھەممىدىن مۇھىمى سەن يەنىلا قادىرنىڭ پوزىتسىيىسىگە قارا، ئۇنىڭ سەممىيلىكى بارمۇ، يوق؟ سېنى قايتا ياخشى كۆرەمدۇ، يوق؟ مانا بۇلارنى ياخشى ئويلانغىن...

نۇربىيىنىڭ تېلېفوندا بەرگەن جاۋابى تېخىمۇ روشەن ئىدى:

— قەلبىنۇر، ئەخمەق بولما! ئۇ سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرۋەتكەن تۇرسا، يەنە ئوبدان ئويلاپ باققىن، ئەگەر قادىرنىڭ راستتىنلا ياخشىلىنىپ قېلىشىغا كۆزۈڭ يەتسە، ئۇ ساڭا ناماقۇل بولسۇن، بۇندىن كېيىن بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ قايتىلىماسلىقىغا قەسەم ئىچسۇن. ئۇنىڭ بۈگۈن مۇلايىملىشىپ قېلىشىدا بەلكىم مەقسەت باردۇ، ئەر خەقنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق چىدىماس كېلىدۇ. ئەگەر بۇ قېتىم يەنە ئاسانلا تۇتۇق بېرىپ قويساڭ، ئەتىسىلا سېنى يەنە بوزەك قىلىدۇ. ئۇ چاغدا سەن مەيلى روھىي جەھەتتە بولسۇن ياكى باشقا جەھەتتە بولسۇن بىراقلا ھالاك بولىسەن!...

نۇرىماننىڭ جاۋابى چوڭقۇر مەنىلىك ھەم سەممىي، نۇربىيىنىڭ جاۋابى ئوچۇق-ئاشكارا ھەم كەسكىن ئىدى، قەلبىنۇر ھەر ئىككىسىگىلا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدار ئىدى. ئۇ غۇنچەمنىڭ يېنىغا ماڭغاچ يەنە بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككى دوستىنىڭ گەپلىرىنى قايتا ئويلاندى. گەرچە ئۇ ئىككىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ئوخشىمىسىمۇ، بىراق شۇ يېرى ئوخشاش ئىدىكى، بۇ ئىشتا مەيلى ئىككىسى ياخشى بولۇپ قالسۇن ياكى ئاجرىشىپ كەتسۇن، پۈتۈنلەي قادىرنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق ئىدى...

6

ئۇلار گۇگۇمدە ئۆيگە قايتىپ كەلدى. قادىر يەنە ئۆيدە يوق ئىدى، قەلبىنۇر كەچلىك تاماقنى تەييار قىلغاندا ئۇ كىرىپ كەلدى. ئۇ يەنە ھىجىيىپ كىردى. ئۇنىڭ تەلەتىدىن قارىغاندا، بۇرۇنقى ياۋۇز ئەلپازىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. تاماق ئۈستىدە، قەلبىنۇر چىرايىنى ئاچماي ئۈن-تىنسىز ھالدا تامىقىنى يەۋەردى. قادىر ئامال بار گەپ تېپىپ سۆز ئېچىشقا تىرىشاتتى. بىردەم: "بۇ تاماقلار ئەجەب ئوخشاپتىغۇ!" دەپ ماختاپ قوياتتى، بىردەم: "بۇ قېتىم شاڭخەيگە چۈشۈپ كەم دېگەندە بەش مىڭ يۈەن پايدا كۆردۈم" دەيتتى. قەلبىنۇر ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغان كىشىدەك جىم ئولتۇراتتى.

بىرپەس سۈكۈتتىن كېيىن، قادىر يەنە سۈكۈت ھالەتنى بۇزۇپ:

— قىزىم، چۈشتىن كېيىن ئاپاڭ سېنى نەگە ئاپىرىپ ئويناتتى؟ — دەپ غۇنچەمنىڭ بېشىنى سىلىدى.

قەلبىنۇر دەرھال غۇنچەمنىڭ پېشىنى تارتىپ جاۋاب بەرمەسلىككە ئىشارەت قىلدى. غۇنچەم راستىنلا دادىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىگەندى. قادىر سەل ئاچچىقلانغاندەك قىلدىيۇ، يەنىلا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلىپ:

— بۇ قېتىم شائخەيدە، ئۇچىمىز چۈشكەن رەسىملەرنى ئاغىنىلىرىمغا كۆرسەتكەنىدىم، ئۇلار قىزىـلىق بىلەن ئايالىـڭ نېمىدېگەن چىرايلىق، ئەجەب تەلەيلىك ئىكەنسەن دەپ ماختاپ كەتتى، — دېدى.

قادىر بۇ گەپنى دەپ بولۇپ، دەرھـال قەلبىنۇرنىڭ چىرايىـدا قانداق ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىكىن دېگەنـدەك قىلىپ، قەلبىنۇرنىڭ چىـرايىغا سەپـسالـدى. بىراق قەلـبىـنۇرنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئالامەت يوقتەك قىلاتتى.

— چىرايلىقنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ ئەلۋەتتە، دېمىسىمۇ بۇرۇن خېلى چىرايلىق ئىدۇق، — دېـدى تەنە بىلەن قەلبىنۇر گويا باشقا بىرسىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، — بىراق، چىرايلىقـىمىز كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ، بەزىلەرگە يارىماي قېلىۋاتىمىز، ئەڭ ياخشى ماشىنىنىڭ تېگىگە كىرىپ ئۆلۈۋالا قالسام بەزىلەر خۇش بولارمىكىن تېخى!

قادىر بىرنەرسە دېمەكچى بولـدىيۇ، «خوتۇن خەقـنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىـدۇ، بۇنداق چاغـدا ئۇلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدۇ، ئاچچىقى كەتكەنـدىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ قالىدۇ دەپ ئويلاپ» ئۆزىنى يەنە تۇتۇۋالدى.

كەچلىك تاماق مانا شۇنداق كۆڭۈلسىزلىكتە ئاخىرلاشتى. قەلبىنۇر قاچا - قۇچـىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى، قادىر دىۋانـغا چۆكۈپ، بەھۇزۇر ھالدا تاماكىسىنى شوراۋاتاتتى. «بەرىبىر سەن مېنىڭ خوتۇنۇم، سەن بىلەن تەڭ بولۇپ نېمە قىلاي؟ نېمە دېـسـەڭ دەۋەرمەمـسـەن! سەن بىلەن ئېيتىشىپ كېيىنكى ئىشلىرىمغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويسام قانـداق بولىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇرۇنقى جامالىڭ قالمىدى، نۇربىيە سەندىن مىڭ ياخشى، ئارزۇگۈلنىڭ سېھىرلـىك كۆزى ۋە يۇمشـاق كۆكسىلىرىچۇ... كېلەچەكـتە بەرىبىر دوستۇڭ نۇربىـيە ئارقىلـىق تۇركىيىگە چىقىـپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىجارەت قىلىمەن، نۇربىيىنى قولغا چۈشۈرەلىسەم چۈشۈردۈم، چۈشۈرەلمىسەم ئارزۇگۈلنى ئەچىقىپ كېتىمەن، كىشىلەر ھەممىسى چەت ئەلنى جەننەت دەيدۇ، ئاشۇ جەننەتتە بىزمۇ ياشاپ باقايلى، ھازىرچە سەن بىلەن ئېيتىشماي تۇراي..." قادىر مانا شۇنداق ئەپسانە، رەزىل خام خىياللار بىلەن بولۇۋاتقاندا، قەلبىنۇر غۇنچەمنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىتىپ، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ قويغاندى.

قەلبىنۇرمۇ ئاز-تولا تازىلىق قىلىپ يېتىپ قالدى. ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ يەنە ھەر خىل گادىرماش خىياللار بىلەن ئۇيقۇسى كەلمىدى. بىرۋاقىتتا قادىر يېنىك دەسسەپ ئۆيگە كىردى. قەلبىنۇر كۆزىنى يۇمۇپ تەتۈر قاراپ ئۇخلىغاندەك بولۇۋالدى.

— ھەي، ئامرىقىم، ئاچچىقىڭ تېخى يانمىدىمۇ؟ — دەپ قادىر كىيىمىنى سېلىپ كارىۋاتقا چىقتى، — ھەي، قەلبىنۇرۇم، — قادىر قولىنى ئاستاغىنا قەلبىنۇرنىڭ باغرىغا كىرگۈزۈپ، — بەزىدە تىجارەت ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا، ئاچچىقىمدىن قوپاللىق قىلىپ قويىمەن، كۆپ قېتىملار كۆڭلۈڭنى رەنجىتىپ قويدۇم، ناماقۇل بولاي، مېنى كەچۈرگىن، ئىككىنچى كۆڭلۈڭنى رەنجىتمەيمەن، — دەپ ئۇنى بەزلەپ ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

قەلبىنۇر قادىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلىپ، لام-جىم دېمىدى. ئۇ قادىرنىڭ كۆكسىگە ئەكەلگەن قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتتى، بۇ خىلدىكى ھەرىكەت بىرقانچە قېتىم قايتىلانغاندىن كېيىن:

— ئۇنداق قىلمىغىنا خوتۇن، بىز يەنىلا ئەر-خوتۇنغۇ! — دەپ يېلىنغاندەك قىلدى قادىر.

— سەن مېنى قاچان خوتۇن قاتارىدا كۆرگەن؟ — دېدى قەلبىنۇر ئاخىر چىدىماي، — ۋىجدانىڭدىن سوراپ باققىنا؟!

— گۇناھىمنى تونۇدۇمغۇ؟ يەنە نېمە قىل دەيسەن؟

— ھازىر مەن سېنىڭ بىر ئويۇنچۇقۇڭ بولۇپ قالدىم، خالىغاندا ئوينايسەن، خالىغاندا تاشلايسەن!...— دېدى قەلبىنۇر ئاچچىقى بىلەن.

......

خېلى بىرھازادىن كېيىن، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى. قەلبىنۇر ئەجەبلىنىپ ئۆرۈلۈپ قادىرغا قارىۋىدى. قادىر ئاللىقاچان ئۇخلاپ بولغانىكەن.

ئۆينىڭ ئىچىدىكى جىمجىتلىقتىن قەلبىنۇرنىڭ دىمى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ كۆز نۇرلىرىنى دېرىزىنىڭ سىرتىغا يۆگۈرتتى. سىرتتىكى كوچا چىراغلىرى غۇۋا پىلىلداپ تۇراتتى. بىرنەچچە پەرۋانە ئۆزىنى ئاشۇ چىراغ نۇرلىرىغا ئۆزىنى ھە دەپ ئاتاتتى. قەلبىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، دېرىزىنى ئاچتى، سالقىن تۈن شامىلى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى. ئۇ چوڭقۇر - چوڭقۇر تىناتتى، ئۆينىڭ ئىچىمۇ سالقىنداپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە يىغىلىپ قالغان ئاچچىقلارنىڭ يېرىمى بوشىغاندەك قىلدى. ئۇ ئاستا غۇنچەم ياتقان ئۆيگە كىردى، غۇنچەمنىڭ تېپىپ ئېچىۋەتكەن يوتقىنىنى ھەم يېپىپ قويۇپ، شېرىن ئۇخلاۋاتقان قىزىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى.

قەلبىنۇر ئورنىغا قايتىپ كىردى. قادىر ئۈستى تەرىپى يالىڭاچ خۇددى ئېيىقتەك ياتاتتى. بۇنداق ياتسا ئۇنىڭغا چوقۇم سوغۇق تېگىپ قالاتتى. ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولسا ئىدى، ئاللىقاچان يوتقانىنى تۈزەشتۈرۈپ يېپىپ قويغان بولاتتى. شۇ تاپتا قەلبىنۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى www.uyghurkitap.com

يوتقانىنىڭ بىر بۇرجىكىنى قولىغا ئېلىپ بولۇپ، يەنە ئىككىلىنىپ قولىنى قايتۇرۋالدى! شۇ ئەسنادا، قانچىلىغان قورساق كۆپىكى، قانچىلىغان دەرد ـ ئەلەم، قانچىلىغان غەزەپ ـ نەپرەتلەر گويا دېڭىز دولقۇنىدەك ئۇنىڭ قەلبىدە دولقۇنلانماقتا ئىدى. قادىر ئۆزگە شۇنچە رەھىمسىزلىك قىلغان تۇرسا، يەنە ئۇنىڭغا "ئىچ ئاغرىتامدىم؟" دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ چاغدا، سوغۇق تون شاملى غۇرۇلداپ كىرىشكە باشلىدى. قەلبىنۇر قادىرنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى بايقاپ، ئاخىر يوتقاننى ئاستا قادىرنىڭ ئۇستىگە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزىمۇ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

"كېيىنچە پۇشايمانمۇ قىلىپ قالار، ئۇنى بەكمۇ تەڭلىكتە قويماي" دەپ قەلبىنۇر ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

ئىچى سىقىلىپ كەتكەن قەلبىنۇر سوغۇق تون شامىلىدا خېلى راھەتلىنىپ قالغاندەك بولدى، ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇسى كەلگەندەك قىلدى.

شۇ چاغدا، يېنىدا ياتقان قادىر مىدىرلىغاندەك قىلدى. كەينىدىنلا ئۇنىڭ قولى ئابايامقىدەك قەلبىنۇرنىڭ رۇباشكىسىنىڭ ئاستىدىن ئاستا سۇغۇرلۇپ كىرىپ دەل دۇسۇنىدا توختىغانىدى. قەلبىنۇر قارشىلىق كۆرسەتمەي دېگەن بىلەن ئۇلگۇرەلمەي قالدى، ئۇ قول كۆچلۈك ھەم سىلىق ھالدا قەلبىنۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا سىرىلەتتى.

— قەلبىنۇر، بىز قانداقلا بولمىسۇن يەنە ئەر ـ خوتۇنغۇ! دەيتتى ئۇ تىترىگەندەك ئاۋاز بىلەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، قادىر قەلبىنۇرنى ئۆرۈلدۈرۈپ ئوڭدىسىغا

ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ قولى يەنىلا قەلبىنۇرنىڭ بەدىنىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا سىرىلەتتى. بىراق قەلبىنۇر بىر پارچە ئۆلۈككە ئوخشاش ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىم ياتاتتى.

قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلى شۇنچە پەرىشان تۇرسا، ئۇنىڭدا قانداقمۇ ھېسسىيات دېگەن نەرسە بولسۇن؟! بىراق ئەر كىشى دېگەن ئايال كىشىگە ئوخشىمايدىكەن، قارشى تەرەپ خالىمىسىمۇ بۇ جەھەتتىكى كەيپىياتىغا تەسىر يەتمەيدىكەن، ئۇلاردا پەقەت بىر خىل پۇخادىن چىقىۋېلىش ئارزۇسىلا بولىدىكەن، ھايۋانلارچە شەھۋانىي ئارزۇ-تەلەپلىرىنى قاندۇرۇۋالسىلا بولىدىكەن...

قەلبىنۇر يەنىلا كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ جىم ياتاتتى. ئۇ بىر مەزگىل كۆچلۈك ئويلانغاندىن كېيىن، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك قارارىغا كەلدى. "نېمە قىلساڭ قىلمامسەن، مېنى تېخىمۇ خورلۇقتا قالدۇرىدىغانغا باھانە-سەۋەب تېپىپ بەرمەي يەنە" دەپ ئويلىدى ئۇ.

قادىر يۈزىنى قەلبىنۇزغا يېقىنلاشتۇردى. كالپۇكى بىلەن قەلبىنۇرنىڭ لەۋلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ئاستاغىنا قەلبىنۇرنىڭ بەدىنىدىكى توسالغۇلارنى سىرىپ تاشلىۋېتىپ:

— ئامرىقىم، تاتلىقىم، — دەپ ئىڭىرىغاندەك قىلاتتى.

قەلبىنۇردا قىلچىمۇ ھېس-تۇيغۇ يوق ئىدى. قادىر بەكلا ھۇزۇر ئىشتىياق ھەۋسىنى كۆچەيتتى، قەلبىنۇر قايغۇ-ھەسرەتتىن ياش ئاقۇزاتتى، قادىر بۇلارنى تۇيدىمۇ ياكى تۇيسىمۇ كارى بولماي ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەدى...

كۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. يىراقتىن گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى قەلبىنۇرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېلىقى قارىياغاچلىقتىكى ۋەھىمىلىك تۈننى ئەسلىتەتتى. قەلبىنۇر كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، دېرىزىسىدىكى يامغۇر تامچىلىرى خۇددى ئۆزىنىڭ ياش تامچىلىرىدەك ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى.

قادىر تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا، چىرايلىرىنى پۈرلەشتۈرۈپ يەنىلا بىرنېمىلەرنى داۋاملاشتۇراتتى...

## 7

يەنە شۇ كېچە. نۇربىيە بىلەن شەپقەت ئىككىسى نۇرىماننىڭ ئۆيىدە يالغۇز ئولتۇراتتى. نۇرىمان كېچىلىك نۆۋەتچى بولۇش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كەتكەنىدى.

جىمجىت كېچە، يالغۇز ئۆي، تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىرىدىن تېخى تولۇق بەھرىمەن بولالمىغان قىز ـ يىگىت، بۇلار نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ نۇربىيە گىرىم قىلىش ئەينىكىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىر خىل بۇدىراڭغۇ شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمگەنىدى.

تۇيۇقسىز نۇربىيىنىڭ ئېسىگە قەلبىنۇر كېلىپ قالدى، قەلبىنۇرنىڭ چۈشتىن كېيىن بەرگەن تېلېفونى ئۇنى ئەجەبلەندۈرەتتى.

"ھەي، دوستۇم، يەنە نېمە ئۈچۈن بوشاپ قالدىڭ؟ پەقەت غۇنچەم ئۈچۈنلىمۇ؟ قەلبىڭنى زادى چۈشىنەلمىدىم، ئەركىشى دېگەن ئاشۇنداق چىدىماس كېلىدۇ، يەنە ئۇنىڭ يالغان، شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كەتمە، قادىرنىڭ زادى قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن...

ئۇلار ھازىر نېمىلەر قىلىۋاتقاندۇ؟ بەلكىم قەلبىنۇرنىڭ ئاجىزلىق تەرىپى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

بوران-چاپقۇنلار ۋاقتىنچە توختاپ قالدىغۇ دەيمەن؟! باشقا بىر خىل يېقىملىق شامال بىلەن سىم-سىم يامغۇر ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن بولۇشى مۇمكىن. مانا ھازىرقىدەك ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتقان كېچىلەردە، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي شەھۋانە ھېسسىياتلىرى ئاسانلا قوزغىلىدۇ، ھەي، دوستۇم، بۈگۈن كېچە، ئامالسىزلىقتىن يېرىم مەجبۇرىي يېرىم مەيلىڭچە ئۆزۈڭنى يەنە ئاشۇ ئەبلەخقە تۇتقۇزۇپ قويدۇڭغۇ دەيمەن؟ ھەي، قەلبىنۇر ساراڭلىق قىلما...".

نۇربىيە مانا بۇ خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى، شەپقەت نۇربىيە بىلەن ئانچە كارى بولماي تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. نۇربىيە قەلبىنۇرغا ھېسداشلىق قىلىپ ئۇنىڭ ناھەقلىككە ئاچچىقلىناتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىدا ئەر-ئايال مۇناسىۋىتى ئانچە ئېغىر ئىش ئەمەس دەپ قارايتتى، "نېمە ئۈچۈن كىشىلەر بىر پارچە قۇرۇق توي خېتىگە باغلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئازابلايدۇ؟! دەپ ئويلايتتى.

نۇربىيە شەپقەتنىڭ بولاقتەك چوڭقۇر ھېسسىياتلىق كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارايتتى، ئۇ كۆزلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چاقناپ تۇراتتى، ئەگىيتتى.

تىپتىنچ كېچە، يالغۇز ئىككىيلەن، نۇرىمان نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن سەزگەندەك قىلاتتى. ئەگەر ھاياتنىڭ مەلۇم لەززىتىنى تېتىپ كۆرەي دېسە، شۇ پەيتتە شەپقەت ئەڭ ياخشى نىشان ئەمەسمۇ؟ نۇربىيىنىڭ بىر قېتىم نۇرىماندىن سورىغان سوئالى ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇ بۇنداق سوئالنى سوراپ قالغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىدىيىسى خېلى ئازاد، ئۇنىڭدا ئەنسىرەيدىغان، خىجىل بولىدىغان نەرسىلەر كەمرەك، نېمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلمەكچى بولسا تارتىنماي سوراۋېرەتتى. نۇرىمان ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلگەچكە ئۇنىڭ بۇ سوئالىغىمۇ ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتمىگەنىدى.

— نۇرىمان، ئەر كىشىلەر زادى بىرلا خوتۇن كىشىگە قانائەتلىنەمدۇ؟ تېخىمۇ جىق ئايال جىنىسلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى، ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغۇ دەيمەن! — دېگەنىدى. نۇربىيە.

— ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن، — دېدى نۇرىمان كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق ئەر كىشىلەر شەھۋەتپەرەس كېلىدۇ، يېنىدا خوتۇنى تۇرسىمۇ باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا كۆز تاشلىغۇسى كېلىدۇ. بەزىلەرنىڭ بۇ جەھەتتە مەلۇم ھەرىكىتى بولىدۇ، ئىپادىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن بەزىلەر ئەخلاق، پەزىلەت، نام-شۆھرەت ياكى تەسىرىنى ئويلاپ كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ! — دېگەنىدى.

— ھېلىقى ئىش شۇنداق لەززەتلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇربىيە. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، گويا نۇرىماندىن بۇ سوئالىنىڭ ھەققىي ئېنىق جاۋابىنى بىلمەكچى بولغاندەك قىلىپ.

لېكىن، نۇرىمان بۇ سوئالغا بىۋاسىتە جاۋاب بەرمەي: — توي كېچەڭدە بىلىۋالىسەن! — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

— بۇ ئىشلاردىن كۆڭلۈڭ بەكلا سوۋۇپ كەتكەنگە ئوخشىمامدۇ؟ — نۇربىيە نۇرىماننىڭ بۇ ئىشلارغا ئانچە قىزىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، سورىدى بۇنداق قىلغىنىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ئۇنداقلا ئەمەس، بۇندىن كېيىن توي قىلمايمەن دەپ بايانات ئېلان قىلغىنىم يوققۇ! — دېدى نۇرىمان.

— ئۇنداقتا ئاساسىي مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى نۇربىيە يەنە كوچىلاپ.

— ھەممە نەرسىنىڭ تەبىئىي ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى خالايمەن، — نۇرىمان ئەستايىدىللىق بىلەن داۋاملاشتۇردى، — مانا بۇ مېنىڭ كۆز قارىشىم.

— نۇرىمان، مېنىڭ مۇنداق بىر خۇلاسەم بار، ئاڭلاپ باققىنا، زادى توغرىمۇ-خاتامۇ؟ — نۇربىيە تېخىمۇ قىزىققان ھالدا، — بەزىلەرنىڭ توي قىلىشتىكى مەقسىتى جىنسىي ھۇزۇرلىنىشتىنلا ئىبارەتقۇ دەيمەن؟

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق يەكۈن چىقىرىسەن؟ — نۇرىمان نۇربىيىنىڭ بۇ سوئالىغا ھەيران بولۇپ، — بۇ ئىشنى مۇنداق دېيىشىڭ بۇنى بەكلا ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكىنىڭ بولىدۇ. بۇ پەقەت بىرلا تەرىپى كىشىلەر ھاياتىدا توي قىلىپ، ئەۋلادلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار!

نۇربىيە نۇرىماندىن يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى سورىدى، بىراق نۇرىمان بىۋاستە جاۋاب بەرمىگەنتى. ئەجەبا، ئىككىمىزلا ئايال كىشى تۇرساق، جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ نېمە بىئەپلىكى بار؟ توي كېچەڭدە ھەممىنى بىلىسەن دېگەن گەپ جاۋاب بەرمىگەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشلارنى بىلگەن بولسام ئۇنىڭدىن سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ قارىغاندا ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى ئىش چوقۇم ئىنتايىن سېھىرلىك بولسا كېرەك، ئۇنىڭدا چوقۇم گۈزەل ھەۋەس-تۇيغۇلار بولۇش مۇمكىن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بەزىلەر نېمە ئۈچۈن ئامال قىلىپ، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىنمۇ يانماي بۇ خىل ھەۋەسلەرگە ئىنتىلىدۇ؟ مەسىلە بەزى سالاپەتلىك بولۇپ قېتىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەركىتى ئېغىزىدا ئىپادىلەنمىگەن بىلەن، ئۇلار بۇلارنى مەخپىي ھالدا ئىپادىلەيدۇ، دەل مۇشۇنداق

كىشىلەرنىڭ روھى ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئىپلاس، دەپ ئويلىدى نۇربىيە.

ئۇ گويا بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىپ، ھەممىنى تولۇق چۈشىنىپ بولغانلىقىغا رازى بولغاندەك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈپ كەتتى.

شەپقەت ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ:

ـــ نېمىگە كۈلىسىز؟ ـــ دەپ ئەجەبلىنىپ سورىدى.

ـــ دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ساختىپەزلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلىرىنى ئەكسىچە رەزىل دەپ ئېغىزىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىمەيدىغانلىقىغا كۈلۈۋاتىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى نۇربىيە.

ـــ مەسىلەن؟ ـــ شەپقەت ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەندەك سورىدى ھەمدە نۇربىيەنىڭ بۇگۇن كەچتە چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىغا سەپسالدى.

نۇربىيە دەرھال جاۋاب بەرمىدى، شەپقەت نۇربىيەنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مەجنۇنلارچە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

نۇربىيەنىڭ ئىككى مەڭزى گويا ئىككى قەدەھ مەي ئىچىۋالغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئىنچىكىلەپ سۈزۈپ، بېشىنى كەينىدىكى يۇمشاق يۆلەنچۈككە تەگكۈزۈپ، يەنە بۇدىراڭغۇ ھەم بەزى ئەمەلىيەتتىن يىراق خىيال ـ تىلەكلىرىگە چۆمۈلگەنىدى.

ـــ نۇربىيە، سوئالىمغا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىز، مەسىلەن... ـــ دەپ سورىدى شەپقەت نۇربىيەدىن.

ـــ ھا، ھا، ھا...، ـــ نۇربىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ـــ دېدى مەسىلەن، جىنسىي دېگەن بۇ مەسىلىگە سىز قانداق قارايسىز؟

— بۇ ئىشنى بەكمۇ ئېغىر كۆرۈپ كەتمەيمەن، — شەپقەت ناھايىتى ئەستايىدىل ھالەتتە — دېدى، بىراق بۇ ئىشتا قالايمىقان ئىش تۇتماسلىق كېرەك.

— ئۇنداقتا، — نۇربىيە پەرۋاسىزلا دېدى، — سىز بۇنىدىن بۇرۇن ھېچقانداق ئايال جىنس بىلەن مۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ باقمىغان ئىكەنسىز - دە؟

شەپقەت بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ياق! — دەپ جاۋاب بەردى.

— سىز تېخى يۈزى ئېچىلمىغان يىگىت ئىكەنسىز - دە؟ — نۇربىيە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — نېمە ئۈچۈن سىز بۇنداق پاك دىل؟

شەپقەت نۇربىيىنىڭ سوئالىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالغاندى، پەقەت ئىككى مۈرىسىنى چىقىرىپ نۇربىيىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

نۇربىيە قانداقتۇر شەپقەتنىڭ بۇلاقتەك چوڭقۇر مەيۈس كۆزلىرىگە قاراپ سەل خىجىل بولۇپ قالغاندەك قىلدى.

"شەپقەت سەممىي ياخشى يىگىت، ئۇنىڭ بىلەن بىر سىناپ كۆرۈش مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭ مەنىدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە ياندۇرغان ئەقدەم بولۇپ قالسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىمىزلا ئۆز مەيلىمىز بىلەن بولغاندىكىن، ئارىمىزدا باغلاپ تۇرىدىغان بىرەر توي خېتى بولمىغاندىكىن، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە ئارتىلىپ قالمايدۇ" نۇربىيە مۇشۇلارنى ئويلاپ، بۇ ئوي ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ كۆڭلىدە پىشىپ يېتىلىشكە باشلىغانىدى. ئاخىر ئۇ يۈرەكلىك ھالدا شەپقەتتىن مۇنۇلارنى سورىدى:

— شەپقەت، مەن زادى قانداقراق؟ راست گەپ قىلىڭا، مېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

ەت دېسىڭىزمۇ خاپا بولمايمەن، بەزى قىزلارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ
اختىشىنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيمەن.

— سىز چوك (تۈركچە بەكمۇ دېگەن سۆز) گۈزەل! — دەپ
اۋاب بەردى شەپقەت.

— راستمۇ؟

— ئەلۋەتتە، بۇرۇن تۈركىيەدە بۇ گەپنى كۆپ قېتىملار دېگەن
ەمەسمىدىم! — دېدى شەپقەت. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەقىقەتەن
ىن كۆڭلىدىن چىققانىدى.

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن كۆڭلىڭىزدىكىنى ئىپادىلىمەيسىز؟

— سىزنى چىن كۆڭلۈمدىن سۆيىمەن! — دېدى شەپقەت پەس
اۋازدا تىترەپ تۇرۇپ، — ئۇ بۇ گەپنى تۈركچە دېۋىدى،
ۇنچە تەبىئىي، شۇنچە يېقىملىق بىلىنىپ كەتتى. نۇربىيىنىڭ
ەلب دېڭىزىدا كىچىك - كىچىك دولقۇنلار پەيدا بولدى.

— شەپقەت، — نۇربىيە ئۇچۇق - ئاشكارىلا، — مەن بىلەن
ويلىنىشقا تەلەپ قويۇشنى ئويلىغانمۇ؟ — دېدى.

— بۇنى... شەپقەت بېشىنى سول تەرەپكە سىڭايان قىلىپ
ىلىقى يېرىم مېيىپ قولنى ئىشارەت قىلغاندەك تەرىزدە، — ماڭا
ارىمامسىز! — دېدى.

— مۇھەببەتنىڭ قول بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ — نۇربىيە ھەيران
بولغاندەك كۈلۈپ سورىدى.

— سالاپىتىم يوق! — بېشىنى چايقىدى شەپقەت كۆڭلى يېرىم
ھالدا.

— شەپقەت، مېنىڭچە مۇھەببەت دېگەن نەرسە ئالدى بىلەن
روھىي جەھەتتىكى ماسلىشىش، ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ بىرلىكى

ھېسابلىنىدۇ، جىسمانىي جەھەتتىكى مەلۇم ئاجىزلىقلار بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك. ئۇنداقتا مۇھەببەت بەكلا چاكىنىلىشىپ كەتكەن بولمامدۇ؟ — دېدى نۇربىيە.

— تەشەككۈر! — دېدى شەپقەت مىننەتدارلىق بىلەن، — ماڭا مۇنداق ھېسداشلىق قىلغىنىڭىزغا تەشەككۈرلەر!

— ئەگەر مەن بىرەر ئەر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالسام، جىسمانىي جەھەتتىكى مەلۇم ئاجىزلىقلىرىنى ئانچە سۈرۈشتە قىلىپ كەتمەيمەن! — دېدى نۇربىيە سەل ھاياجانلانغاندەك ھەم ئەپسۇسلانغاندەك، — بىراق، ئىككىمىزنىڭ بىرلىشىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئاقىۋەتتە ئانچە ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن، ئاتا-ئانام توركىيدە قېلىشىمغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ، ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇ يەردە قېلىش ئارزۇسى يوق، ئۆز يۇرت تۇغقان ئانا، كىشىنىڭ يۇرتى ئۆگەي ئانا، دېگەن گەپ بار، ئۆگەي ئانا يامان كېلىدۇ، مەن ئۆگەي ئانىدىن قورقىمەن. يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ، ئۆگەنگەن بىلىملىرىمنى ئانا يۇرتۇم ئۈچۈن تەقدىم قىلىش ئارزۇيۇم بار. مانا بۇ نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتقاندا، ئىككىمىزنىڭ بىرلىشىشى ناھايىتى تەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە؟ — شەپقەت كۆڭلى پەرىشان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ سورىدى.

— مۇھەببىتىم ۋە كۆڭلۈمنى تازا دەڭسەپ كۆرسەم، سىزگە تازا ھەقىقىي مۇھەببىتىم كەمرەك تۇرىدۇ، — نۇربىيە كۆزىنى شەپقەتتىن قاچۇرغاندەك قىلىپ دېدى كۆڭلى پەرىشان ھالدا، — چۈنكى سىز ئۆز ئىنىمدەك تۇرىسىز، سىزگە پەقەتلا ھېسداشلىقىم، مىننەتدارلىقىم، كۆيۈمچانلىقىملا باردەك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەپقەت ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىپلا باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. ئۇ تۇركىيىدە نۇربىيە بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ نۇربىيىگە قايىل ھەم مەھلىيا بولغانىدى. بىراق راستىنىلا ئىككىسىنىڭ كېلەچىكىگە ئانچە زور ئۈمىد باغلاپمۇ كەتمىگەنىدى. چۈنكى ئۆزى بىر ئاجىز مېيىپ كىشى تۇرسا...

نۇربىيە شەپقەتنىڭ ئىنتايىن سەمىمىي ھەم ياۋاشلىقىغا قاراپ ئىچى ئاغرىغاندەك قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ سول قولى يېرىم مېيىپ، باشقا ساغلام كىشىلەرگە قارىغاندا نۇرغۇن قولايسىزلىق يەرلىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كەمسىتىش تۇيغۇسى كۈچلۈك، نۇربىيە بۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

ئارىدىكى سۈكۈتلۈك خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلدى.

يامغۇر تامچىلىرى دېرىزىگە تېگىپ دېرىزىنى شىرىقشىتاتتى، نۇربىيە نۇرىمانىنىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى يېپىپ قويۇش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى، گويا بىرنەرسە ئۇنى قىزىقتۇرغاندەك، ئۇ قەدىمىنى بۇ ئۆيدە توختاتتى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نۇرىمانىنىڭ قوش كىشىلىك كارىۋىتى ناھايىتى رەتلىك ھەم پاكىز تۇراتتى. سۈس قىزىل ھال رەڭ كارىۋات ياپقۇچ گويا بىر خىل يوشۇرۇن ئېزىتقۇ كۈچىدەك بىلىنەتتى. نۇربىيە كارىۋات ئالدىغا كېلىپ قولى بىلەن كارىۋاتنى سىلاپ باققانىدى، مامۇقتەك يۇمشاق كارىۋاتتىن بىر خىل تاتلىق ھىدلەر ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

"نۇرىمان مەخمۇتجان بىلەن بۇ كارىۋاتتا بىللە يېتىپ باققانمىدۇ؟"

دۇنيادىكى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار ئاجايىپ ئەجەب-

لىنەرلىك ئىكەن ـ ھە؟! خۇشاللىق ئىش، سەت ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كارىۋات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، بۇ زادى نېمە گەپ؟...

نۇربىيە تۇيۇقسىز نېرۋىلارچە كۇلۇپ كەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ تاشقىرىقى ئۆيگە قارىۋىدى، بىچارە شەپقەت روھى چۇشكۇن ھالدا تېلىۋىزورغا ھاڭۋېقىپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

نۇربىيە لاسسىدە كارىۋاتقا چۆكتى، ئۇ يەنە كارىۋات ئۇستىدىكى لەززەتلەرنى بىر سىناپ كۆرۇش ئارزۇسىدا شېرىن خىياللارغا چۆمدى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى، سىرتتىكى سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ دېرىزىنى تىرىقشتقان ئاۋازى ئاندا ـ ساندا ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ كۆزى ھەم قەلبى ئاشۇ يامغۇر يالاۋاتقان دېرىزىدەك بۇدىراڭغۇلىششقا باشلىدى.

. . . . . . . . . . . .

قانچە ۋاخ ئۆتكەن ئىدىكى ـ تاڭ. نۇربىيە ئۆزىنىڭ نۇرىمانىنىڭ كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى، شەپقەتنىڭ يېنىدا ياتقانلىقىنىمۇ سەزدى. شەپقەتنىڭ ئۇستى تەرىپى ئوچۇق، تۆۋەن تەرىپى لۆڭگە يېپىنغۇچ بىلەن يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە قارىۋىدى. ئۆزىمۇ شەپقەتكە ئوخشاش يالىڭاچ ئىدى. ئۇ بۇ ھالەتنى كۆرۇپ ئۆزىچە قورققاندەك بولدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۇيقۇ باسقان، بېشى ئېغىر تۇيۇلاتتى، پېشانىسىدە ئۇششاق تەرلەر يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ ئولتۇردى، ئۇدۇلدىكى گىرىم قىلىش ئۇستەلىنىڭ ئەينىكىدە ئۆزىنىڭ سۇرىتى كۆرۇنۇپ تۇراتتى. ئەينەكتىكى نۇربىيىنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، مەڭزىلىرى تولاچىتەك قىزارغان ئىدى...

ئۇ خۇددى چۇش كۆرگەندەك ھېس قىلىپ قالدى، ئابايامقى

يۈز يەرگەن ئىشلار خۇددى چۈشتەك ئېسىغا كەلدى.

"دۇنيادىكى يۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھ ھەم ئۆزىنى ئەڭ ئېسىلزادە ھېسابلايدىغان كىشلەرمۇ بۇنداق ئىشتىن خالىي بولالمايدۇ، ئورنى ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىلىك كەمبەغەل كىشلەرمۇ ئوخشاشلا شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھەۋەستە باي - كەمبەغەل دەپ ئايرىغىلى بولمايدۇ... بۇ ئىش شۇنچىلىكلا ئىكەنغۇ؟! ھازىر مەنمۇ ئاشۇ كىشلەرگە ئوخشاش بولدۇم..." دەپ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى نۇربىيە.

نۇربىيە سائەتكە قارىۋىدى. سائەت بىرگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. تۇيۇقسىز ئانىسى ئېسىگە كېلىپ قالدى، ئۇ چوقۇم ئۆيدە مېنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈۋاتىدىغاندۇ!، دەپ كارىۋاتتىن چۈشتى.

نۇربىيە كىيىمنى كىيىۋېتىپ يەنە ئەينەككە قارىدى، ئۇنىڭ مەڭزىدىكى قىزىل تېخىچە يېتىمگەنىدى. ئۇ كېلىشكەن نازاكەت تەنلىرنى يۇمشاق سىلاپ، ئۇنىڭدىن مەغرۇرلانغاندەك، زوقلانغاندەك بولدى.

ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراشتۇردى. شەپقەت يەنىلا شېرىن ئۇيقۇدا ياتقاندەك ئىدى. نۇربىيە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە يېنىك تاشلاپ:

— ۋۇي، قىزلىقى بۇزۇلغان يىگىت ئورنىلىرىدىن تۇرسىلا ئەمدى! — دەپ چاقچاق قىلدى.

تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، كوچىنىڭ سۇس چىراغ نۇرلىرى نېپىز يامغۇر پەردىسى ئاستىدا سىرلىق بىر خىل بۇدىراڭغۇ كۆرۈنەتتى.

نۇربىيە ئۇچۇن كېلەچەك، هايات، نىكاھ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە ئوخشاش بۇدىراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، قانداقتۇر كۆزلىرى نەملەشكەندەك بولدى، قۇرتتەك بىرنەرسىلەر يۈزىدە مىدىرلاۋاتقاندەك قىلدى، ئۇ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن نېمە ئۇچۇن ياش ئاققۇزۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى سەۋەبى قىزلىقىدىن مەھرۇم قالغانلىقىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغانلىقىمۇ ياكى يېڭىلىك قىلىپ قويغىنىمۇ؟ بەلكىم بۇلارمۇ سەۋەبچى بولۇشى كېرەك، ئەمما تولۇق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كاللىسى ناھايىتى سەگەك ئىدى. ئۇ ھاياتىدا توي قىلىشتىن بۇرۇن، چوقۇم مۇنداق ئىشنىڭ ئاخىر يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالللىقاچان سېزىپ بولغانىدى. ئۇ نۇرىمان بىلەن قەلبىنۇرنىڭ تۇرمۇشتىكى مەغلۇبىيەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى، ئاتا-ئانىسىنىڭ شەپقەت بىلەن توي قىلىشقا قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز - ئۆزىنىڭمۇ شەپقەتكە ھەقىقىي مۇھەببىتى يوق... نىكاھدىكى مەغلۇبىيەت ئازابلىرىنى ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن، ئەر - ئايال مۇناسىۋەتتىكى تەجرىبىنى ئۇقۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ بەرىبىر مۇشۇنداق قىلماي قالمايتتى. لېكىن بۇ ئىشقا ئۇ قەتئىي پۇشايمان قىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ياش ئاققۇزىدۇ؟ بەلكىم قىزلىق دەۋرنىڭ مەڭگۈ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئېچىنغانمىكىنە. خەير - خوش نارەسىدە قىز نۇربىيە! ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن قىزلىق دەۋرلىرىنى دەۋەت قىلىۋاتقاندەك، ياش تامچىلىرى يۈزىنى ئېخىمۇ ھۆلدەشتۇرۇۋەتكەنىدى.

بىرۋاقىتلاردىن كېيىن، شەپقەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ

كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەنلىكىنى سەزگەندى.

## 8

يەنىلا شۇ كېچە.

نۇرىمان بىر جىددىي قۇتقۇزۇش كېسىلىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، خىزمەت ئۈستىلىدە خىلمۇخىل خىياللار ئۈستىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆزەتتى.

مۇشۇ تاپتا، مەخمۇتجان نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ قىزلار ئۇخلاپ بولغاندىمۇ؟ قولىغا قەلەم ئېلىپ ماڭا يېزىۋاتقان خېتىدە مۇھەببىتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىۋاتقانمىدۇ؟ ئۇ بۇرۇن يازغان ھەربىر خېتىدە نۇرىمانغا بولغان مۇھەببەتلىرىنىڭ پاك ھەم چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلاتتى. مەسىلەن:

...ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت سىزنى چوڭقۇر سېغىنىپ تۇرد-مەن، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ سىزنى چۈشەيمەن. بولۇپمۇ ئىككى قىزىم شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، بۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ تېخىمۇ كۈچىلىنىپ كېتىدۇ، قانات چىقىرىپ يېنىڭىزغا ئۇچۇپ بارغۇم كېلىدۇ...

نۇرىمان ھەر قېتىم بۇنداق خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ھەر خىل خىيال دېڭىزىغا چۆمۈپ كېتەتتى. مەخمۇتجان پەقەت يېنىدا بىرەر ئايال كىشىنىڭ ھەمراھ بولۇشى ئۈچۈنلا شۇنداق دەمدىغاندۇ؟ بۇنداق دېسەم بەلكىم ئۇنىڭغا ناھەق بولار، قەشقەردە قىز ـ ئايال-لار كەممۇ؟ ياكى بولمىسا ئىككى قىزى ئۈچۈن يېڭى ئانا تېپىپ بېرىش ئۈچۈنمىدۇ؟ ئۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆز ئانىسىغا بولغان مېھرىنىڭ يوق بولۇشى ناتايىن. بەلكىم سۇنۇقنىڭ دەردىنى سۇنۇق بىلىدۇ،

دېگەندەك، ئىككىسىلا بىر قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقان، بىر-بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدىغاندۇ؟

بىراق نۇرىمان مەخموتجاننىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئىنكار قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ھەربىر خېتى ناھايىتى سەمىمىي، چوڭقۇر، ساپدىل. ئۇ ھەقىقەتەن سەمىمىي ياۋاش بىر كىشى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەندە چوقۇم ئۆزىنى قەدىرلەيدۇ، ياخشى كۆرىدۇ، ۋەدىسىگە سادىقلىق قىلىدۇ. بىراق قانداقتۇر ئۇنىڭدا ھەممىشە بىر خىل نەرسە كەمدەك قىلاتتى...

قاتتىق ئويلىنىشنىڭ نەتىجىسىدە، نۇرىمان مەخمۇتجاندا مۇھەببەتتىكى بىر خىل تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىيات يوقلۇقىنى سەزدى. ئۇنىڭدا بۇ نەرسە كەمدەك قىلاتتى.

بىراق، قىرىق ياشتىن ھالقىغان كىشىدىن تولۇپ تاشقان قايناق ھېسسىياتنى تەلەپ قىلماقمۇ بىر شەپقەتسىزلىك. قانچىلىك ئەر-خوتۇنلار تويدىن كېيىن ئاشۇنداق تولۇپ تاشقان ھېسسىياتلىرىنى ساقلاپ كېلەلىگەن؟ تۇرمۇش رىتمى ئىنتايىن تېز بولغان بۇنداق چوڭ شەھەرلەردە، خىزمەت-ئائىلە، ئائىلە-خىزمەت بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەر-ئاياللارنىڭ قايناق ھېسسىياتىنى ئاللىقاچان تۇز-چاي، قازان-قومۇچ، سۈت-سۈيدۈك لاتىلىرى كۆمۈۋەتكەن... قايناق ھېسسىيات بولمىغان تۇرمۇشنىڭ شەكلىلا بار، ئانچە لەززىتى بولمايدۇ. ئۇ مەخمۇتجان بىلەن مۇھەببىتىنىڭ بەكلا رېئال بولۇپ، لىرىكىلىكى، قايناق ھېسسىيات كەم ئىكەنلىكىنى سەزدى.

لېكىن مەخمۇتجان ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم ئىدى.

نۇرىمان مانا مۇشۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا، ئالدىدا جىم تۇرغان تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەس-ھوشىنى يىغقاندا، يۈرىكى بىراقلا گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ چوقۇم مەخمۇتجاندىن كەلگەن تېلېفون دەپ پەرەز قىلدى ئۆزىچە.

تېلېفون راستىنلا مەخمۇتجاندىن كەلگەنىدى. ئۇلار تېلېفوندا خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. نۇرىمان نۇربىيىنىڭ تۈركىيەدىن كەلگەنلىكىنىمۇ ئېيتتى، مەخمۇتجان يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كېلىدىغانلىقىنى دېدى. بۇ تاسادىپىي خەۋەردىن نۇرىمان ھەيران بولغاندەك قىلدىيۇ، قەلبىنىڭ بىر يەرلىرى سۆيۈنگەندەك بولۇپ كەتتى.

مەخمۇتجاننىڭ كېلىش خەۋىرى، نۇرىماننىڭ جىمجىت كېتىۋاتقان قەلبىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

ناھايىتى ئېنىقكى، مەخمۇتجاننىڭ بۇ قېتىمقى كېلىشى، ئۇنىڭدىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالماقچى. ئەگەر ئۆزىگە مۇشۇنداق ساداقەتلىك بىلەن كۆيگەن بىر كىشىگە يەنە ئىككىلەنسەم، ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بىر قەدەمنى خاتا مېڭىپ قويغان بولىمەن. ئاھ، قانداق قىلىش كېرەك؟

نۇرىمان مەخمۇتجاننىڭ سەمىمىيلىكىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ بولغانىدى. لېكىن تويدىن كېيىنكى بىرمۇنچە ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئويلاپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ چاغدا ئىككىسى ئۈرۈمچى-قەشقەر، قەشقەر-ئۈرۈمچى بولۇپ، ئىككى تەرەپلىمە قاتراپ زېھنىي جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، ئۇلار ئۈچۈن بىر سورۇقچىلىق بولاتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر پەرزەنت تەلەپ قىلىپ قالسىچۇ تېخى؟!

مەخمۇتجان چوقۇم ئۆزىنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدۇ، پارچىلانغان ئىككى يۈرەك بىرلەشكەندە، بىر-بىرىگە تەسەللىي بېرىشىدۇ،

ئۆزئارا ياردەملىشەلەيدۇ... بۇندىن باشقا يەنە نېمە كېرەك؟! هايات ئەنە شۇنداق بولمامدۇ؟ نۇرىمان كېلىش ئالدىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق باھارنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ دەڭسەپ كۆرۈپ، تەھلىل قىلىۋىدى، بۇ باھاردىكى ھەممە نەرسە ھەممە جەھەتتىن ماس كەلگەندى، شۇغىنىسى ئۇنىڭدا بىر خىل شوخ رەڭ كەمدەك قىلاتتى.

يەنە قانداق شوخ رەڭ كېرەك؟ ئۇن نەچچە ياشلىق بويىغا يەتكەن قىز - يىگىتلەردىن بولمىساق... ئۇنىڭ قىز چاغلىرىدىكى تېخى پورەكلەپ ئېچىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن دەسلەپكى مۇھەببەت ھېسسىياتلىرى ئېسىغا كېلىپ قالدى. ئۇ چاغدىكى تۇنجى مۇھەببەت تۇيغۇلىرى خۇددى قەلبىگە قۇيۇپ قويغاندەك مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايتتى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا سىنىپىدىكى سىپايە، ئەدەبلىك، جىمغۇر ئوغۇل بالا ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى قوزغىغانىدى. ئۇ بالىنىڭ گەپ - سۆزلىرى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى ئۇنى قىزغىن جەلپ قىلىۋالغانىدى. داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىنى ئىنتايىن خۇشال ھەم بەختلىك ھېس قىلاتتى. شۇ يىلى ئۇلار تۇنجى مۇھەببەتنىڭ قىزىق تونۇرىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەن. نۇرىمان نېمە ئۈچۈن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەشنى خالىمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. تۇنجى مۇھەببەت ئەنە شۇنداق سىرلىق ھەم نازۇك بولىدىكەن. كىممۇ بۇ جەھەتتە ئۇچۇق بىرنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟ نۇرىماندا پەقەت بىر خىل ئاچچىق ھەم تاتلىق ئەسلىمە قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ھايات، ياش قىرىقىقا يەتكەندە، ئاشۇنداق كۆڭۈللەر مەۋجۇت بولۇۋېرەمدۇ؟ مەخمۇتجاندىن يەنە نېمە تەلەپ قىلىمەن؟

. . . . . . . . . . .

ھەپتە كۈنمۇ توشقاندى. نۇرىمان ناھايىتى تىنچ ھالەتتە ئايرودرومغا كەلدى. بىرەر سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، نۇرىمان ئايروپىلاندىن چۈشكەن كىشىلەر ئارىسىدىن مەخمۇتجاننىڭ چىرايىنى بىردىنلا تونۇۋالدى. مەخمۇتجان قولىدا ئەپچىل چامادان كۆتۈرۈپ تېز - تېز مېڭىپ نۇرىمانغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا چامادانىنى يەرگە قويۇپ، نۇرىماننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، نۇرىمان ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن خىجىل بولغاندەك قولىنى تارتىۋېلىپ، قول ئېلىپ كۆرۈشكەن ھالەتكە كەلتۈرۈۋالدى.

مەخمۇتجانمۇ خىجالەت بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— يالغۇز چىقتىڭىزما؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، يالغۇز چىقماي باشقا ھەمراھىم بارمىتى ئەمىسە؟! — دەپ قايتا سوئال سورىدى نۇرىمان.

— ياق، قەلبىنۇر، نۇربىيىدەك بىرەر دوستىڭىز بىلەن بىللە چىقامدىكىزمۇ دېمەكچىمەن، ئۆتكەن قېتىمدا قەلبىنۇر بىلەن بىللە چىقىپتىكەنسىزغۇ.

— ئۇلارغا خەۋەر قىلمىدىم، — دېدى نۇرىمان كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇلار كېلىشىڭىزنى ئۇقمايدۇ.

مەخمۇتجان سەل ئەپسۇسلانغاندەك بولدى. ئۇنىڭچە ئۇلار شۇنچە يېقىن دوستلاردىن تۇرسا، ئۆتكەندە نۇرىمان تېلېفوندا نۇربىيىنىڭ كەلگىنىنى ئالاھىدە خۇش خەۋەر قىلىپ ماڭا دېگەن، "بۇ داۋاملىق گەپ - سۆزلىرىدە نۇربىيە بىلەن قەلبىنۇرنى تىلغا ئالىدۇ،

كېلىشمنى ئۇلار ئۇقماسلىقى مۇمكىنمىدۇ؟ ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭ تېخىمۇ جىق دوست - ئاغىنىلىرى ئۇققىنى ياخشى، چۈنكى بۇ خىل ھادىسە نۇرىمانىنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا پىكىرى پىشىپ - يېتىلگەن-لىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار ماشىنىغا چۈشۈپ جىمجىت ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

9

ئەتىسى كەچتە، نۇرىمان مەخمۇتجاننى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن نۇربىيە، شەپقەت ۋە قەلبىنۇرلارنى چاقىرىپ ئۆيدە چاي بەرمەكچى بولدى. ئۇ ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ بولۇپ، چىرايلىق ياسىنىپ مېھمانلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

سائەت يەتتىگە يېقىن مېھمانلار يېتىپ كەلدى. نۇربىيە يۈگۈرۈپ كېلىپ، «پاھ، بۈگۈن كەچ ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەنغۇ!» دەپ چاقچاق قىلدى.

مەخمۇتجان سەل جىددىيلەشكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى.

داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن، نۇربىيە ياتاقخانا ئۆيگە كىرىپ چاپىنىنى سېلىپ قويماقچى بولدى. نۇربىيە ھېلىقى سۇس قىزىل ھال رەڭ كارنۋات ياپقۇچنى كۆرۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدىگەن-دەك بولدى.

ئاھ، ھېلىقى لىرىكىلىق، يامغۇرلۇق كېچە، ئۆزىنى مەۋسۇم قىزلىقىدىن چوكانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان كېچە، چۈشكە ئوخشاش ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغان شۇ كېچە، ئارمانسىز ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇشايمانسىز ئۆتكەن كېچە...

نۇربىيە شەپقەتكە مەنىلىك ھالدا تېزدىن كۆز يۈگۈرۈتتى، شەپقەتمۇ چۈشەنگەندەك يۈزى ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى.

ھەممەيلەن داستىخانغا كەلدى. ئېگىز پۈتلۈق كەلگەن بەش ئەينەك رومكىغا بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان قىپقىزىل، سۈپسۈزۈك مەي مۇھەببەتنىڭ سىمۋولىدەك ھەربىرەيلەننىڭ ئالدىدا جىم تۇراتتى.

— كېلىڭلار دوستلار، ئالدى بىلەن دوستۇم نۇربىيە بىلەن شەپقەتنىڭ تۈركىيدىن كېلىپ بىز بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن! — دەپ نۇرىمان ساھىبخان سۈپىتىدە سۆز باشلىدى.

— ياق، ياق، — دېدى نۇربىيە بىر مەخمۇتجانغا قاراپ، بىر نۇرىمانغا قاراپ، كۆزلىرىنى قىسىپ، — ئەڭ مۇھىم سۆزنى قىلمىدىڭ!

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھەممىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن! — دېدى مەخمۇتجان گەپنى بۇراپ.

— نۇرىمان بۇ چاينى ئەسلى مەخمۇتجان ئۈچۈن تەييارلىغان، شۇ باھانىدا بىزمۇ بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇۋالىدىغان بولدۇق، رەھمەت سىلەرگە، — نۇربىيە ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشال ھالدا دېدى، — بۇندىن كېيىن مەخمۇتجاننىڭ بۇ ئۆيگە چىراغ بولۇپ يېنىپ بېرىشى ئۈچۈن!

ئۈچەيلەن كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىشىپ، ھەممىسى تەڭ دېگۈدەك كۆزلىرىنى قەلبىنۇرغا بۇراشتى، ئۇنىڭ بىرنەرسە دېيىشىنى كۈتكەندەك قىلدى.

قەلبىنۇر خېلى بىرھازاغىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ

قالدى. شۇ تاپتا ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىككى جۈپ بەختلىك دوستلىرىغا قاراپ ئۇنى سىلىپ يىغلىغۇەتكۈسى كەلگەندى. بىراق باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويماي دەپ، كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ئاچچىق ياشلارنى ئىچىگە سىڭدۇرۋېتىپ:

— مەڭگۈ بەختلىك بولۇڭلار! قىزىم غۇنچەم ئۈچۈن! — دەپ رومكىنى قولىغا ئالدى.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەندەك چىرايلىرىدىكى خۇشاللىقلار يىتكەندەك بولدى.

— گۈزەل ھايات ئۈچۈن، ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن! — دېدى شەپقەت ئارىدىكى بىردەملىك سۈكۈتنى بۇزۇپ.

— خوشە، خوش!

جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ، ھەم ئاچچىق ھەم تاتلىق نەرسە ھەرقايسىسىنىڭ ئۇخشىمىغان ئارزۇ - تىلەكلىرى بىلەن بىللە ئىچىگە غۇرتتىدە سىڭىپ كەتتى.

. . . . . . . . . . .

نۇربىيە نۇرىمانىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ:

— مەخمۇتجان بولمىغاندەك قىلدىغۇ! — دېگەندى، مەخمۇتجانغا بولغان تەسىراتنى.

— ئۇنى سەن تېخى تۇنجى قېتىم كۆردۈڭ، — دېدى نۇرىمانىمۇ نۇربىيىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، — تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا قارىسا بولمايدۇ.

— تويۇڭلارنى قاچان ئۆتكۈزىسىلەر؟ — دەپ سورىدى نۇربىيە كەيپىياتى جانلانغان ھالدا مەخمۇتجانغا قاراپ.

مەخمۇتجان قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، كۆزى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرىماننى ئىشارەت قىلىپ:

— ئاۋۇ كىشىدىن سوراڭ! — دېدى.

— ھەي، نۇرىمان، — دېدى نۇربىيە قەلبىنۇر بىلەن پىچىرلىشىۋاتقان نۇرىماننىڭ پېشىنى تارتىپ، — مەخمۇتجاندىن تويۇڭلارنى قاچان ئۆينايمىز دەپ سورىسام، سەندىن سورا دەيدۇ! ھە، سەن جاۋاب بەرگىنە ئەمدى!

نۇرىمان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاقىت-زامان پىشىپ يېتىلگەندە! — دەپ جاۋاب بەردى.

— ھازىر دەل ھەممە نەرسىلەردىن مول-ھوسۇل ئالىدىغان ئالتۇن چاغ، مېۋە ئارتۇقچە پىشىپ كەتسە شاختا تۇرۇپ سىسىپ كېتىدۇ! — دېدى نۇربىيە چاقچاق ئارىلاش.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

خېلىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان قەلبىنۇر:

— ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىدىن بىزنى ئاز-تولا خەۋەرلەندۈرۈپ قويىمامسەن؟ — دەپ لىپپىدە شەپقەتكە قاراپ قويدى.

— مېنىڭ ئىشىممۇ ۋاقىت-زامان پىشىپ يېتىلگەندە! — دېدى نۇربىيە.

— ئاللىقاچان پىشىپ بىر يەرگە باردىغۇ دەيمەن! — دەپ نۇرىمان نۇربىيىگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

نۇربىيە، "ۋاي ئەسكى!" دېگەندەك قىلىپ نۇرىماننىڭ بېقىنىنى چىمداپ:

— ئۆزۈڭلەرگە ئايان، مەن ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلمىسەم بولمايدۇ، شەپقەت تۈركىيىلىك تۇرسا، ئىككىمىز قانداق بىر يەرگە كېلەلەيمىز؟ — دېدى.

— شەپقەتجانمۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلسە بولىدىغۇ! — دېدى مەخمۇتجان.

— مۇمكىن ئەمەس - تە، — دېدى نۇربىيە شەپقەتنىڭ مۇرىسىنى قېقىپ قويۇپ چاقچاق قىلغاندەك، — شەپقەت جەننەتنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟ تۈركىيەدە ئاتا - ئانىسىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ! — دېدى.

شەپقەت پەقەت كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىيۇ گەپ - سۆز قىلمىدى.

— شەپقەت، — مەخمۇتجان شەپقەتنى زېرىكىپ قالمىسۇن دېگەندەك، — سىزنىڭ بۇ تۇنجى قېتىم ۋەتەنگە قايتىشىڭىز ئىكەن، يۇرتقا بولغان تەسىراتىڭىز قانداقراق؟ — دېدى.

— يۇرتىمىزنىڭ بۇنداق يۈكسىلىپ باياشات بولۇپ كەتكىنىگە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى، بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن بىۋاسىتە كۆردۈم، چەت ئەللەردە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلغان تەشۋىقاتىنىڭ ئەكسىچە ئىكەن. تەرەققىيات ناھايىتى قالتىس ئىكەن، ئەگەر مۇشۇ پېتى تەرەققىي قىلىۋەرسە، ئۇزاق ئۆتمەي چەت ئەللەرگە يېتىشىپ قالغۇدەك. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر تەرەققىياتى ناھايىتى زور ئىكەن، — دېدى شەپقەت ھاياجانلانغان ھالدا.

— ئىستامبۇلنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى مەخمۇتجان.

— ئىستامبۇل مارا - مارا دېڭىز قولتۇقىغا جايلاشقان قەدىمىي گۈزەل شەھەر. ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە، ئاسارەئەتىقىلەر ناھايىتى كۆپ ئەمما ئۇ يەردە ماشىنا ماڭىدىغان يول بىلەن ئاسماندىن باشقىسى شەخسنىڭ ئىلكىدە، شەخسنىڭ مەبلىغى ھەرقانچە جىق بولغان بىلەن يەنىلا ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولغانغا يەتمەيدىكەن، شۇڭا

نەچچە يىللاردىن بۇيان شەھەر تەرەققىياتى ئانچە زور ئەمەس. ئۈرۈمچىدىكىدەك ئېگىز-ئېگىز كاتتا بىنالار ئاز. پۇلى يوقنىڭ يۈزى يوق دېگەندەك ھەممە مۇناسىۋەت پۇل بىلەن بولىدۇ، كىشىلەردە ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە كەم، — دېدى شەپقەت ناھايىتى راستچىل قىياپەتتە.

— ئۇنداقتا، سىزمۇ قايتىپ كېلىپ يۇرتىڭىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىڭىزنى قوشسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى مەخمۇتجان شەپقەتكە قاراپ.

— ئەلۋەتتە قايتىپ كەلگۈم بار! — شەپقەت مەنىلىك ھالدا كۆز قۇيرۇقى بىلەن نۇربىيىگە قاراپ، دېدى — بىراق بەزى كىشىلەر قايتىپ كېلىشىمنى خالىمايدۇ!

— بولدى، بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇڭلار، كېلىڭلار، بۈگۈن كەچتىكى خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن! — دەپ نۇرىمان نىشانىنى بۇراپ رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ھە، خوشە!

نۇرىمان ئۈنئالغۇنى سايراتتى، ئۈنئالغۇدىن شوخ مۇزىكا ئاۋازى ئاڭلاندى.

نۇربىيىنىڭ تانسا ئويىنىغۇسى كەلگەنمۇ ياكى كەيپىياتىنى تەڭشەش ئۈچۈنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەخمۇتجاننى تانسىغا تارتتى. مەخمۇتجان تانسىنى ياخشى ئويىنيالمىسىمۇ، نۇربىيىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلماسلىق ئۈچۈنلا ئورنىدىن تۇردى.

تانسا ئويناۋېتىپ مەخمۇتجان نۇربىيىدىن نۇرىماننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. نۇربىيە دەرھال:

— نۇرىماندەك ياخشى ئايال كەم ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ مىجەزى

ئېغىر-بېسىق بولغىنى بىلەن ھېسسىياتقا باي. قەلبىنۇر بىلەن ئىككىمىز ئۇنى بىر تۇغقان ھەدىسىمىزدەك كۆرىمىز، ئۇ بىزنىڭ ھەر خىل مەسىلەرنى ھەل قىلىشىتىكى مەسلىھەتچىمىز. ئەگەر بىر ئۆيگە كىرەلىسەڭلەر، سىزنىڭ بەختىڭىز شۇ! — دېدى نۇربىيە نۇرىمانغا قىلچە شەك كەلتۈرمەي.

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، بىراق نۇرىمان بەكلا ئېھتىياتچان ئىكەن، ماڭا تازا ئىشىنىپ كەتمەيۋاتامدۇ قانداق. تېخىچە ئېنىق بىر جاۋاب بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى مەخمۇتجان چۈشەندۈرۈپ.

— بىر قېتىم يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن كىشى ئارقاننى كۆرسىمۇ ئۈركۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، ئالدىرىماڭ، مەنمۇ سىز تەرەپتە! — دېدى نۇربىيە.

مەخمۇتجان يەنە قەلبىنۇرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئۇ خۇدانىڭ بەكلا ئاجىز بەندىسى، تەقدىرنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن تۇرمۇشتىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنى قەيسەرلەشتۈرۈشى مۇمكىن، — دېدى نۇربىيە.

شوخ مۇزىكا ئاياغلىشىپ، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق دوناي ۋالىسىنىڭ يېقىملىق رىتىمى ئاڭلاندى.

— تەشەككۇرلەر! ئەمدى نۇرىمانىنى تانسىغا تارتىڭ! — دەپ نۇربىيە چۈشۈپ كەتتى.

نۇرىمان تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. مەخمۇتجان ئوڭ قولىنى نۇرىمانىنىڭ بېلىگە يېنىككىنە ئاپاردى. ئۇنىڭ تۇيغۇسى ئابايام نۇربىيە بىلەن ئوينىغاندىكى تۇيغۇغا ئوخشىمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇرىمان سۇس چىراغ نۇرى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرمەي، قىزچاقلاردا بولىدىغانلا بىر خىل نازاكەتلىك ھەم تارتىنچاقلىق ھېسسىياتتا مەخمۇتجانغا ئەگىشىپ ئوينايتتى. نۇرىماننىڭ بۇرۇن مەخمۇتجانغا بەرگەن تەسىرى، پىشىپ-يېتىلگەنلىكى ئىچىدە سەل مەيۇس غەمكىنلىك بار ئىدى، ھەممە ئىشتا ئېھتىياتچان ھەم قەيسەر ئىدى. بۈگۈن كەچ مەخمۇتجان ئۇنىڭ مۇلايىم، نازۇك، سۆيۈملۈك تەرەپلىرىنى يېڭىدىن بايقىغاندەك قىلدى. نۇرىماننىڭ بەش ئەزايى شۇنچە كېلىشكەنىدى، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق كۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز قاڭشىرى، يۇمشاق لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسى ئۇنى قايتا مەپتۇن قىلغانىدى. شۇ ئەسنادا مەخمۇتجان ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىگەندەك بولدى: "بۇرۇن نۇرىمان بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىمدا پەقەت توي قىلىش تەرىپىنىلا تەكىتلەپ، قىزغىن ھەم تەبىئىي ھېسسىيات ۋە كۆڭۈللەرنى تەربىيىلەشكە دىققەت قىلماپتىمەن. ھەقىقىي چىن مۇھەببەت شەبنەملىرى بىلەن ھۆلدەل-مىگەن نىكاھ خەتەرلىك، بۇندىن بۇرۇن نۇرىمانغا بەلكىم باشتىكى بەختسىزلىك بولغان نىكاھىم ھېسسىياتىمغا تەسىر كۆرسىتىپ يات جىنسقا بولغان ئىنچىكە-نازۇك ھېسسىياتلىرىم غايىب بولۇپ كەتكەن-دەك، يەنە بىرسى بىلەن توي قىلىپ، يېنىمدىكى مەنىسىز بوشلۇقنى تولدۇرماقچى بولغاندەك تەسىر بەرگەن بولۇشۇم كېرەك، مۇنداق بولغاندا شەخسىيەتچىلىك قىلىپ قويغان بولمايمەنمۇ؟ نۇرىماننىڭمۇ ئالدىرىماي جاۋاب بەرمەكچى بولغىنى مۇشۇكەن-دە! — دەپ ئويلىدى مەخمۇتجان تانسا ئويناۋېتىپ، — بىراق مۇنداق نازۇك، قايناق ھېسسىياتلارنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك؟ بۇ ياشقا كەلگەندە، بۇنداق قىلماق تەس ئىكەن. چەت ئەللىكلەرغۇ مەيلى قېرى بولسۇن، ياش

بولسۇن، 'كۆيدۈم، پىشتىم، سېغىندىم' دېگەندەك ئۇلارچە يېقىملىق بولغىنى بىلەن، بىزچە كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىۋېرىدىكەن. بىزمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش بولساق بولمامدۇ؟ ئۇمۇ بىرخىل مېھىر-مۇھەببەتنى ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ غىدىقى كەلگۈدەك نېمىسى بار؟ ئەلۋەتتە، نۇرىمان بۇنداق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلماسلىقى مۇمكىن، بىراق ئىنسان دېگەن قانلىق، گۆشلۈك، ھېسسىياتى بار ئالىي ھايۋان بۇ نەرسىلەرنى ئوچۇق-ئاشكارا تەلەپ قىلمىسىمۇ، بۇ نەرسىلەرگە نەپسىي ھالدا ئېھتىياجلىق"...

— مەخمۇتجان، — نۇرىمان گويا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى سەزگەندەك، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى.

مەخمۇتجان چۆچۈپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئالاقزادە بولغاندەك قىلدى. سەلدىن كېيىن:

— قىلماقچى بولغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك قىلىدۇ، بىراق دېيەلمەيۋاتىمەن. دەپ جاۋاب بەردى ئاندىن.

— نېمىنى ئويلىغان بولسىڭىز شۇنى دەۋەرمەمسىز! — دەپ نۇرىمان ئۇنى ئىلھاملاندۇرغاندەك قىلدى.

— كېيىن ئاستا-ئاستا پاراڭلىشىۋالايلى، قالغانلىرىنى قارىتىپ قويساق سەت بولمىسۇن! — دېدى مەخمۇتجان تانىسىنى توختىتىپ.

نۇربىيە، قەلبىنۇرلار ئۇلارغا مەستلىكى كەلگەندەك زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇراتتى. شەپقەت گويا لەيلىدىن ئايرىلغان مەجنۇندەك كۆڭلى پەرىشان ھالدا تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق شوراپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار! شەپقەتنىڭ بۇ قېتىملىق يۇرتىغا بولغان ساياھىتىنىڭ غەلىبىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى! — دەپ نۇربىيە شەپقەتنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەندەك

قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا رومكىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

شەپقەت كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەرقايسىڭلارنىڭ قىزغىن كۆتۈۋالغىنىڭلارغا تەشەككۈر ئېيتىمەن ھەمدە ھەرقايسىڭلارنى تۈركىيىدە كۆتۈۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن! — دەپ شەپقەت كاپ ئېتىپلا كۆڭلىدىكى ھەسرەت ۋە ئارمانلارنى قوشۇپ رومكىدىكى مەينى قۇرۇقدىۋەتتى.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغاندى، مېھمانلارمۇ تارقاپ كەتتى. مەخمۇتجان ئەسلى مېھمانخانىغا كەتمەكچى ئىدى، بىراق بۈگۈن كېچە ئۇنىڭ زادى كەتكۈسى كەلمىدى. نۇرىمانمۇ ئارتۇقچە گەپ قىلماي جىم قالدى.

نۇرىمان ئىككى ئىستاكان قەھۋە قايناتىپ كەلتۈردى. ئۇلار ئىمتاس ئولتۇراتتى.

خېلى بىرۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، نۇرىمان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز ئاچتى:

— مەخمۇتجان، سىزدىن بىرنەرسىنى سوراي.

— نېمىنى سورىماقچى؟

— سىز نېمە ئۈچۈن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟

— نېمە ئۈچۈن؟!...

— قىزلارغا يېڭى ئانا تېپىپ بەرگىلىمۇ؟

مەخمۇتجان بېشىنى چايقىدى.

— سىزنى داۋالاپ ساقايتىپ قويغانلىقىمغىمۇ؟

مەخمۇتجان بېشىنى يەنە چايقىدى.

— ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈشەك ئىشلارنى قىلدىغان بىرەر

كىشىنىڭ يوقلۇقىدىنمۇ؟

مەخمۇتجان ئوخشاشلا بېشىنى يەنە چايقىدى.

— ئاخشاملىرى كارىۋاتتىكى يالغۇزچىلىق ۋە زېرىكەرلىككە چىدىمايمۇ؟

مەخمۇتجان بېشىنى يەنە چايقىدى.

— نېمە ئۈچۈن زادى؟

مەخمۇتجان نۇرىماننىڭ ھەربىر سوئالىنى تېز ھەم ئەستايىدىل ئويلاپ چىقاندى. نەتىجىدە، مۇشۇ ئامىللارنى ئىنكار قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا نۇرىماننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ بۇرۇن بۇلارنى ئانچە چوڭقۇر ھېس قىلمىغانىدى. مانا ئۇ بۇلارنى تولۇق ھېس قىلدى. ئۇ سەل كۆتۈرۈلۈپ نۇرىماننىڭ يېنىغا كەلدى-دە ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— نۇرىمان، مەنمۇ ھەممە نېمەم تولۇق بىر ئىنسان، سىزمۇ ھەم شۇنداق. بىر قېتىم ئاجراشقان كىشىدىمۇ مۇھەببەت بولىدۇ. مېنى پراگماتىست چاكىنا ئەرلەردىن دەپ چۈشىنىپ قالماڭ. مەن گۆزەل ھەم چىرايلىق مۇھەببەت سۆزلىرىنى دېيىشكە ماھىر ناتىقلاردىن ئەمەس، سۇنۇقنىڭ دەردىنى سۇنۇق بىلىدۇ دېگەنىدەك، سىز بىلەن ھەمدەرد بولۇشنى خالايمەن، ھەر ئىككىمىز بىر قېتىم نىكاھتىن ئاجراشقان، مەيلى روھىي جەھەتتە بولسۇن، مەيلى جىسمانىي جەھەتتە بولسۇن، بىزگە بىر خىل يۆلەنچە كېرەك، —... دەپ نۇرىماننى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. نۇرىمانمۇ قارشىلىق بىلدۈرمەي ئۆزىنى مەخمۇتجاننىڭ باغرىغا تاشلىدى. مەخمۇتجان تىترىگەن ھالدا نۇرىماننىڭ يۈزىدىكى ھەربىر ئەزانى لېۋى بىلەن بىر قۇردىن يوقلاپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇ لېۋىنى نۇرىماننىڭ لېۋىدە

www.uyghurkitap.com

توختاتتى. چۆلدەرگەن تۆت لەۋلەرنىڭ بىر-بىرىگە يېقىلىشى نۇرىماننى قايماقتەك ئېرىتىۋەتتى.

قايناق ھېسسىيات دېگەن مانا مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ قايناقچىلىقتا چۆمۈلگەندە، ھەتتا ھاياتىمۇ قايتا يېزىپ چىققىلى بولىدىكەن...

## 10

قەلبىنۇر نۇرىمان ئارقىلىق بىر مەكتەپتە ۋاقىتلىق دەرس بېرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ ھەر كۈنى ۋاقتىدا مەكتەپكە باراتتى-كېلەتتى. باشقىلار بىلەنمۇ ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەي كەم سۆز يۈرەتتى.

شۇ مەكتەپتە قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا ياش بىر مۇئەللىم بار ئىدى. بۇندىن ئون يىل ئىلگىرى، ئۇنىڭ ئايالى ۋە تېخى ئىككى ياشقا كىرگەن ئوغلى، بىر قېتىملىق تاسادىپىي قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ مۇئەللىمنى باشقا مۇئەللىملەر ئىدرىس مۇئەللىم دەپ چاقىراتتى، قەلبىنۇرمۇ ئىدرىس مۇئەللىم دەپ چاقىرىدىغان بولغانىدى. قانداقتۇر ئىدرىس مۇئەللىم ھەممە جەھەتلەردە قەلبىنۇرغا غەمخورلۇق قىلاتتى. خىزمەتتە يېتەرسىزلىك ياكى بىلەلمىگەن يەرلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولاتتى.

بىركۈنى، قەلبىنۇر دەرسكە كىرىشتىن بۇرۇن، قانداقتۇر قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرۈپ، كۆڭلى بىئارام ھالدا بىرنەرسىگە كۆز تىكىپ قاراپ ھاڭ بېقىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئىدرىس مۇئەللىم:

— نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ مىجەزىڭىز يوق بولسا دەرسىڭىزنى مەن ئۆتۈپ قوياي، — دەپ سورىغانىدى.

— ياق، ياق، ھېچنېمە بولمىدىم، — دەپ قەلبىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ دەرسكە كىرىپ كەتكەنىدى. باشقا مۇئەللىملەر نېمىدەپ قالغاندۇ؟ ئىدىرىس مۇئەللىمنىڭ باشقا بىر مۇددىئاسى بارمۇيە؟ — دەپ قەلبىنۇر ئۆز-ئۆزىدىن ئەيمىنىپ قالدى.

شۇ كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە، ئىدىرىس مۇئەللىم قەلبىنۇر بىلەن بىللە مەكتەپتىن يانغاچ:

— قەلبىنۇر، يېقىننىڭ ياقى روھىي ھالىتىڭىز بەكلا چۈشكۈن، بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولدىڭىزمۇ نېمە؟ — دەپ كۆڭۈل سورىغانىدى.

— ياق، ھېچ ئىش بولمىدى، رەھمەت سىزگە! — دەپ سىر بەرمىدى قەلبىنۇر.

شۇ كۈنى ئىدىرىس مۇئەللىم قەلبىنۇر بىلەن پاراڭلاشقاچ، ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ئەكىلىپ قويدى.

قەلبىنۇر ئۆيگە كىرگەندە غۇنچەم تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ تاماق ئېتەي دېگەنىدى، بىراق تاماق ئېتىشكە زادى قولى بارمىدى. ئۆزىنىڭمۇ ھېچقانداق بىرنەرسە يېگۈسى يوق ئىدى، سىرتقا چىقىپ غۇنچەمگە تاماق ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

قەلبىنۇر ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ تارتمىدىن پۇل ئالماقچى بولدى. بىراق تېخى تۈنۈگۈن ئەكەپ قويغان تۈنجى ئايلىق مۇئاشىدىن ئون يۈەنلا قالغانىدى. قەلبىنۇرنىڭ بېشى پىرقىراپ ئىمانى سەكسەن گەز ئۆرلەپ، كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. بۇرۇن ئۇ قول سۇنۇپ قادىردىن پۇل ئالاتتى، قادىر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مىننەت قىلىپ تەستە بېرىشتىن باشقا ئۇنى

ئاقارەتلەيتتى، تىللايتتى، ھەتتا ئۇراتتى. يېقىنىنىڭ ياقى ئۇ ئۆيگە ...ر تىپىن بېرىشتىن نېرى، قەلبىنۇرنىڭ ئادەتتە ئىقتىساد قىلىپ ...مغىپ قويغان بەش يۈز يۈەن پۇلىنىمۇ سوراپ ئېلىپ بولغانىدى. ...ەمدىلىكتە ئۆيگە خىراجەت قىلماقچى بولغان تۇنجى ئايلىق مۇئاشىنىمۇ ...ېلىپ كېتىپتۇ، بۇ زادى قانداق ئۆي؟ مەن زادى قانداق بىر ...ەخلۇقنىڭ خوتۇنى؟...

قادىرنىڭ دېيىشىچە، يېقىنىنىڭ ياقى قىلىدىغان ئوقەتنىڭ تايىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار بىلەن شېرىك قىلغان بىر قېتىملىق تىجارىتىدە ئۇن نەچچە مىڭ يۈەن زىيان تارتىپتۇمىش. ئەگەر ئۇز ۋاقتىدا بىر ئوبدان خىزمەتنى تاشلاپ تىجارەت قىلمىغان بولسا، بۇ ئىشلارمۇ يوق. ھازىرقىدەك تىجارەت ئۇچۇن، پۇل ئۇچۇن باش قاتۇرۇپ يۈرمەس ئىدى. مائاشقا تايىنىپ ئۆتۈۋاتقانلارمۇ جىق، بىز مۇشۇ خەقلەرگە ئوخشاش ئۆتەتتۇق. مۇناسىۋىتىمىزمۇ بەلكىم بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالماس ئىدى.

ئاھ، مەن نېمە ئۇچۇن شۇنچە شور پېشانە؟ بۇ دۇنيادا كەسپچان قۇدرەتلىك ئاياللاردىن بولۇشمۇ تەسكەن، ئادەتتىكى ئائىلە خوتۇنى بولۇشمۇ تەسكەن! ئاھ، خۇدا، بەندەڭنى نېمە ئانچە ئاجىز ياراتتىڭ؟ ئۇنىڭدىن ياراتمايلا قويساڭ بولماسمىدى؟!...

نەچچە يىلدىن بېرى، قەلبىنۇر قادىرنىڭ تىجارەت ئىشلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمىغانىدى، قادىرمۇ ئىچكى سىرىنى ئۇنىڭغا دېمەيتتى. قەلبىنۇرنىڭ پەرىزىچە، قادىر تىجارەت قىلغانىنىڭ ياقى كەم دېگەندە ئەللىك ـ ئاتمىش مىڭ يۈەندەك پۇل تاپقانىدى. ئۆي سېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ يېرىمىنى ئىشلىتىپ بولدى دېسىمۇ، يەنە يېرىم پۇلى بار. يەنە شۇنداق، تۇرۇقلۇق مېنىڭ ئىككى تەڭگە

ماﺋﺎشمنى ئېلىپ كەتسە قانداق بولغىنى؟ بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار. ھېلىقى ئارزۇگۈل دېگەن پاسكىنا بىلەن بىللە يۈرگىنى بىر-نەچچە قېتىم قولىمىزغا كىرىپ قالغاندى، بەلكىم شۇ پاسكىنىغا پۇل خەجلەپ يۈرگەن بولسا كېرەك، ياكى بولمىسا قىمارغا، زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە كىرىشىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۆتكەندە بىرنەچچە قېتىم ئۆيدە تۇيۇقسىز خېروييىننىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالغان، دەسلەپتە ئاق تاماكا دېسە چۈشەنمەپتىكەن، كېيىن ئۇقسا ئاق تاماكا دېگىنى خېروييىن ئىكەن.

سەن نېمە قىلساڭ قىل، بىراق مەندەك بىر ئاجىز بەندىنى مۇنچە خارلىقتا قويمىساڭ بولمامدۇ؟ ماڭىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى ئازراق بولسىمۇ كۆرسەتسەڭ بولمامدۇ؟ ئەگەر سەندىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولسام ناھايىتى ئاسان گەپ، لېكىن مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ۋىجدانىم چىدىمايدۇ!...

— ئاپا، قورسىقىم ئاچتى، تاماق ئەتمەمدۇق؟ — دەپ غۇنچەم تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

— تاماق ئېتىشكە ئېرىنچەكلىك قىلىۋاتىمەن، — دېدى قەلبىنۇر يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋېتىپ، — يۈر، سىرتتىن تاماق يەپ كىرەيلى!

ئۇلار ئۆيگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئاش-پۇزۇلغا كىردى. غۇنچەم گۈرۈچ تاماققا ئامراق بولغاچقا، ئۇنىڭغا بىر تەخسە پولۇ ئېلىپ بەردى، ئۆزىگە ئىككى تال پېتىر مانتا ئالدى. بىراق ئۇنىڭدا نەدىكى ئىشتەي بولسۇن، بىرتال مانتىمۇ گېلىدىن ئۆتمىدى ئۇ قادىرغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى غۇنچەمگە تۆكمەكچى بولدى، لېكىن غۇنچەم قانداقمۇ ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولالايدىغان،

سەللى بېرەلەيدىغان ئوبيېكتى بولسۇن؟ ئەگەر نۇرسىمان بىلەن
ربىيە يېنىدا بولغان بولسا ئىدى، ئۇلارغا ئىچ-باغرىمنى تۆكۈپ
رگەن بولسام، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار. قادىر
قىندىن بېرى خۇددى چۈجە باستۇرغان كۇرۇك توخۇدەك ئەنسىز،
لىخور بولۇپ قالدى. ھەتتا ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغان
شىگىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. بۇلارنى ئۇلار بىلمەيدۇ، ئۇلارغا دېيىش
رەكمۇ؟...

قەلبىنۇر ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن، غۇنچەمگە بۇرۇنقىدەك ياخشى
راپ كېتەلمىدى، ئۇ ياداپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك
لاتتى. ئۇ قىزىغا قاراپ:

— قىزىم، تاماقنى جىق-جىق يە، ياداپ كېتىپسەن! — دېدىيۇ،
ۆزىدىن تارام-تارام ياشلار ئىختىيارسىز ئېقىشقا باشلىدى.
نچەم ئاپىسىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭمۇ كۆزلىرى قىزىرىپ
لدى، ئۇ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ ئاپىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ
يدى.

ئانا-بالا ئىككىيلەن ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، سىرتتا سىم-سىم
مغۇر يېغىشقا باشلىغانىكەن. ھېلىقى ۋەھىمىلىك كېچە يەنە ئۇنىڭ
سىغا كېلىۋالدى. ئۇ خۇددى ھوشىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك
دەملىرىمۇ گالدا-گۇلدۇك ئىدى.

بۇ ئىپلاس ئىتتىن قۇتۇلماي ماڭا ئارام يوقكەن، ئۇنىڭ ماڭا
اجىتى چۈشكەندىلا يېنىمغا كېلىدۇ، شۇ چاغدىلا مېنىڭ مەۋجۇت
نىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، بۇنداق كىشىنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ ھېلىقى
ۋەھىمىلىك كېچىدىن كېيىن شۇنچە قەتئىي نىيەتكە كەلگەنتىم، يەنە
نېمە بولۇپ ئۆزگىرىپ قالدىم؟ قەلبىنۇر يەنە موشۇ خىياللار بىلەن

غۇنچەمنى يېتىلەپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىدى.

ئۆيدە قادىرنىڭ قولىدا كۆتۈرىدىغان كىچىك چامادىنى تۇراتتى. لېكىن ئۆزى يوق، شۇ كېچە ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنىدى.

ئەتىسى يېرىم كېچىدە قادىر غەرق مەست هالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. قەلبىنۇر ئالدىراپ ئۇخلاپ قالغانىدى. قادىر قىزارغان مەست كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، غالدا - غۇلدۇڭ دەسسەپ قەلبىنۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ قەلبىنۇرنىڭ يوتقىنىنىڭ تېشىغا چىقىپ قالغان ئاپئاق پاچىقىنى كۆردى. هېلى ئۇ بېرىنىڭ ئۆيىدە شەھۋانىي سىنالغۇ كۆرۈپ، كەيپ - ساپادا بولۇپ كۆپچۈپ كەتكەن قان تومۇرلىرى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنىدى. ئۇ كىيىمىنىمۇ تۇزۇك سېلىشقا ئۇلگۇرمەي، گويا بىر لالما ئىتقا ئوخشاشلا قەلبىنۇرنىڭ پاچاقلىرىنى سىلايتتى ھەم پۇرايتتى. ئۇنىڭ بىر قولى يەنە هېلىقى كېچىدىكىدەك قەلبىنۇرنىڭ كۆكسىگە بېرىپ توختىغانىدى.

قەلبىنۇر قادىر ئىسكەنىلىكىنى تۇيدى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى، لېكىن ئۇ بىچارە ئاجىز بەندىنىڭ قانچىلىك كۈچى بولسۇن؟ قادىر هېجىيىپ تۇرۇپ:

ــ مېنى هېچنېمىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ تۈنۈگۈن سېنى كىم ئۆيگە ئەكەپ قويدى؟ مەن سېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىڭ! ــ دەپ قەلبىنۇرنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى سېرىپ - سېرىپ سالدۇرۇۋەتتى. ئۇ ئەشەددىي يىرتقۇچ هايۋانلاردەك قەلبىنۇرنى ئاستىغا بېسىپ، ئاغزىنى ئەگلەپ كەلگەنىدى، ئاغزىدىن گۈپ - گۈپ هاراق پۇراپ تۇراتتى. قەلبىنۇر هەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدى، ئاخىر ماغدۇرىدىن كەتتى. ئۇنىڭ لىق قان ياش بىلەن تولغان بۇدىراڭغۇ نەزىرىدە قادىر خۇددى بىر ياۋا چوشقىدەك كۆرۈنەتتى.

www.uyghurkitap.com

ادىر تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا چىرايىنى مايماقشتىپ ھە دەپ كۆچمەكتە ىدى...

— نېمەڭگە قارشلىق كۆرستەتتىڭ؟ ئارزۇگۇلدەك پەيزىڭ بولغان لسا قانداق قىلاتتىڭكى تېخى! — قادىر ئاغزىغا كەلگەننى ۆيلۆيتتى.

قەلبىنۇرنىڭ قەلبى قان بىلەن تولدى، قادىر بارغانسېرى ەپسانىيلەشتى، گەرچە شۇنچە قىسقا ۋاقت بولسىمۇ، قەلبىنۇرغا ۇنچە ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ خۇددى بىرقاتتىق جىسمانىي جازاغا رتىلىۋاتقاندەك لېۋىنى چىشلەپ چىداپ تۇراتتى...

قادىر ئاخىر خۇددى پېيى تارتىشىپ قالغاندەك چىرايىنى رتىشتۇرۇپ، ئۆلۈك چوشقىغا ئوخشاش ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى.

قەلبىنۇر قانلىق يىغا ئىچىدە قارا تۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى لمەيتتى.

ئەتسى قادىر قانداقتۇر سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ەلبىنۇرنىڭ ئىشقا ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزارغان كۆزلىرىنى ىلدىرلىتىپ، ھېجىيىپ قەلبىنۇرنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— پۇلۇڭ بولسا مىڭ يۈەن بېرىپ تۇر، پۇللارنى ئوبوروت لالمايۋاتىمەن، — دېدى.

دۇنيادا مۇنداقمۇ بىنومۇس كىشى بارمىدۇ؟ قەلبىنۇر غەزەپ بىلەن:

— ھەي، نومۇسسىز! يېقىنىڭ ياقى ماڭا بىر تىيىن تۇتقۇزدىڭمۇ؟ ئاران تاپقان بىر ئايلىق مائاشىمنىمۇ ئېلىپ كېتىپسەن، مەندە نەدە پۇل؟ ساڭا پۇل ئۈچۈن نومۇسۇمنى ساتايمۇ؟ — دېدى. .

— بۇنداق شەپقەتسىزلىك قىلما، مېنى قاراپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ

ئالدىدا يەرگە قاراتما! ئەگەر نۇرىبىيگە دەپ ماڭا چاقىرىق قەغىزى ئالـدۇرۇپ بەرگەن بولـساڭ، بۇ چاغـقا تۇركـىيگە نەچچە قېتىم قاتناپ بۇ ھالەتكىمۇ چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم! نۇرىمان بولامـدۇ، نۇرىبىيە بولامدۇ، ئاغىنىلىرىڭدىن ئازىراق پۇل قەرز ئېلـىپ بەر! — دېدى قادىر.

— ھەي، ھـايۋان، قايـسى يـۈزۈڭ بىلەن ماڭـا بۇ گەپـلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ ئەگەر ماڭا سەن يىڭنىچىلىـك شەپقـەت كۆرسەتـكەن بولساڭ. ساڭا تۆگىچىـلىك شەپـقەت يانـدۇرغان بولاتتـىم. ئېـرى تۇر، ساڭا بېرىدىغان بىر تىيىنىم يوق! — دېدى قەلبىـنۇر نەپـرەت بىلەن.

— ھەي، خوتۇن ئۇن يىلـلىق ئەر ـ خـوتۇنـلۇق يۈزىـسىدىن بولسىمۇ ماڭا بىر ئامال قىلىپ بەرگىن. بۇندىن كېيىن نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي! دەپ قادىر قەلبىنۇرنى يەنە شىلاشقا باشلىدى.

— ئەمدى سېنىڭ بۇنداق يالغان گەپلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن. ساڭا بولغان قەلبىم زىمىستان قىشتىـكى مۇزدەك قېـتىـپ بولدى. ئەمدى ئاغزىڭنى ئۇپراتما، مەندىن ساڭا پۇل چىقمايدۇ، چىققان تەقدىردىمۇ ساڭا بېرەلمەيمەن! — دېدى قەلبىنۇر.

ئامال قىلالمىغان قادىر ئاخىر تەلۋىـلەرچە دېۋەيـلەپ كېـلىپ، چاڭ قىلـىپ قەلـبىـنۇرغا بىر كاچات سالـدى. قادىرنىڭ مۇنـداق ئەسەبىيلىشىپ كېتىشىدىن ئانچە تەييارلىقى يوق قەلبىنۇر كاچاتـنىڭ زەربىـسىدىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالغانـدى. كۆزلـىرىنى ئوت چاقناپ خېلىغىچە ئەس ـ ھوشىنى يىغالماي قالدى.

لېكىن بۇ قېتىم قەلبىنۇر كۆزىدىن ياش ئاققۇزمىدى، ئۇ غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن كۆزنى قادىرغا تىكىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

— ئالدىرىما، ئۇلۇغ قۇدرەتلىك ئاللاھ، جاجاڭنى بەرسە،
ئانۇن بىركۈنى جاجاڭنى بېرىدۇ، بۇ ئۆتنە-جاھان، مەندەك بىر
اجىز بەندىنى شۇنچە خارلىغىنىڭ ئۇچۇن كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار! —
پدى-دە قەلبىنۇر ئىشىكنى جاق يېپىپ قويۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپ.
— ها... ها... ها... سېنىڭ ئۇ ئىككى تەڭگەڭ مېنىڭ بىر
تىملىق ئاداش ئۇيىنىغىنىمغا ياكى بىر قېتىملىق ئاق تاماكامغا
تمەيدۇ... ها... ها... ها...، — قادىر تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ
ۋلۇپ كەتتى.
شۇ كۈنى قەلبىنۇر چۈشتە ئۆيىگە قايتمىغانىدى. تۈنۈگۈن بۇگۈن
نىڭ گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. ئاچلىقتىن، خورلۇقتىن ئۇنىڭ
شى قېيىپ، سائەت ئۇچلەرگىچە ئارانلا چىدىدى، بۇ ھالەتنى
زرگەن باشقا مۇئەللىملەر ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى.
دىرىس مۇئەللىم ئۇنى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۆينىڭ
لدىغىچە ئاپىرىپ قويدى.
قەلبىنۇر بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئارانلا ئۆيگە كىردى.
راق ئۇ گويا باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك ھاڭ-تاڭ بولدى،
زيدە بىر خىل ناتونۇش بولغان ئىس-تۈتەكلەر لەيلەپ تۇراتتى،
ارىۋاتتا بىر ئەر، بىر ئايال قېپيالىڭاچ ياتاتتى. ئۇلار دەل
ادىر بىلەن ئارزۇگۈل ئىدى. يۈڭ خورازدەك چاچلىرى چۇۋۇلغان
ارزۇگۈل قەلبىنۇرنى كۆرۈپ، — "ۋىيەي!" دەپ كۆزىنى ئېتىۋالدى.
ئارانلا تۇرغان قەلبىنۇر بۇ رەزىلچىلىكنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشنى،
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئاستا-ئاستا سىيرىلىپ يەردە يېتىپ
قالغانىدى....

## 11

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، نۇرىبىيە شەپقەتنى ئۇزىتىپ قويۇپ، كۆڭلى پەرىشان ھالدا ئايرودرومدىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ئۆيدە قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ناتونۇش كىشى ئولتۇراتتى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇچىسىدا چىرايلىق تىكىلگەن كۆك رەڭ كاستيۇم ـ بۇرۇلكا، بېشىدا ئورۇسنىڭ شلەپىسى بار ئىدى. ئۇ كىشى نۇرىبىيىنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەل ئىرغىنىپ سالام بەرگەندەك قىلدى. نۇرىبىيمۇ ئۇ كىشىگە كۈلۈمسىرەپ سالام قايتۇرغاندەك قىلىپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىراق كۆڭلىدە بۇ بەلكىم ئاتا ـ ئانامنىڭ ماڭا تونۇشتۇرغان كىشىسى بولسا كېرەك دەپ ھېس قىلدى.

بىرپەستىن كېيىن نۇرىبىيىنىڭ ئانىسى ئۇنى باشلاپ چىقتى.

ــ بۇ ياق "تەگرىتاغ" سودا شىركىتىنىڭ جىڭلىسى كېرەم ئەپەندى بولىدۇ، ــ دېدى نۇرىبىيىنىڭ ئانىسى ئۇ كىشىنى نۇرىبىيىگە تونۇشتۇرۇپ، ــ يېقىندا تاشكەنتكە بېرىپ كەلدى، كېرەمجاننىڭ تۈركىيە بىلەن سودا ئالاقە قىلىش ئارزۇسى بار ئىكەن، شۇڭا سېنى كۈتۈپ ئولتۇرغىلى ئىككى سائەت بولاي دېدى.

نۇرىبىيە ئۇ كىشىگە كۈلۈمسىرەپ "ياخشىمۇ سىز" دېگەندەك قىلىپ ئۇ كىشىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. ئۇ كىشىمۇ "قاچان كەلدىڭىز؟ قاچان قايتماقچى؟ ئاران كەلگەندە ئۇزاقراق تۇرۇڭ"... دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. نۇرىبىيمۇ ئۇ كىشىنىڭ بىر ئېغىز سۆزىگە بىر ئېغىرلا جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى.

ــ كېرەمجان ئەپەندىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىز بىلەن كونا تونۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۇل-ئۇلكىدە بار ئۇبدان خەقلەر، ئۆزىمۇ بىر شىركەتنى باشقۇرۇپ
ېتىۋاتقان قابىلىيەتلىك بىلىملىك كىشى، سىلەر پاراڭلىشىڭلار، مەن
ىقىپ تاماق ئېتەي! — دەپ نۇربىيىنىڭ ئاپىسى چىقىپ كەتتى.

ئۇ كىشى گەپ تاپالمىغاندەك، تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ
لتۇراتتى. تۈركىيە بىلەن سودا-ئالاقە قىلىش توغرىسىدىكى
پماقچى بولغان مەقسەتلىرىنى بىر ئېغىزمۇ دېمەيتتى. بىردەم بوينىغا
ىك چىگىلگەن گالستۇكىنى بوشىتىپ قوياتتى، بىردەم بېشىدىكى
لەپىسىنى ئېلىپ ئۆزىنى بىر-ئىككى يەلپۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ
لاڭشىپ قالغان چاچلىرىغا قاراپ نۇربىيە كۆڭلىدە، بەلكىم پۇل
چۈن تولا باش قاتۇرۇپ شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا كېرەك دەپ
لكىسى كېلەتتى.

قېنى ئۇنىڭ بىلىملىكى؟ قېنى ئۇنىڭ قابىلىيەتلىكلىكى؟ ئۇنىڭ بۇ
ۋىيىسگە قارىغاندا، ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندەك
ىدۇ. نۇربىيىدە باشقىلار سېزەلمىگۈدەك ھالدىكى بىر خىل ئۇستۇن-
ك مەغرۇرانە تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى: "ماگىستىرلىقنى ئوقۇپ
ۇپ، دوكتورلۇقنىمۇ ئوقۇشۇم مۇمكىن، لېكىن سەن كېرەمجانچۇ؟
لا پىتىڭ بولغان بىلەن قورسىقۇڭدا قانچىلىك ئۇماچ بارلىقى ماڭا
ن بولدى. بەلكىم ئىسلاھاتتىن پايدىلىنىپ، نامى ئۇلۇغ
پرىسى قۇرۇق ئۆزۈڭلەر قۇرۇۋالغان شىركەتنى باشقۇرۇۋاتساڭ
رەك. سەندە بايلىق بولغان بىلەن، مەدەنىيەتكە، بىلىمگە نامرات-
ن! بۇلارنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ سەن پەلسەپە، تارىخ، سىياسىي
تىساد دېگەنلەرنى چۈشىنەمسەن؟ ياق، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن،
نىمۇ چۈشەنمەيسەن، يۈز يىلدىن كېيىنمۇ چۈشەنمەيسەن!...
-گەر سەندەكلەرنى تاپماقچى بولغان بولسام، تۈركىيىدە سەندەك

بايدىن ئۇننى سويىدىغان بايلار بار...“
پاكىز كىيىنگەن، ئەدەب ـ قائىدە بىلەن ئولتۇرغان بۇ كىشى نۇربىيىنى قىلچىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالمىغانىدى.
”سەندىن شەپقەت مىڭ ياخشى، ئۇ كەم دىگەندە پەلسەپە، تارىخ، سىياسەت دىگەنلەرنى ئوبدان بىلىدۇ. مىللىتى ئۇچۇن باش قاتۇرالايدۇ، سەندەكلەرچۇ؟ پۇلنى كۆرگەندە ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز مىللىتىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يالتايمايسىلەر!...
بەلكىم بۇ كىشى ئۇنداقلاردىن ئەمەستۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانامنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇ كىشى بىلەن بىر يەرگە كېلىپ قالسام، ئۇ ماڭا قانچىلىك بەخت ـ سائادەت يەتكۈزەلەر؟ ئۇ بەلكىم مېنى هازىرقى بەزى يېڭىدىن بېيىغان كىشىلەرنىڭ خوتۇنلىرىغا ئوخشاش، هەممە يېرىگە جاڭگال ـ جۇڭگۇل قىلىپ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىۋالدىغان، ئۇستىگە ياراشسا ـ ياراشمىسا قىممەت باهالىق كىيىملەرنى ئارتىۋېلىپ، داستىخاننىڭ تۆرىدىن چۈشمەيدىغان، بۈگۈن بىرنەرسە مودا بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە يارىشىش ياراشماسلىق بىلەنمۇ ياكى كېرەك بولۇش ـ كېرەك بولماسلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي، ئەتىسى شۇ نەرسىدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ چامادانغا چىڭ سولىۋالىدىغان خوتۇنلاردەك ياساپ قويۇشى مۇمكىن، بىراق مەن...“
نۇربىيە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇ كىشىنى بەكلا ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ تىجارەت بىلەن ئانچە خوشى يوقلۇقىنى، تولاراق بىلىم ئېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، هايات ۋە جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشنى هەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، ئوقۇشىنىڭ يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن توگەيدىغانلىقىنى، هازىرچە بۇ ئىشلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدا ئويلانمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇ كىشىگە ئوچۇق جاۋاب بېرىۋەتمىدى.

مېھمان كەتكەندىن كېيىن، نۇربىيىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چىرايلىرى ئۆڭگەن ھالدا، كۆڭلى يېرىم ھالدا خېلى ئۇزاقلارغىچە گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇلار نەچچە قېتىم گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ ئاغزىنى مىدىرلىتاي دەپ يەنە توختاپ قالدى.

كەچتە، نۇربىيە يېتىپ قالاي دەپ تۇرغاندا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ ياتقان ئۆيىگە كىردى. نۇربىيە ئانىسىنىڭ ئاغرىقىسىمان تېنىگە، غەمكىن كۆزلىرىگە قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولدى. دادىسى بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولغاندەك جىم ئولتۇراتتى. نۇربىيە ئۇلارنىڭ چوقۇم بىر نەرسە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۆينى بىر خىل ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىياتى قاپلاپ تۇراتتى.

— قىزىم، — دادىسى ئاخىر گەپنى باشلىدى، نۇربىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىنىڭ تەمكىن ھەم مېھرىبان چىرايىغا قارىدى، — يەنە ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدىڭمۇ؟ — دېدى.

نۇربىيە بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ھەئە، ئوقۇشۇمنى يېرىمىدا تاشلىۋەتسەم بولماس! — دېدى.

— مەيلى قىزىم، — نۇربىيىنىڭ دادىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك ئۇھ ـ تارتىپ، — ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرغىن! — دېدى. دادىسىنىڭ بۇ گېپى نۇربىيىنى ھەيران قالدۇردى. بىراق ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدە ياشلار ئەگىپ تۇراتتى.

— دادا...

— نېمە دېمەكچى بولغۇنىڭنى بىلىمىز قىزىم، — دادىسى نۇربىيىنىڭ گېپىنى توسۇپ، — سېنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز، بىراق بىز ھازىر قېرىپ قالدۇق. بىزنىڭچە بولسا بالدۇرراق سېنى ياتلىق قىلىپ بېشىڭنى ئۇگشاپ قەرزىمىزنى ئادا قىلغان بولساق ياخشى بولاتتى. شۇڭا كېرەمجاننى ساڭا تونۇشتۇرغان، بىراق نىكاھ ئىشىنى زورلىغىلى بولمايدۇ، بىزمۇ بۇنى چۈشەنگەن يەردە. ئەگەر كېرەمجان كۆڭلۈڭگە ياقمىغان بولسا مەيلى، كۆنلەرنىڭ بىرىدە كۆڭلۈڭگە ياققان كىشىدىن بىرنى تاپارسەن. ئەمدى كەتسەڭ سەن قايتىپ كەلگۈچە بىزدە بۇ جان بارمۇ- يوق، خۇدايىم ئۆزى بىلىدۇ. ئەمدى بىز سېنى ئۇلۇغ ئاللاھقا تاپشۇردۇق بالام! — دېدى.

نۇربىيىنىڭ ئانىسى ئاخىر ئۆزىنى باسالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ تاشلىدى، نۇربىيەمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلاپ يىغلاپ كەتتى، دادىسىمۇ قول ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— دادا، ئاپا، كۆڭلۈڭلەرنى يېرىم قىلماڭلار، ئوقۇشۇمنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپلا توي قىلىپ سىلەرنى رازى قىلىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا ئوقۇشۇم پۈتەي دېگەندە سىلەرنى تۈركىيىگە ئاپىرىپ شۇ يەردىن ھەجگە ئاپىرىپ كېلىمەن، — دېدى نۇربىيە ئاتا- ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— ئىنشائاللاھ، ئىنشائاللاھ! شۇ كۆڭلۈڭگە رەھمەت بالام! دېدى دادىسى.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئۆينىڭ ئىچى ئاجايىپ جىمىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپ
www.uyghurkitap.com

كەتكەندى، ھەتتا يەرگە چۈشكەن بىر تال يىڭنىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. نۇربىيە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، ئۇزاقلارغىچە دېرىزىدىن سىرتتىكى قارا تۈنگە قاراپ ياتاتتى. خىلمۇخىل خىياللار دېڭىزىدە ئۈزەتتى:

ئاھ، شەپقەت بىلەن بىللە بولغان مەڭگۈ ئۇنتۇلماس يامغۇرلۇق كېچە، بۇ ئىش بەلكىم ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ ساقلىنىپ قالىدۇ، بۇ ئىشقا ئۇ مەڭگۈ پۇشايمان قىلمايدۇ. ئاۋادا شەپقەت بىلەن مەڭگۈلۈك بىرلەشكەن بولسا، ئۇ چوقۇم ئۆزىنى باخشى كۆرگەن بولاتتى. بۈگۈنكى ئايرىلىش شەپقەتكە ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. ئۇ شەپقەتنىڭ ھېلىقى كېچىدىكى ھەيرانلىق، بىئارام ۋە چوڭقۇر مەيۈسلەنگەن چىرايىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. بۈگۈن ئايرودرومدىكى ھىجران بىلەن ياشلانغان كۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايتتى. شەپقەت ئۇنى بۈگۈن چوڭقۇر ئەپسۇسلانغان ھېسسىيات بىلەن قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى. تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ يىرىك كۆرۈتلىرى مەڭزىگە شېرىن سانجىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شەپقەتنىڭ ئاجىز قولىنى تۇتۇپ:

— شەپقەت، ئاق يول بولسۇن، پات ئارىدا تۈركىيىدە كۆرۈشىمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىل كەلگەندە مەن سىزنى خەنزۇ تېۋىپلىرىغا كۆرسىتىپ، بۇ قولىڭىزغا قۇرۇق يىڭنە سالدۇرۇپ باقاي، شىپالىق بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

— تەشەككۈر، تەشەككۈر! — شەپقەت پەقەت مۇشۇ گەپنىلا قىلالىغانىدى. ئۇ ياشلانغان كۆزلىرىنى نۇربىيەدىن قاچۇرۇپ، ئىتتىك مېڭىپ كىرىپ كەتكەنىدى. نۇربىيىنىڭمۇ كۆزلىرى قىزارغان ھالدا، شەپقەتنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرغانىدى.

نۇربىيە سول تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى. شەپقەتنىڭ قارىسى ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئاستا-ئاستا يوقىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بەزى ئىشلار كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى:

— يۇرتىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ ياخشىلانغىلى تۇرۇپتۇ، كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە روھىي ھالىتىدىنلا تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ بىر بالداق يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بازارلارمۇ بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. بىراق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي چىقىم قىلىش سەۋىيىسى بىلەن مال باھاسىنى سېلىشتۇرغاندا، مال باھاسى سەل يۇقىرى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغان مال، ناچار ماللار كۆپە-يىپ خېرىدارلارنىڭ مەنپەئەتىگە بىۋاستە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلار مەۋجۇت ئىكەن. پەن-تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى كۈچى دېگەن ئۇقۇم ھەممە كىشىنىڭ ئېڭىغا سىڭگىلى باشلاپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئىلىم-پەنگە بولغان ئىنتىلىشى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. لېكىن بۇ يۈكسىلىشلەرنىڭ كەينىدە، قىمار ئويناش، زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، پاھىشىۋازلىق قىلىشقا ئوخشاش قالاق ئىللەتلەرمۇ ئاستا-ئاستا باش كۆتۈرۈپ، مىللىتىمىزنىڭ روناق تېپىشىغا زور دەرىجىدە ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. بولۇپمۇ زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىش بۇ ئەھۋال ناھايىتى زور ئەھۋال ئىكەن. مانا ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا تونۇپ، قەتئىي يوقىتىش لازىم ئىكەن... بۇندىن باشقا، ئەل-ئاغىنە، تونۇشلىرى، ھەتتا بەزى ئۆزىدىن كىچىك تونۇشلىرىمۇ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ، ئىككى-ئۈچ ھەتتا تۆت-بەشتىن بالىسى بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرگەنلا كىشى تېخىچە توي قىلمىغانلىقىنى ئۇقۇپ ھەيران قالغان ھالدا

ئۆزدى بىر "غەلىتە مەخلۇق" قاراۋاتقاندەك قىلاتتى، ھەتتا بەزىلەر-
نىڭ"قېرى قىزنى كىممۇ ئالىدۇ" دېگەن پىچىرلاشلىرىمۇ ئۇنىڭ
قۇلىقىغا كىرىپ قالغانىدى. مانا بۇ چۈشىنىكسىز قاراشلار، پىچىرلاشلار
ئۇنى ھەممىدىن ئەپسۇسلاندۇرغانىدى، لېكىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ
قەلبىنى چۈشىنىپ، بۇ جەھەتتە ئانچە ئەيىبلەپ كەتمىگەنلىكى ئۇنىڭغا
تەسەللى بولاتتى.

نۇربىيىنىڭ ئاستا-ئاستا ئۇيقۇسى كېلەي دېگەنىدى، بىراق
قەلبىنۇرنىڭ ياشتىن قورۇمىغان كۆزلىرى، نۇرىمانىنىڭ بەكلا ئېھتىيات-
سىز چىرايى ئۇنى ئۇيقۇدىن ئۆزىگە تارتاتتى...

## 12

ئەتىسى تاڭ سەھەر، تاشقىرىقى ئۆيدىن تاراق-تۇرۇق ئاۋازلار
ئاڭلانغاندەك قىلدى. نۇربىيە چالا ئۇيقۇدا بەلكىم دادام بامدات
نامازغا تۇرغان بولسا كېرەك دەپ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بىر-
دەمدىن كېيىن، ئۆزى ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى جىددىي چېكىلگەن ئاۋاز
ئاڭلاندى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچقانىدى. ئىشىك
ئالدىدا نۇرىمان تۇراتتى نۇرىمانىنىڭ چىرايى ناھايىتى سولغۇن،
جىددىي ھەم ئالاقزادە كەيپىياتتا ئىدى.

— قەلبىنۇر ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ ئۇيقۇ دورىسى يەۋاپتۇ! — دېدى
نۇرىمان.

— نېمە؟! — دېدى نۇربىيىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا جىغىلداپ،
گويا قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، — ئۆلۈۋالماقچى بولۇپتۇما!

— ئەنسىرىمە، ئۇنى جىددىي قۇتقۇزۇۋالدۇق، — دېدى نۇرىمان

پەرىشان ھالدا.
قەلبىنۇر ھازىر نەدە؟
— دوختۇرخانىدا.
— چاتاق يوقتۇ؟
— ئانچە چوڭ چاتاق يوق، — دەپ نۇرىمان بولغان ۋەقەنى نۇربىيىگە سۆزلەپ بەردى.
ئاخشام نۇرىمان دوختۇرخانىدا كېچىلىك دېجورنە قىلىۋاتاتتى. سائەت ئون ئىككى بولاي دېگەندە تېلېفون تۇيۇقسىز جىرىڭشىغىلى تۇردى. ئۇ بەلكىم مەخمۇتجاندىن كەلگەن تېلېفون بولۇشى مۇمكىن دەپ تېلېفوننى ئالغانتى. تېلېفوندا غۇنچەمنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلانغانىدى. غۇنچەم تېلېفوندا يىغلاپ تۇرۇپ:
— ئابايام دادام بىلەن ئاپام قاتتىق ئۇرۇشۇپ، ئاپام ئۆزىنى ئىچكىرىكى ئۆيگە سولىۋېلىپ ئۇزاققىچە ئاچمايۋاتىدۇ، ئىشىكنى شۇنچە چىلىڭ ئۇرسامۇ ئاچمىدى، قورقۇپ كېتىپ قوشنىلارنى چاقىرىپ ئىشىكنى ئۇرساقمۇ يەنە ئاچمايۋاتىدۇ، تېزرەك كەلگەن بولسىڭىز. دېگەنىدى. نۇرىمان دەرھال ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. قەلبىنۇر يەنىلا ئىشىكنى ئاچماي تۇرغانىكەن. قانچىلىك ۋاقىت بولدى دەپ سورىغاندا، بىر سائەتتىن ئاشتى دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئۇلار ئاخىر ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرگەنىدى. قەلبىنۇر ھوشىنى بىلمەي كارىۋاتتا ياتاتتى، يېنىدا بىردانە ئۇيقۇ دورىسىنىڭ قۇرۇق قۇتىسى تۇراتتى. ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن ئاققان قاننىڭ ئىزى تۇراتتى. بىچارە غۇنچەم يىغلاپ-تىپىچەكلەپ ھە دەپ ئاپىسىغا ئېسىلىپ يىغلايتتى.
— ئاپاڭ ئۇخلاپ قاپتۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ، قورقما: — دەپ نۇرىمان غۇنچەمنى بەزلەپ، ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى. نۇرىمان كېلىشىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمۋالنىڭ جىددىيلىكىنى سېزىپ، دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار قەلبىنۇرنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئەكەلدى. ھەممە قۇتقۇزۇشنى نۇرىمان ئۆزى يىغلاپ تۇرۇپ ئېلىپ بارغانىدى....

نۇرىمان ئۇزاق بىر تىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئاخشامقى جىددىيچىلىكنى، پاراكەندىچىلىكنى دېمەمسەن! بىلىمۇ قۇتقۇزۇش جىددىي ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇنىڭ ھاياتى ساق قالدى. ھېلىمۇ غۇنچەمنىڭ ئەقلىگە كېلىپ ماڭا تېلېفون بەرگىنى، بېنىڭ شۇ يەردە بولۇپ قالغىنىم...

نۇربىيە بۇلارنى ئاڭلاپ:

— تووۋا، تووۋا! — دەپ ياقىسىنى سىقىپ ئۇزاقلارغىچە جايىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

— كېيىن غۇنچەمدىن سورىسام، دادام ئاپامنى بەكلا قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، كەينىدىن كارى بولماي بىزنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاپام ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى دېيدۇ. ھازىر قەلبىنۇر ھوشىغا كېلىپ ئۇخلاپ قالدى، بىچارە غۇنچەم بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى نۇرىمان.

— ھەي ئەخمەق دوستۇم، قادىر بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەڭلا بولمامتى؟ ئاشۇنداق بىر پەسكەشكە ھاياتىڭنى قۇربان قىلىش ئەرزىمدۇ؟ — دېدى نۇربىيە.

ئۇلار ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن دوختۇرخانىغا كەلگەنىدى.

قەلبىنۇر ئاپئاق كىرلىكنىڭ ئىچىدە جىمجىت ياتاتتى. ئۇ بىر كېچىدىلا گويا ئەزرائىلنىڭ قېشىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ كەلگەندەك بىراقلا ياداپ، كۆزلىرى ئىشىپ، يۈزى تاتىرىپ قان دىدارى

قالـىغانـدى. يۈزـدە بەش بارماقـنىڭ ئىزى ئېـنىق كۆرۈنـۈپ تۇراتـتى، جاۋغىيـدىن ئېقـىپ چۈشـكەن قانـنىڭ ئىزىمۇ بىلـىنىپ تۇراتـتى. لېـكـىن هازىر ئۇنىڭ بۇ جاۋغىيـدا بىر خىل قەيسەرلىك ئىرادە پەيدا بولغانىدى.

قەلبىنۇر نۇرىـمان بىلەن نۇربىيـىنى كۆرۈپ، كۆزـىگە لىق ياش ئالغانىدى. ئۇ پەقەتلا مىيىقىدا ئاچچىققىنا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدىيۇ، گەپ ـ سۆز قىلمىدى. غۇنـچەم بېشـىنى ئاپىسـىنىڭ باغـرىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى.

ئەتىسى كەچتە، نۇرىمان نۇربىيە بىلەن بىللە قەلبىنۇرنى ئۆزىنىڭ ئۆيىـگە ياندۇرۇپ ئەكەلـدى. نۇرىمان بىر ئېغىز ئۆينى ئانا ـ بالا ئىككـيـلەنـگە تەيـيارلاپ، قەلـبىـنـۇرنى كارىـۋاتـقا ياتـقۇزۇپ قويدى.

قەلبىنۇر، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلـما، مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئوخشاش. هەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ ئازابلاردىن قۇتۇ-لسەن، ئوبدان ئارام ئالغىن، هېچنېمىنى ئويلـىما! ـــ دەپ نۇرىمان بىلەن نۇربىيە قەلبىنۇرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئىشىكنى يېنىـك يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. قەلبىنۇر بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ ئۆيدە قالدى.

قەلبىنۇرنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن؟

ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى گويا شۇم چۈشتەك ئۇنى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ قولى بىلەن قادىر ئۇرۇپ قانتىۋەتكەن جاۋغىيىنى سىلاپ، قەلبىدە دەرد ـ ئەلەم، غەزەپ ـ نەپرەت ئوتلىرى خۇددى ۋاللداپ كۆيۈۋات-قان يالقۇندەك ياندى. "مەن نېمە ئانچە ئاجىز؟ نېمە ئانچە بىچارە؟ نېمە ئانـچە هاماقەت؟ نېـمە ئۈچۈن بالـدۇرراق قەتـئىي نـىيەتكە كەلمىدىم؟ قادىر دېگەن ئىنسان قەلبىدىن چىققان هايۋان، بىنومۇس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

...ەزىل ئەبلەخ تۇرسا، شۇ مەخلۇق ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىمنى ...الاك قىلسام ئەرزىمدۇ؟ ئەمەلىيەتتە پايدا ئۇنىڭغا بولامدۇ؟...“

قەلبىنۇر ئۇ يان ئۆرۈلۈپ، بۇ يان ئۆرۈلۈپ زادى ئۇيقۇسى كەل-...ىدى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتتىكى ئېگىز-ئېگىز بىنالارنىڭ دېرىزىلىرىگە ...ارايتتى. ئۇ دېرىزىلەرنىڭ بەزىلىرىدە چىراغ يېنىپ تۇراتتى، ...ەزىلىرى قاپقاراڭغۇ ئىدى. شۇ چىراغ يېنىپ تۇرغان ئائىلىدىكىلەر ...ەختلىك كىشىلەرمىدۇ؟ بەلكىم شۇ ئۆيدىكى ئەر-خوتۇنلار ھازىر ...ۆرۈشۈۋاتقان بولسا كېرەك. بەلكىم بەزىلىرىنىڭ باشلىرى بىر تەكىدە ...لىمۇ، بىراق ئايرىم-ئايرىم شېرىن خىياللاردا بولسا كېرەك. ...ۇنيا مانا مۇشۇنداق دۇنيا ئىكەن. قەلبىنۇر مانا بۇلارنى ئويلاپ ...ېيىقىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇ مانا شۇ ...چچىق كۈلكە ئىچىدە قەلبىنىڭ بىردىنلا گويا پولاتتەك قاتتىق، ...ۆرەنمەس قەيسەرلىككە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئورنىدىن ...ەس تۇرۇپ تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتى.

— ئەگەر قادىر مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، ئۇ ئەبلەخنى ...ىگە كىرگۈزمەي قوغلىۋېتىڭلار! — دەپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ ...ەتكەندى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىكنى يېنىك چەككەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ...ۇرىمان بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە دېگەندەكلا قادىر ...ەجىيىپ تۇراتتى. نۇرىمان غەزەپ بىلەن ئىشىكنى جاق قىلىپ ...تىۋالاي دېگەندى، بىراق يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ھە، بۇ يەرگە نېمە ھاجىتىڭىز چۈشۈپ قالدى؟ — دەپ ...ورىدى تەنە ئارىلاش.

— بىزنىڭ بالىلار مۇشۇ يەردىمكىن دەپ كېلىۋېدىم! — دېدى

قادىر مۇلايىملىق بىلەن.

— ھە، بالىلىرىڭىزمۇ ئېسىڭىزغا كېلىدىكەن-دە، كىشىلەر بىرەر مۇشۇكى يوقىلىپ كەتسىمۇ ۋاقتىدا ئىزدەيدۇ، نەچچە كۈندىن بېرى نەگە بارغان؟ مېڭىڭ، مېڭىڭ! بۇ يەردە بالىلىرىڭىز يوق، ئۇلار ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولدى! — دېدى-دە، نۇرىمان ئىشىكنى جاققىدە يېپىۋالدى.

نۇربىيە قادىر ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئىمانى سەكسەن گەز ئۆرلىدى. ئۇ نۇرىماننىڭ توسۇۋېلىشىغا قارىماي، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچقاندى، قادىر يەنىلا گۆشۈرۈپ ئىشىك تۈۋىدە تۇراتتى.

— ھەي، ۋىجداننى ئىتقا تاشلاپ بەرگەن نومۇسسىز، سەن ئىنسان بالىسىمۇ؟ سەندە ۋىجدان، نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ؟ باشقا جالاپلار ئۈچۈن خوتۇنۇڭنىڭ جېنىغا زامىن بولغىلى تاس قالدىڭ، يەنە بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ماڭ، نەگە بارساڭ بار، بۇ يەردە بالىلىرىڭ يوق! — دەپ نۇربىيە غەزىپىگە چىدىماي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى، ئۇ بۇنداق چاغلاردا ھەرگىز بوش كەلمەيتتى.

ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمىغان قادىر:

— نېمە ۋەقە بولدى؟ نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ جايىدا تۇرۇپ قالغاندى.

— نېمە ۋەقە بولغىنىنى ۋىجدانىڭدىن سوراپ كەل! ئىككىنچى بۇ يەرگە پۇت تىقما! دەپ نۇربىيە جاق قىلىپ ئىشىكنى ئېتىۋالدى.

— ئەگەر ئەر كىشى بولۇپ قالغان بولسام، بۇ ئەبلەخنىڭ پاچىقىنى چېقىۋېتەتتىم! — دەپ نۇربىيە خېلى ئۇزاقلارغىچە ئاچچىقىنى باسالماي جايىدا تۇرۇپ قالغاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بولدى ئاداش، بولدى، ئۇ بەچچىغەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى
...راتما، — دەپ نۇربىمان نۇربىيەگە تەسەللى بېرەتتى.
— بۇ بىزنىڭ شەخسىي ئىشىمىز، سىلەرنىڭ ئارىلىشىدىغان نېمە
...ۇقۇڭلار بار؟ دەپ ۋارقىراپ، قادىر ئىشىكنى ئۇزاقلارغىچە
...ەپ كېتىپ قالغانىدى.

## 13

...شۇ كېچىسى نۇربىيە نۇربىماننىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانىدى.
...ئۇلار بىر كارىۋاتتا يېتىپ، خېلى ئۇزاقلارغىچە ئۇيقۇسى
...مىگەنىدى. بىرۋاقىتتا نۇربىمان قانداقتۇر:
— مېنىڭ ئەھۋالىمۇ قەلبىنۇرغا ئوخشاش! — دېدى.
— نېمە... نېمە؟! سېنىڭ ئەھۋالىڭمۇ قەلبىنۇرنىڭكىگە ئوخشاش!؟
...بىيە نۇربىماننىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي ئېسەڭگىرەپ قالدى.
— مەن ھازىرغىچە ئىككىلىنىپ قەتئىي نىيەتكە كېلەلمەيۋاتقان-
...م قەلبىنۇرغا ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى نۇربىمان.
— ۋا...يەي، سەنمۇ ئۆزۈڭنى - ئۆزۈڭ بىئارام قىلىدىكەنسەن،
...مۇ تىجانىنى قادىرغا سېلىشتۇرغىلى بولامتى؟! — دېدى نۇربىيە.
— ئۇنى بىلمەن، — نۇربىمان گويا بىرنەرسە ئۇنىڭ چوڭقۇر
...ىراتلىرىنى قوزغىۋەتكەندەك، — ئەگەر توي قىلمىسا ئايال
...مۇ ئۆمۈر بويى ئۆتۈپ كېتەلەيدىكەن، نۇرغۇنلىغان بويتاق
...چان ئاياللار ۋە قېرى قىزلارمۇ يۈرمەمدۇ؟ بۇنداق دېسەم
...ا تېگىپ كەتمىسۇن يەنە! سەنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا، بىراق،
...لارنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى كۆپ بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ

قەلبىنى كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ. توي قىلىش، ئاجرىشىش، شۇندىن كېيىن ئەركىشىلەرگە ئۆچ بولۇپ قېلىش ياكى قەتئىي قايتا توي قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىش، ناۋادا بىرەر ياراملىق ئەر كىشىگە ئۇچراپ قالسىمۇ، ئۇ يان ئۆيلاپ-بۇ يان ئويلاپ بىر يەرگە كېلەل-مەسلىك، ھەي، ئايال كىشى ھەقىقەتەن ئاجىز بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى دەل كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىدا، ئاقىۋەتتە ئۆزى زىيان تارتىدىكەن...، — دېدى.

— قانداق؟ — نۇربىيە بۇلارنى ئاڭلاپ كۈلۈپ شاڭخو قىلغان-دەك، — يەنە ماڭغا ئوخشاش بويتاق يۈرگەن ياخشىمىكەن؟ ھەممە ئىشتا ئەركىن-ئازادە، يېنىدا تارتىپ تۇرىدىغان يىپ يوق. توي قىلغانمۇ شۇنچىلىكلا ئىشكەنغۇ! بۇ پەقەت كارىۋاتتىكى ئىشلارنى قانۇنلاشتۇرغانلىقتىنلا ئىبارەت ئىكەن. بىراق ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر كارىۋاتتا يېتىپ تۇرۇپ، ئەمما ئىككىسىلا ئايرىم چۈشلەرنى چۈشەپ، ئۆمۈر بويى بىر-بىرىنى چۈشىنەلمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان-لارمۇ جىق، بۇ ئەھۋال پاجىئەلىك ئەھۋال. ئۇنداق ئۆي تۇتقاندىن تۇتمىغان ياخشى، مانا بۇنداقلار بىزگە يەتمەيدۇ، مەن شەپقەتكە ھەقىقىي ھېسداشلىق قىلىمەن، بىر-بىرىمىزنى ئوبدان چۈشىنىمىز، مېنىڭچە ناۋادا تېنىمنى ئۇنىڭغا بېرىپ سىناپ كۆرسەممۇ ھېچقىسى يوق، — دېدى نۇربىيە.

نۇربىيە ئۆزىنى ئۆزى ئاقلىغاندەك، ئەمەلىيەتتە بولغان ئىشنى ناۋادا دەپ سۆزلىگەنىدى. ئەسلى ئۇ ئىشنى نۇرىمانغا دېمەكچى ئىدى، بىراق نۇرىماننىڭ ئۆزىنى بىمەنە، بولمىغۇر ياكى ھايات بىلەن ئويۇنشىما دەپ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ ئىش بىلەن ئەسكى دەپمۇ چۈشەنمەيتتى. بىراق ئۇ شۇنى ئىقرار قىلىدىكى،

www.uyghurkitap.com

ئل تەجرىبىنىڭ ئۆزى چوڭقۇر ئۇنتۇلماس بولىدىكەن، كېلەچەك-
ى يۈرمەكچى ياكى توي قىلماقچى بولىدىغان كىشىگە قارىتا بىر
ل قورقۇنچلۇق تۇيغۇ يەيدا قىلىپ قويىدىكەن...

— نۇربىيە، بۇنداق ئۆتتۇۋەرسەڭمۇ بولمايدۇ، زادى نېمىلەرنى
ىلاۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى نۇرىمان.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن! — دەپ جاۋاب بەردى نۇربىيە ئامالسىز
قاندەك كەيپىياتتا پەس ئاۋاز بىلەن.

— غايىدىكىدەك مۇھەببەت دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس!

— مەنمۇ غايىدىكىدەك مۇھەببەتنى ئىزدەپ يۈرگىنىم يوق،
راق مەن ھەممە ئەر-خوتۇنلارنىڭ مانا شۇنداق ئۇرۇشۇپ
ىدىغانلىقىنى ئويلىسام قورقىمەن. تۈگۈن مۇشۇ يەردە، بۇنى
ەلمەيۋاتىمەن. ئەمەلىيەتتە تەلىپىممۇ يۇقىرى ئەمەس، ماڭا
ئاش ئاز-تولا بىلىمى بار، مېنى ياخشى كۆرسە، مەن بىلەن
ڭكۈ ئۇرۇشمىسا، ھەممە ئىشقا توغرى كۆز قاراشتا بولسىلا
لدى. ساڭا ئوخشاش مەخمۇتجاندەك بىرەرسىگە ئۇچراپ قالغان
لسام ئاللىقاچان ماقۇل دېگەن بولاتتىم، — دېدى نۇربىيە.

— ئىنسانلار ئۈچۈن زادى بىر ئىللىق ئىناق ماكان بولمىسا
لمايدۇ. ھازىر سەن خەتەرلىك ھالەتتە كېتىۋاتىسەن، ساڭا
ىلىممۇ كېرەك، ماكانمۇ كېرەك. مەڭگۈ قېرى قىز بولۇپ ئۆيدە
لتۇرۇپ قالما يەنە، سەن ماڭا ئوخشىمايسەن، — دېدى نۇرىمان
بىيىگە ھەققىي كۆڭۈل بۆلۈپ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، مەن نەدىن مەخمۇتجانغا ئوخشاش
ر نىيەتلىك سەممىي ئادەمنى تاپىمەن؟ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىمنى
ەن بىلسەن، ھازىر مەن تۈركىيىدە، تولۇق شارائىتىممۇ يوق.

كۈنده يېتىۋاتقان كارىۋىتىمنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەمدىمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن بۇ ئىشلارنى سوراۋەردىڭ، چوقۇم بۇنىڭدا بىر گەپ بار دەپ ئويلىغانتىم، دەل شۇنداق بولۇپ چىقتى. چوقۇم سەن ئاكتىپ ئورۇندا تۇرۇپ شۇنداق قىلدىڭغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— ھەئە، — نۇربىيىنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى، — ئۇنىڭ مېيىپلىكىگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى، تۈركىيىدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ماڭا كۆپ ياردەمدە بولغان، ئۇمۇ مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆردى، ماڭا بولغان ئۈمىدىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك، شۇڭا ئۇنى ئارماندا قويماي دەپ شۇنداق قىلغانتىم. بىراق بۇ ئىشقا پۇشايمانىممۇ يوق، ئارمانىممۇ يوق، — دېدى.

— ئىككىنچى مۇنداق ئىشلارنى قىلما، — نۇرىمان نۇربىيىنى ئەيىبلەپ، — بەربىر بىركۈنى بۇ ئىشلارنى بېشىڭدىن كەچۈرىسەن، ناۋادا...

— خاتىرجەم بول، ناۋادا توي قىلىشىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ تۇنجى قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم بولىدۇ، — نۇربىيە ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا، — بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ مەيلى-ئىختىيارىم بىلەن بولغان، بۇ ئىش بىلەن ئۆزۈمنى بۇزۇق دەپ ھېسابلىمايمەن، ھەممە ئىشنى قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن پاك ھېسابلايدىغان كىشىلەردىن مىڭ ياخشى، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق قانداقلا باھانە-سەۋەب تاپقىنىڭ بىلەن تويدىن بۇرۇن بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى ئانچە ياخشى ئەمەس دەپ بىلىمەن، — دېدى نۇرىمان.

— بولدى، بولدى. بۇ گەپلەرنى قوي، ئەمدى ئۆزۈڭ ياۋاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىقچە ئىقرار قىلىپ باقە، — نۇربىيە نۇرىمانغا ھۇجۇم باشلاپ، — سەن بىر قېتىم توي قىلغان، مەخمۇتجانمۇ بىر ئەركەك بولغاندىكىن يېنىڭدا شۇك ياتمىغاندۇ؟ — دېدى.

نۇربىيىنىڭ ھۇجۇمى نۇرىمانىنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. راستلا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ئىش بولغىنى يوق، — دېدى نۇرىمان.

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۇمۇ بىر ھېسسىياتلىق ئەركەك، ئۇ بەربىر بىر ئۆيگە كىرىمىزغۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغاندا، مەن يەنىلا ئۇنىمىدىم، — دېدى نۇرىمان.

— ئۇنداق قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— مېنىڭ سەندەك ئازاد ئىدىيەم يوق، — نۇرىمان سەل ئويلانغاندىن كېيىن، — ئەگەر مەن ماقۇل دەپ قويسامىلا، قەلبىمنىڭ قايتا ئويلىنىشىغا ئىمكانىيىتى قالمايدۇ...، — دېدى.

... يامغۇر توختىغاندەك قىلدى. تۈن تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. بۇ ئىككى دوست مانا شۇنداق خېلى ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئاخىر ئۇخلاپ قالغانىدى.

## 14

جارائەتنىڭ ساقىيىشىغا ۋاقىت كېرەك، ئاجىزلارمۇ ئېچىنىشلىق پاكىت ئالدىدىلا ئاندىن قەيسەر بولالايدۇ.

قەلبىنۇر نۇرىمانىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىلى يېرىم ئاي بولغانىدى. ئۇ قادىرنىڭ ئۆزىنى سەۋدايىلارچە خارلىغان ئەمەلىيەتلىرىنى بىردىنبىر

شىكايەت قىلماقچى.

— نېمە ئۈچۈن دورا يەيسەن؟ — دەپ سورىغانىدى نۇرىمان بىلەن نۇربىيە قەلبىنۇرنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئەيىبلەپ.

— زادىلا بۇ خورلۇققا چىدىماي، — دېدى قەلبىنۇر كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ، — ئۇ مېنى ئازراقمۇ خوتۇن قاتارىدا كۆرمەيدۇ، مېنىڭ بىر ئىنسان بولۇشلۇق ئىززەت - ئابرۇيۇم، قەدىر - قىممىتىم يوقمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، راستتىنلا ئۇنىڭغا ئۆلۈپ بېرىپ، ئۇنى خوتۇنىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن دېگەن گۇناھ ئىچىدە مەڭگۈ ۋىجدان ئازابىدا قىيناپ ئۆلتۈرەي دەپ ئويلىغانتىم، — دېدى.

— بىراق مۇنداق مۆلچەر قىلىشىڭ خاتا، — دېدى نۇرىمان.

— ئۆزۈڭ ئەخمەق، ئۇنىڭدا ۋىجدان دېگەن نەرسە يوق تۇرسا، قانداقمۇ ۋىجدان ئازابىنى تارتسۇن؟ ئاڭلىساق ئۇ ھېلىقى ئارزۇگۈل دېگەن بۇزۇق بىلەن بىر ئۆيگە كىرىۋاپتۇمىش، — دېدى نۇربىيە.

— ھەئە، راستلا ئەخمەقلىق قىلىپتىمەن، — قەلبىنۇر پۇشايمان قىلغاندەك، — ئەگەر ئۆلگەن بولسام غۇنچەم يېتىم بولۇپ قالار ئىكەن، پايدا قادىرغا بولار ئىكەندۇق، — دېدى.

...قەلبىنۇرنىڭ قەتئىي نىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇلارنىڭ ئاجرىشىش ئىشى ئاساسەن بىر تەرەپ بولغانىدى.

تۈنۈگۈن ئۇلار ئوتتۇرا سوتتىن ئاجرىشىش قەغىزىگە قول قويۇپ چىققاندا، ئارزۇگۈل دېگەن بۇزۇق خىجىل بولماي كوچىنىڭ ئاۋۇ تەرىپىدە تۇرۇپ قادىرنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ سەل - پەل دومبىيىپ چىققان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ ئىغاڭلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، قەلبىنۇر ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە تولۇق يەتكەنىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا شارت قىلىپ بىرنى تۇكۈرۈپ قويۇپ دېگەنىدى، بىراق پەس بىلەن تەڭ بولغۇچە، دەپ نىيىتىدىن يانغانىدى.

قادىر ھېچقانداق ئىپادىسىز ھالدا قەلبىنۇرنىڭ يىراقلاشقان قارىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالغانىدى.

...ئون يىللىق نىكاھ مانا شۇنداق سۆرەشلەر ئىچىدە ئاخىر ئاياغلاشقانىدى. مۇنداق بولۇشىنىڭ ھەممىسى قەلبىنۇرنىڭ مىجەزىنىڭ ياۋاشلىقىدىن، ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تازا جىددىيلەشكەن مەزگىللەردىمۇ، قەلبىنۇر قانچە قېتىملاپ ھەممە ئىشتا قادىرغا يول قويۇپ كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا قادىرغا يەنىلا خام خىياللاردا بولغان، غۇنچەمنىڭ تولۇق ئاتا ـ ئانا مېھرىدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەيتتى. گەرچە كېلەچەكتىكى كۈنلەردىن شۇنچە قورققان بولسىمۇ، مانا بۇ سەۋەبلەردىن بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرەپ، ئاخىر جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە بىراق ھالاك بولۇشىنىڭ گىرۋىكىگە يېتىپ قالغانىدى. بۇنى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟

ئەمدى قادىردىن بىراق قۇتۇلۇپ، قەلبىنۇر ئۆزىنى ھېچقاچان سېزىپ باقمىغان راھەت ھەم يېنىك ھېس قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قادىرنىڭ تىللىشىدىن، ھاقارەتلىشىدىن، ئۇرۇشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلالمايدۇ.

ئون يىلدىن بېرى، قادىرنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى نېمە بىلەن تولدۇرۇش كېرەك؟ بىراق ئۇنى ھېچقانداق نەرسە تولدۇرالمايتتى...

قادىرنىمۇ بىر كۈنى خۇدا ئۇرىدۇ، تۇرمۇشىنىڭ رېئاللىقى ئۇنى

جازالايدۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ تۈۋا قىلىدۇ...

. . . . . . . . . . . .

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، قەلبىنۇر قىزىل تاغ ئېتىكىدىكى بىر تۈپ مەجنۇنتالنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى: "نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتۇرىمەن؟" دەپ قەلبىنۇر ئۆزىگە سوئال قويدى.

تۇيۇقسىز ئۇنىڭدا ئەر كىشىنىڭ يايغان تورىغا چۈشۈپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ دەرھال بۇ يەردىن كېتىپ قالماقچى بولدى: "ھېسداشلىق قىلىش ۋە تەسەللى بېرىشمۇ بىر خىل قورقۇنچلۇق ئىشكەن، مېنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقىم دەل ئەر كىشىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ۋە يىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىمدىن ئىبارەت. ئەينى ۋاقىتتا قادىرمۇ ئاشۇنداق ئالدىمدا يىلىنىپ تۇرۇۋالغان ئەمەسمىدى؟، دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر. ئىدرىس مۇئەللىم كىشىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغان ياۋاش سەمىمىي ئادەمكەن، بىراق ئۇ ھازىرقى ھالىتىمدىن پايدىلىنىپ، قەلبىمدىن بىرەر ئورۇن ئېلىۋالماقچىمۇ؟ ئۇ ئۇزاق يىللاردىن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئىنسانلارنىڭ روھىي ئىنژېنېرى دەپ تەقدىرلىنىپ كېلىۋاتقان مۇئەللىم ئىكەن، شۇنداق بىر كىشى رەزىللىك قىلماس؟! ئۇ ئەنە شۇنداق ھالدا قولىدىكى قول ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى يىمىرىپ گاھىدا چىشى بىلەن چىشلەپ ئولتۇراتتى، يەنە ئازراق ساقلاپ باقاي، ئۇنىڭغا ماقۇل دېگەن ئىكەنمەن ۋەدەمدە تۇرۇشۇم كېرەك، ئۇنى كۆرمەيلا كېتىپ قالسام سەت تۇرار..."

يىراقتىن بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، لېكىن ئۇ كىشى باشقا بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ھە دەپ سائىتىگە قارايتتى.

يەنە باشقا بىر ئەر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ھە دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى ئۇ ياق ـ بۇ ياققا يۈگۈرۈتەتتى، ئۇ دەل ئىدرىس مۇئەللىم ئىدى. قەلبىنۇر سەل جىددىيلەشكەن ھالدا قول ياغلىقىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. ئىدرىس مۇئەللىم تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ قەلبىنۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— كېچىكىپ قالدىم، رەنجىمەڭ! — دېدى ئۇ ئەپۇ سوراپ.

— مەنمۇ تېخى ھازىرلا كەلگەنتىم! — دېدى قەلبىنۇر.

— ھە، قەلبىنۇر، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ — ئىدرىس مۇئەللىم پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى، — يەنىلا نۇرىمانىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتامسىز؟

— ھەئە، ھازىرچە يەنىلا شۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن، باشقا جايدىن بىر ئېغىز ئۆي ئىزدەپ باقايمۇ دېگەنتىم.

— بۇ ئىشنى مۇنداق قىلايلى، ئەگەر سىز داۋاملىق ئۇ يەردە تۇرۇشنى بىئەپ كۆرسىڭىز، مەكتەپنىڭ ئىچىدە بوش ئۆيلەر بار، مەن مۇدىرغا ئېيتىپ بىرەر ئېغىز ئۆي ھەل قىلىپ بېرەي.

— ئۇنداق بولسىغۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دېدى قەلبىنۇر چىن كۆڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتىپ، — رەھمەت سىزگە!

ئىدرىس مۇئەللىم بۈگۈن ئادەتتىكىدىن تېخىمۇ مۇلايىم، تېخىمۇ سىپايىلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ سەل ـ پەل جىددىيلەشكەن ھەم غەمكىن چىرايىدىن كۆڭلىدە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. قەلبىنۇر بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشىنەتتى. بىراق ئۇنىڭ تېخىچە قان تېمىپ تۇرغان قەلبى بۇلارنى قوبۇل قىلالامدۇ؟ گەرچە ۋاقىت تېخىمۇ ئۇزاقراق ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، قەلبىنۇرنىڭ بۇ ئىشلارنى ئويلىشى تەس ئىدى.

ئۇلار خېلىغىچە جىم ئولتۇردى. بىرپەستىن كېيىن ئىدرىس

مۇئەللىم ئېغىز ئېچىپ قەلبىنۇرنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى:
— قەلبىنۇر بۇندىن كېيىنكى يېڭى ئويلىرىڭىز بارمۇ؟
قەلبىنۇر سەل - پەل كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى.
— قەلبىنۇر، — ئىدرىس مۇئەللىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى، — ئەھۋالىڭىزغا ھېسداشلىق قىلىمەن، مېنىڭچە سىز تېخى ياش، بۇنداق ئۆتۈپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، غۇنچەممۇ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولىدۇ. ھايات دېگەن يەنىلا گۈزەل، ئالدىڭىزدىكى گۈزەل ھاياتلا قەلبىڭىزدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىپ كېتىدۇ...، — دېدى.
قەلبىنۇر ئىدرىس مۇئەللىمنىڭ بۇنداق سەمىمىي، ساپدىل، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق ھالدا بۇنداق دېيىشىنى ئانچە ئويلاپ كەتمىگەنتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەنلىتىپ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك كۆزىدىن ياشلار ئېقىشقا باشلىغانتى.
بۇندىن ئون يىل ئىلگىرى، قادىرمۇ مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ پېشىغا چىڭ ئېسىلۋالغاندى ئەمەسمۇ؟ قەلبىنۇر دەرھال ياغلىقى بىلەن يۈزىدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋەتتى.
ئىدرىس مۇئەللىم قولىنى ئاستا قەلبىنۇرنىڭ دەرەخ پوستىلىرىنى كوچىلاۋاتقان قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:
— بىللە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا خېلى ئۇزاق بولدى، سىزگە بولغان چۈشەنچەممۇ ئاز ئەمەس...، — دېدى.
بىرپەس ئىدىيىۋى كۈرەشلەر ئارقىسىدا، قەلبىنۇر قولىنى قايتۇرۇۋېلىپ:
— لېكىن مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن ئانچە خەۋىرىم يوق، — دېدى.

ئىدىرىس سۈنئەللەم ھەيرانلىق بىلەن قەلبىنۇرغا قاراپ قالغانىدى. كۆز ئالدىدا تۇرغان قەلبىنۇرنىڭ چىرايى گەرچە يادىڭ ھەم سولغۇن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل قەيسەرلىك ۋە تەمكىنلىكنى سەزگەنىدى.

## 15

نۇربىيە ئۇرۇمچىدىكى دەم ئېلىشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، تۇركىيىدىكى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۇركىيىگە قايتماقچى بولدى.

نۇرىمان، قەلبىنۇر، غۇنچەم ۋە نۇربىيىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنى ئايرودرومغا ئەچىقىپ قىزغىن ئۇزىتىپ قويىدى. بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر كەلدى. بولۇپمۇ ئانىسىنىڭ نۇربىيىگە ئېسىلىپ يىغلىغانلىقى ھەممەيلەننى يىغلىتىۋەتتى، ھەممەيلەن كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ نۇربىيە بىلەن بىر-بىرلەپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي بىر دانە كۈمۈش رەڭلىك ئايروپىلان ھەيۋەت بىلەن كۆككە كۆتۈرۈلدى. نۇربىيە ئەنە شۇ ئايروپىلاندا ئۇزاق سەپىرىنى باشلىغانىدى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چىدىغۇسىز ھىجران ئازابىدا قالدى ۋە زېرىكەرلىك ھېس قىلدى. تۇركىيىدىن كەلگىچە يېنىدا شەپقەت بار ئىدى، ھازىر يېنىدا ساپلا ناتونۇش ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن ئالغان كىتابلىرىدىن بىرىنى چىقىرىپ كۆرمەكچى بولدى. بىراق كىتابتىكى خەتلەر زادىلا ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمىدى. بۇ كىتاب-لارنىڭ ھېچقايسىسى قەلبىدىكى بىئاراملىق ۋە زېرىكەرلىكلەرنى چىقى-رالمايتتى. ھېچقايسىسى قەلبىدىكى تۈگۈنلەرنى يېشەلمەيتتى.

"ئۆمۈر بويى كىتاب ئوقۇپلا ئۆتۈپ كېتەمدىمەن؟ زادى قانداقراق

بىرەرسىنى تېپىشىم كېرەك؟ نىكاھ شۇنچە مۇھىم، شۇنچە قەدىرلىك نەرسىمۇ؟ ھەممە كىشى بېشىدىن كەچۈرمىسە بولمايدىغان تۈزۈممۇ؟...»

ئۇ مانا بۇلارنى ئويلانغاندا قەلبى خۇددى بىر لابدۇر خوتۇنىنىڭ چىگىش چاچلىرىغا ئوخشاش چىگىشلىنىپ كېتەتتى. ئۇ قايتا-قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى.

«ئايال كىشى بولماق نېمىدېگەن تەس-ھە؟!...»

ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي شەپقەت بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى سەل سۆيۈنگەندەك بولدى. شەپقەت بۇ قېتىم قانداقراق پوزىتسىيىدە بولار؟ ئۇ تېخىچىلا پەرىشانلىق ئىچىدىمىدۇ؟ ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچە ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمىدۇ؟...

ئايروپىلان مارا-مارا دېڭىز قولتۇقىنى بويلاپ، ئاستا-ئاستا ياۋروپا بىلەن ئاسىيىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان كۆپكۆك دېڭىز سۇلىرى بىلەن قورشالغان گۈزەل قەدىمى شەھەر — ئىستانبۇلغا قوندى.

نۇربىيە بۇ قېتىم ھېچكىمگە ئالدىن خەۋەر قىلمىغانىدى، شۇڭا ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كۈتۈۋالغىلى چىقمىغانىدى، ئۇ يېگانە ھالدا ئايرودرومدىن چىقتى. ئۇنىڭ قەلبىنى بىر خىل يالغۇزلۇق ھەم بىئاراملىق قاپلىۋالغانىدى. ئۇ كىرا ئاپتوموبىلدىن بىرنى چاقىرىپ مەكتەپكە قايتماقچى بولدى. ئىستانبۇلنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ئۇنى تۇنجى قېتىم كەلگەندىكىدەك جەلپ قىلمىغانىدى. سان-ساناقسىز كىچىك ماشىنىلار كوچىلاردا خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈشمەكتە ئىدى. ئادەم ماڭىدىغان يوللاردا كىشىلەر جىم-جىم مېڭىشاتتى. ئاشۇ كىشىلەر نەلەرگە ماڭغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆي-ئوچقى بارمىدۇ؟ ھەممىسى بەختلىكمىدۇ؟...

بۇ يەردە يەنە كەم دېگەندە ئىككى يىل تۇرىمەن، چوقۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىرىشىپ ئوقۇپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىم كېرەك. شۇ ئەلا نەتىجىلەر ئارقىلىق ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قىلىشىم كېرەك،... مەكتەپكە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ئىككى يىللىق ئوقۇغۇچىلىق دەۋرى ۋە بۇ قېتىم يۇرتىدىكى دەم ئېلىشى خۇددى چۈشتەك بىلىنەتتى...

كىرا ئاپتوموبىلى مەكتەپنىڭ ئالدىدا شاپپىدە توختىدى. مەكتەپ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا سان-ساناقسىز كۆك كەپتەر ئەركىن-ئازادە ئۇچۇپ-قونۇپ ئويناپ يۈرەتتى، ھېچكىممۇ ئۇلارغا چېقىلمايتتى، ئەكسىچە كىشىلەر يېنىدىن پۇل چىقىرىپ دان ساتقۇچى مومايدىن دان سېتىۋېلىپ ئۇلارغا دان تاشلاپ بېرەتتى. مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە سۇلتان ئەخمەت جامەسى ھەجەبمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى، ئېگىز-ئېگىز پەشتاقلىرى كۆككە تاقىشىپ تۇراتتى، ئۇلاردىن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ساۋاقداشلىرى قەلبىنۇرنى ئاددىيلا كۈتۈۋالدى. بەزىلىرى ئۇنىڭ چامادانلىرىنى كۆتۈرۈشەتتى، بەزىلىرى ئۇنى قۇچاقلاپ، "تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپسەنغۇ" دەپ ماختاپ قوياتتى. بىراق ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئانچە خۇشاللىق يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەپقەت كۆرۈنمەيتتى، ئۇ سەل ئەپسۇسلانغاندەك بولدى، بىراق ئەيمىنىپ ھېچكىمدىن شەپقەتنى سورىيالمىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، نۇربىيە ئۆزى بىلەن ياخشى ئۆتىشىدىغان ساۋاقدىشى گۈلەمبەرنى چاقىرىپ قارا دېڭىز بويىغا باردى. بىپايان كەتكەن قارا دېڭىز گويا ھېرىپ قالغان كىشىدەك جىمجىت ۋە تىنىق تۇراتتى. ئاق ئارىلاش كۆل رەڭ چالغۇچىلار دېڭىز يۈزىدە پەس-

پەس شوڭغوپ ئوچماقتا ئىدى. يىراقلاردا ھەر خىل چوڭ-كىچىك پاراخوتلار رەڭگارەڭ بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ بىر ياقلارغا كېتىۋاتاتتى. بوگۈن قانداقتۇر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، دېڭىز يۈزىنى سۇس تۇمانلار قاپلاپ تۇراتتى. ئۇزاق-ئۇزاق چېلىنغان پاراخوت سىگنالىلىرى ئۇزاقلارغىچە تۇمان ئىچىدە ئەكس سادا ئېتىپ تۇراتتى...

نۇربىيە تۇيۇقسىز گۈلەمبەردىن شەپقەتنى سورىدى.

گۈلەمبەر نۇربىيىنىڭ بوگۈن پوققۇم بۇنى سورايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ قىزارغان كۆزلىرىنى نۇربىيىدىن قاچۇرۇپ خېلى ئۇزاقلارغىچە يىراقلارغا كۆز تىكىپ تۇردى. بۇنى سەزگەن نۇربىيە گويا بىر خىل شۇملۇق ئالامىتىنى سەزگەندەك بولدى.

— ھە، شەپقەت زادى نېمە بولدى؟ — دەپ نۇربىيە قايتىلاپ سورىدى.

— شەپقەت جۇڭگودىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — دېدى گۈلەمبەر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ تۇرۇپ بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى، — روھىي ھالىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، گويا بىرنەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغان كىشىدەك ئەس-ھوشى جايىدا ئەمەس. كۈندە كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ بىر ياقلارغا كېتىپ قالىدۇ. كۆپ قېتىملار باشقىلار ئۇنى مۇشۇ دېڭىز بويىدا كۆرۈپتۇ، نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىمگە دېمەيدۇ. بىركۈنى كەچتە، ئۇ يېرىم كېچىگىچە ياتاققا يېنىپ كەلمەپتۇ، ياتاقداشلىرى ئىزدەپ چىقسا، ئۇ ياتاقنىڭ كەينىدىكى گۈللۈكتە غەرق مەست ياتقان ئىكەن. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن دەرستىن چۈشۈپ، ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ نەگىدۇر بىر ياققا بارماقچى بولۇپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ

قازا بولدى، ـــ دەپ گۈلەمبەر ياغلىقى بىلەن كۆزىنى سۈرتتى.

ـــ نېمە؟ ـــ نۇربىيە بۇ گەپكە ئىشەنمىگەندەك، ـــ قاچان شۇنداق بولدى؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بىر ھەپتە بولدى: ـــ دېدى گۈلەمبەر ھەسرەتلىك ھالدا.

نۇربىيىنىڭ قەلبى بىردىنلا قارا دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندەك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، گۈلەمبەرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ بىرنەرسە دېگۈسى بار، بىراق دېيەلمەيتتى...

بىردىنلا ھىلىقى ياغۇرلۇق كېچە ئېسىگە كەلدى. ئەگەر شۇ كېچە شەپقەتنى ئاشۇنداق ئارماندا قويمىغان بولسام بەلكىم بۇنداق ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولاتتىمىكىن؟...

ھەي، بىچارە شەپقەت، نېمە ئانچە ئالدىراپ كېتىپ قالدىڭ؟ يات ئارىدا مۇشۇ يەردە قايتا كۆرۈشمەكچى بولغان ئەمەسمىدۇق؟ كېلەر يىل يۇرتقا بېرىپ قولۇڭنى داۋالاتماقچى بولغان ئەمەسمۇ؟ مېنى كۈتۈپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟ ياخشى ئادەملەرنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولامدۇ؟ ئۇلۇغ ئاللا، ئاشۇنداق دىلى سۇنۇق ئاجىز بەندەڭگە قۇدرىتىڭ يەتتىمۇ؟...

ـــ كېيىن شەپقەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرسا، ئۇرۇمچىدە سەن بىلەن بىللە چۈشكەن بىرنەچچە رەسىمى چىقىپتۇ، ـــ دېدى گۈلەمبەر.

نۇربىيە ئاخىر ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ يۈزىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. دېڭىز شامىلى ئۇنىڭ بۇدىرە چاچلىرىنى، كۆڭلەكلىرىنى لەپىلدىتەتتى...

ئۇ قولىدىكى ئاچچىق ياشلىرى بىلەن ھۆل بولغان ئاق ياغلىقنى ئاستا ئاچچىق دېڭىز سۈيىگە چۆرىدى، ئاق ياغلىق گويا بىر دانە

ئاق يەلكەندەك دېڭىز يۈزىدە لەيلەپ، ئاستا ـ ئاستا دېڭىز سۈيىگە چۆمۈلۈپ يوقالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىمۇ ئاشۇ ئاق ياغلىق بىلەن بىللە قارا دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا چۆمۈلۈپ كەتتى...

## 16

تۈمەن دەرياسى شاۋقۇنلاپ تىنىمسىز ئېقىۋاتاتتى، دەريا بويى ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى.

بۇ نۇرىمانىنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئىدى. ئۇ مەخمۇتجان بىلەن ئىككىسى دەريا بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا جىمجىت ئولتۇراتتى. مەخمۇتجاننىڭ ئىككى قىزى دەريا بويىدا سۇ ئويناپ يۈرەتتى.

تۈنۈگۈن ئاخشام، تۈنۈگۈن ئاخشام... ئۇلار يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشقانىدى، ئاندىن كېيىن... نۇرىمان بۇلارنى ئويلاپ يۈزى ۋىللىدە قىزارغاندەك بولدى.

تۈنۈگۈن ئاخشام كېچىلىك تاماقتىن كېيىن، ئىككى قىز كىنو كۆرىمىز دەپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار دىۋاندا ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەنتى.

— نۇرىمان، — مەخمۇتجان تەقەززالىق بىلەن، — بۇ قېتىم ئېنىق جاۋابقا توختىلىپ كەلگەنسىز؟ — دېدى.

— بۇ قېتىم، — نۇرىمان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — بۇ قېتىم بۇ يەرگە يەرلىك كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوندىن ئۇيۇشتۇرغان داۋالاش ئۆمىكى بىلەن ئالتە ئايلىق كەلدىم، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەجەب ئوبدان بوپتىغۇ! — مەخمۇتجان خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھاياجىنىنى باسالماي، — دېمەك بۇ قېتىم ھەممە ئىشلارنى بىراقلا تۈگەتكىلى كەپسىز-دە! — دېدى.

نۇرىمان بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى. مەخمۇتجان خۇشاللىقىدىن نۇرىماننى خۇددى كىنولاردىكىدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ بىرنەچچىنى پىرقىرىتىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق ئۇ نۇرىماندىن خىجىل بولغانمۇ، ئۆزىنى يەنىلا تۇتۇۋالدى.

— ناۋادا ئىككىمىز بىر ئۆيگە كىرىپ قالساق، — دېدى نۇرىمان سەلدىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز قەشقەر-ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈشكە چىدىيالامسىز؟ — دېدى.

— چىدىمايدىغان نېمىسى بار؟ سىزلا چىدىسىڭىز بولدى، — مەخمۇتجان قىلچە ئىككىلەنمەي، — مېنىڭچە سىز بىر يىلنىڭ ئىچىدە ئونبىر ئاي ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ بىر ئاي قەشقەردە تۇرامەسىز؟ — دېدى.

نۇرىمان مەخمۇتجاننىڭ گېپىگە كۈلۈپ:

مېنىڭچە ئەر-ئايال ھەر زامان بىر يەردە بولمىسا ياخشىكەن! — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟

— داۋاملىق بىرگە بولسا ئاسانلا بىر-بىرىدىن زېرىكىپ قالىدۇ، بىر-بىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار. باشقا-باشقا جايدا ئايرىم تۇرسا ئائىلىدىكى ھەر خىل ئۇششاق-چۈششەك سۈركىلىشلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە يېڭى-يېڭى ھېس-تۇيغۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدۇ. بىر-بىرىگە بولغان قەدىر-قىممىتى ئاشىدۇ، — دېدى

نۇرىمان.

— بۇنداق دېيىشىڭىزنىڭمۇ داۋلىسى بار ھەمدە بۇ پىكرىڭىزگىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن، — دېدى مەخمۇتجان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — بىراق بارا- بارا بۇ خىل ئويىڭىزنىڭ ئۆزگىرىپ قىلىشىغىمۇ ئىشىنىمەن!

ئۇن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، قىزلارمۇ قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ بولغانىدى.

مەخمۇتجان نۇرىماننىڭ گويا ئىلاھەتەك ئولتۇرغان گۈزەل يان سۈرىتىگە قاراپ، ھاياجىنىنى باسالماي يۈرىكى دۈپىلدىگەندەك بولدى. نۇرىماننىڭ ئېگىز كۆكسى تىنىقى بىلەن بىر ئۆرلەپ- بىر چۆكەتتى. مەخمۇتجان ئاستا نۇرىماننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— نۇرىمان... مەخمۇتجاننىڭ ئاۋازى تىترىگەندەك قىلاتتى.

نۇرىمان بېشىنى تېخىمۇ ساڭگىلىتىپ، قولىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، بىراق مەخمۇتجاننىڭ گىرەدەك چىڭ سىقىقان قولىدىن قولىنى بوشىتالمىدى، مەخمۇتجاننىڭ يەنە بىر قولى ئۇنىڭ بېلىگە كەلگەنىدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، قىزلار تېخى ئۇخلىمىدى! — دېدى نۇرىمان نازلانغاندەك.

— ئاللىقاچان ئۇخلاپ بولدى! — دېدى مەخمۇتجان.

مەخمۇتجاننىڭ ئۇزاقتىن بېرى چۆلدەرەپ ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىككى كالپۇكى يۈرەكلىك ھالدا نۇرىماننىڭ يۈزىدە ئىزدىنىپ، ئاخىر ئىككى ئوبيېكتىنى تاپقانىدى. مەخمۇتجاننىڭ چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆيۈشلىرىدىن نۇرىمان تىنالماي قالغانىدى. شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەسنادا قانداقتۇر نۇربىماننىڭ كۆز ياشلىرى قەلبىنىڭ تىترىشى بىلەن بىللە ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. نۇربىمان شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ مەخمۇتجاننى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. بولمىسا مەخمۇتجاننىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتى. مەخمۇتجاننىڭ بۇرۇنقى سەۋرىلىك كۈتۈشلىرىگە بولغان ھېسداشلىقلىرى شۇ ئەسنادا بىردىنلا يات جىنسقا بولغان مۇھەببەت ئىنتىلىشلىرىگە، پۈتۈن بەدىنىگە ئاستا - ئاستا تارىلىشقا باشلىدى.

تۈن شۇنچە جىمجىت ئىدى. بىراق چىڭ قۇچاقلاشقان ئىككى گەۋدىدىكى يۈرەكلەرنىڭ دۈپۈلدىشى شۇنچە كەسكىن ئىدى. بۇ ئۇزاقتىن بېرى چۆلدەرەپ كەتكەن ئوتتۇرا ياش قەلبلەر گويا چۆللەردىكى پىژغىرىم ئاپتاپتەك كۆيۈشكە باشلىغانىدى.

ئوتتۇرا ياش ئەر - ئاياللارنىڭ ھېسسىياتى قوزغالمىسۇن، قوزغىلىپ كەتكەندە ياشلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپ ئۇنى توختىتىۋالمىقى تەس...

. . . . . . . . . . .

— نۇربىمان، — دېدى مەخمۇتجان نۇربىماننىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىغا قاراپ، — نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز؟ ئاخشامقى ئىشلارنىمۇ؟

— ئەسكى، ئەسكى! — دەپ نۇربىماننىڭ يۈزى بىردىنلا ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى.

— بەربىر توي قىلىش ئالدىدىغۇ بىز...، — دېدى مەخمۇتجان.

بۇ چاغدا ئىككى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۇلارنى دەريا بويىدا بىر پارچە رەسىم تارتىپ قويۇشىنى سورىغانىدى. مەخمۇتجان خۇشال ھالدا ئاپپاراتنى ئېلىپ ئۇلارنى سۈرەتكە تارتماقچى بولدى. مەخمۇتجان نۇربىماننىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى

كۆرۈپ، ئۇنىمۇ بىللە چۇشۇشكە ئۈندىگەنىدەك قىلدى. نۇرىمان خۇشال كېلىپ ئىككى قىزنى ئىككى تەرىپىگە ئېلىپ تۇردى.
مەخمۇتجان ئاپپاراتنى قايتا قولىغا ئالغاندا:
— سىزمۇ كېلىڭ، ئاۋۇ كىشى بىزنى تارتىپ قويسۇن، — دېدى نۇرىمان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچىنى كۆرسىتىپ. ئۇ يولۇچى كېلىپ ئۇلارنى قوشۇپ بىللە تارتىپ قويدى.
يېڭى بىر ئائىلە مانا شۇنداق ئاددىي ھەم ئالاھىدىلىكسىزلا قۇرۇلۇش ئالدىدا. نۇرىمان بىلەن مەخمۇتجان مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ چىنلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنەتتى، ئۇلار ئىككىسىلا بۇرۇن مانا شۇنداق چىن مۇھەببەتنى ئىزدەش ئۈچۈن قانچىلىغان قۇربانلارنى بەرگەن-ھە؟!
ھازىر مانا بۇ چىن مۇھەببەت ئاخىر ئۇتتۇرا ياشقا كەلگەندە يېتىپ كەلدى. يەنە نېمە ئارمان؟...

## 17

يەكشەنبە كۈنى. قەلبىنۇر قانداقتۇر غۇنچەمنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلىپ، ھېلىقى قان يىغلاپ ئۆتكۈزگەن ۋەھىمىلىك قارىياغاچلىققا كېلىپ قالدى.
قارىياغاچلىقتا كېچىسى ئادەم بولمىغان بىلەن، كۈندۈزلىرى ئادەم خېلى كۆپ يۈرەتتى. گۆدەك باللار قۇشقاچ ئۇۋىسى ئىزدەپ يۈرەتتى، غۇنچەم چىملىقتا ئۇنۇپ قالغان گۈللەرنى ئىزدەپ بىر ياقلارغا كېتىپ قالغانىدى. قەلبىنۇر بىر تاشنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ دەل ھېلىقى كېچە ئۇيقۇسىز ئولتۇرۇپ تونەپ چىققان تاش ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلبىنۇرنىڭ قەلبى قانداقمۇ بىردىنلا شۇركۈنۈپ كەتكەندەك، ئۇ خۇددى بىر ئاسارئەتىقىنى ئىكسكۇرسىيە قىلغاندەك، ئۇ تاشقا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ قالغاندى. قولى بىلەن تاشنى سىلايتتى.

تاشنىڭ ئۈستىدە باشقىلار ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان تۈنۈگۈنكى بىر پارچە كەچلىك گېزىت تۇراتتى. ئۇ شۇ گېزىت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىرنېمىلەرنى ئويلايتتى. بىر چاغدا ئۇ زېرىككەندەك قىلىپ ھېلىقى گېزىتنى قولىغا ئالدى-دە ئانچە كۆڭۈلسىمىگەن ھالدا گېزىتتىكى خەۋەرلەرگە قارىغانىدى. گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىدە مۇنداق بىر خەۋەر تۇراتتى:

«يېقىندا شەھىرىمىزدە بىر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ-ساتقان ئەنزە پاش بولۇندى. تۇراق خىزمىتى يوق قادىر، ئارزۇگۈل باشلىق بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئېلىپ-ساتقانلىق ۋە شۇنىڭ بىلەن كەيىپ-ساپادا بولغانلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىندى...» قەلبىنۇر گويا ئىشەنمىگەندەك بۇ خەۋەرنى قايتا-قايتا ئوقۇدى. گېزىتكە ئېنىق بېسىلغان قارا خەتلەر ئاخىر ئۇنى ئىشەندۈردى.

«خۇدا ئۇردى دېگەن مانا شۇ! سەندەك كىشىلەرگە ئاشۇنداق تۈرمە تۇرمۇشى كېرەك، ئاندىن تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىسەن...» دەپ قەلبىنۇر ئۇلۇغ تىندى. ئون يىلدىن بېرى تارتىپ كەلگەن دەرد-ئەلەملەر گويا ئاشۇ تىنىق بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

— ئاپا، نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ — غۇنچەم بىر تۇتام سېرىق، سۆسۈن، كۆك رەڭلەردىكى ياۋا گۈللەرنى كۆتۈرۈپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى، — گېزىتتە نېمە خەۋەرلەر بار ئىكەن؟

قەلبىنۇر سەل ئالاقزادە بولۇپ، قولىدىكى گېزىتنى پۇرلەپ ئاستا قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

— نېمە خەۋەر بولاتتى؟ ئادەتتىكى خەۋەرلەر! پاھ، ئەجەب چىرايلىق گۈللەرنى تېرىپ كەپسەنغۇ؟ — دېدى قەلبىنۇر كۆڭلىدە، "بۇ خەۋەرنى ساڭا دەپ نېمە قىلاي؟ ئەمدى ساقىيالاي دېگەن كۆدەك قەلبىڭگە تۇز سەپكەندەك كۆڭلىڭنى قايتا ئاغرىتىپ نېمە قىلاي؟ مەنغۇ ئۇ مەخلۇقتىن ئايرىلىپ قۇتۇلدۇم، بىراق سەن يەنىلا شۇنىڭ بالىسى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئايرىۋەتكىلى بولامدۇ؟" دەپ ئويلىدى.

— قارا، بۇگۈن نۇربىيە ھەدەڭ بىلەن نۇرىمان ھەدەڭدىن تەڭلا خەت كەپتۇ، — دەپ قەلبىنۇر سومكىدىن ئىككى پارچە خەتنى چىقىرىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

— ئۇلار خەتتە مېنى سوراپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى غۇنچەم.

— ھەئە، ئىككىيلەنلا خېتىدە سېنى ئالاھىدە سوراپتۇ. نۇرىمان ھەدەڭ ئەمدى كەلگەندە ساڭا ئوخشاش ئىككى ئاداش ئالغاچ كېلىدىكەن، نۇربىيە ھەدەڭ ساڭا تۇركمېنىڭ يوغان چىرايلىق قوچاقلىرىدىن ئالغاچ كېلىدىكەن، — دېدى قەلبىنۇر غۇنچەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— ئۇلار قاچان كېلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى غۇنچەم قىزىقىپ.

— نۇرىمان ھەدەڭ ئالتە ئايدا، نۇربىيە ھەدەڭ بىر يىلدىن كېيىن كېلىدىكەن! — دېدى قەلبىنۇر.

— ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن ئۇزاقتا كېلىدۇ...، — دەپ غۇنچەم يەنە بىر ياقلارغا ئويىنغىلى كېتىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرىمان بىلەن نۇربىيىدىن خەت كەلگىنى راست ئىدى. نۇرىمان خېتىدە، ئۇنىڭ مەخمۇتجان بىلەن ئۆكتەبىردە توي قىلماقچى بولغانلىقىنى يازغان ئىكەن. نۇربىيە خېتىدە شەپقەتنىڭ ئىشىنى يېزىپ، شەپقەتنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى يازغانىكەن... ئۇلار ئىككىسىلا قەلبىنۇرنىڭ ئەھۋالىغا، سالامەتلىكىگە ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن قايتا روھلىنىپ، ئەر كىشىلەرگە ئۆچ بولۇپ قالماسلىقىنى، قايتا بىر ھەقىقىي ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەر كىشىنى تېپىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلغانىكەن...

"نېمە ئۈچۈن ئەر كىشىلەرگە ئۆچمەن بولۇپ قالىمەن؟ خۇددى بىز ئايال خەقلەرگە ئوخشاش دۇنيادىكى ئەركىشىلەرنىڭ ياخشىسىمۇ بار، ئەسكىسىمۇ بار" دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر ئاچچىقىنا كۈلۈمسىرەپ.

كۆڭلى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئۆمرى شۇنداق قىسقا بولامدۇ؟ قەلبىنۇر بىچارە شەپقەتنى ئەسلەپ ئەپسۇسلانغاندەك بولدى.

قەلبىنۇر بۇ ئىككى پارچە خەتنى سومكىغا سالغاندى، ئۇنىڭ قولى بىر قۇتا ئۇيقۇ دورىسى قۇتىسىغا تەگكەندەك قىلدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ ئاچچىق كۈلۈپ، ئۇ دورا قۇتىسىنى سومكىدىن ئېلىپ ئوتلاق ئارىسىغا تاشلىۋەتتى.

— قەلبىنۇر، نەرسىڭىز چۈشۈپ قالدى! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ ئاۋاز ئىدرىس مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئىدرىس مۇئەللىم قەلبىنۇر تاشلىۋەتكەن دورا قۇتىسىنى يەردىن ئېلىپ قەلبىنۇرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

قەلبىنۇر چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىدا تۇرغان ئىدرىس

مۇئەللىمنى كۆردى.

"ئەجەبا، سىز نېمە بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟" دېگەندەك قىلىپ، قەلبىنۇر خىجىل بولغان ھالەتتە ھېلىقى دورىنى ئىدىرىس مۇئەللىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ، سەل - پەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندەك قىلدىيۇ، تازا كۈچەپ ئۇ دورىنى تېخىمۇ يىراق بىر يەرگە چۆرۈۋەتتى...

كەچكى شەپەق نۇرى يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىنى گويا چوغدەك قىزارتىۋەتكەنىدى. قەلبىنۇر غۇنچەمنى چاقىرىپ كېلىپ، ئىدىرىس مۇئەللىم بىلەن بىللە ئاشۇ قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا قاراپ، قىزىل نۇرغا چۆمۈلگەن ھالدا قارىياغاچلىقتىن چىقىپ كەتتى.

1992 - يىل باھار، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا

## 1

چۈشكە يېقىن ھاۋا بەك ئىسسىپ، دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سولىشىپ قالغانىدى، جەنۇبىي ۋوگزالنىڭ پويىزغا يۈك قاچىلاش گۇرۇپپىسىدىكى ئىشچىلار ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىنمۇ ياكى چارچاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، ئىشقىلىپ ئىرىنچەكلىك بىلەن نېمىلەرنىدۇ پويىزغا قاچىلاۋاتاتتى.

— پاھ، باشلىقىمىز پۈتۈن يۇرتنى كۆچۈرۈپ مېڭىپتىمۇ نېمە؟ قاچىلىساق ـ قاچىلىساق تۈگىمەيدىغۇ؟ — دېدى بىر ئىشچى يېنىدىكى يەنە بىر ئىشچىغا قاراپ.

— بۇنى قانچىلىك نەرسە دەيسەن، بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ئۇرۇش بولىدىكەن دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئالدىن يۇرتىغا ماڭغۇزۇۋەتكەندە، بۇنىڭدىن كۆپرەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭغانىدى، — دېدى ھېلىقى ئىشچى، پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ئېخى تۆت يىل بولمايلا ئۇنىڭ نەرسىلىرى يەنە بىر ۋاگونغا توشۇپتىمۇ نېمە؟ مىڭ قىلغان بىلەن يەنىلا باشلىق بولغانغا يەتمەيدىكەن ـ دە! — دېدى ھېلىقى دەسلەپ گەپ قىلغان ئىشچى.

چىڭ ئورالغان ئاخىرقى بىر يوغان ساندۇقنى تەسلىكتە قاچىلاپ

بولۇپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغىنىچە چۈۋۈلۈپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان باھار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك، خورسىنغان ھالدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى-دە، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاگونغا قاچىلانغان نەرسىلەرگە زەڭ قويۇپ قارىۋىدى، ھەممىسىگە دىگۈدەك "جياڭسۇ ئۆلكىسى شۈيجۇ شەھىرى × × × شىركىتىدىكى جاڭ خۇەيگە تىگىدۇ" دىگەن خەتلەر يېزىلغان قەغەزلەر ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى.

باھار دەسلىپىدە چۆچۈگەندەك بولدى، ئاندىن جىددىي ۋە ئېغىر تىنىپ خۇددى لايدىن ياسالغان ھەيكەلدەك قىياپەتتە قوللىرىنى كۆكسىگە قويغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

— ئەي خۇدا، ئۆز بەندەڭنى شۇنداقمۇ خار قىلامدىغانسەن؟! — دىدى ئۇ ئۆزىچە ۋە ئۇشتۇمتۇت كەينىگە بۇرۇلۇپ بىر ئىشچىدىن سورىدى، — بۇلار راستىنلا جاڭ خۇەينىڭ مۈلكىمۇ؟ ئۇ راستىنلا يۇرتىغا يۆتكىلىپ كەتتىمۇ؟!

— ھەي بىكارچى①، ئەتىگەننىڭ ياقى شۇنچىۋالا نەرسىلەرنى قاچىلاپ تۇرۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ خەقلەرنىڭ سىنى "بىكارچى" دەپ ئاتىشى بىكار ئەمەسكەن-دە، سەن سىپى ئۆزىدىن شىنجاڭلىق بىكارلاردىن ئىكەنسەن! — دىدى بىر

① بىكارچى — شىنجاڭدا ئاز ساندىكى خەنزۇ يولداشلار مىللىيلارنى كۆزگە ئىلماي "شىنجاڭلىق بىكارچىلار" دەپ ئاتىشىدۇ. باھارنىمۇ يۇك يۆتكەش مەيداندىكى خەنزۇلار ئىسمىنى ئاتىماي، "بىكارچى" دەپ ئاتىشاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەنزۇ ئىشچى ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا جاۋاب بېرىپ . باھارغا كۆز ئالدىدا بىردىنلا قويۇق تۇتەك يېپىلــغاندەك، ئەتراپتىكى جىمى نەرسە ئاشۇ تۇتەك دۇنياسى ئىچــگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىپ كەتتى.

— ھەي، بىكارچى! پاكقۇشتەك ئولتۇرۇۋېرەمسەن؟ تــ حاق ۋاقتى بولدى! — بىر ئىشچى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى.

باياتىدىن بېرى ئۆزىنى يوقاتقان باھارنىڭ ئەمدى ـــۆز ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بەش - ئالتە ياش ـــشچىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى ئىچىدە، ئۆزىنى بىلىپ - بىلمــي مەيدان باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

مەيدان باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا ئىنسۇجىن كۆ دۈنمەيتتى، باھارنىڭ تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەپ گويا ـــۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، شۇ تاپتا ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇر ـپ قالدى. گويا خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى جېنى تومشۇقىغا كېلىپ ، سەكراتتا چۈشۈپ تازا ئازاب چېكىۋاتقان چېغىدا كەرەملــك خۇدادىن شاپائەت تىلەۋاتقاندەك قىياپەتتە كۆرۈنەتتى.

بۇ چاغدا يوك يۆتكەش مەيدانىنىڭ كاتىپى لىۇ جىجيــك قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىردى، ئۇ سولغۇن چىراي، كۆزلــرى نۇرسىز ھالدا تۇرغان باھارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى - دە:

— يولداش "بىكارچى". بۇ يەرگە كېلىپ قاپسىز، ـــرەر ئىش-كۈشىڭىز بارمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى تاماق قاچــنى جوزىغا قويۇۋېتىپ.

باھار گويا چۈش كۆرۈپ ھېلىلا ئويغانغاندەك قــپەتتە بېشىنى بىردىنلا كۆتۈرۈپ، بۇ يەرگە ھەربىردىن كەسىپ ئالماشــ رۇپ كەلگىلى

ئانچە ئۇزاق بولمىغان بۇ كاتىپقا خېلىغىچە تىكىلىپ قاراپ؛

— جاڭ خۇەي راستىنلا كېتىپ قالدىمۇ؟ — ھايۋاندىن بولغان بۇ جۇۋاينىمەك، ئىپلاس كاپىر راستىنلا كېتىپ قالدىمۇ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ھېلى، ئىككى سائەتنىڭ ئالدىدا "54" قېتىملىق تېز پويىز بىلەن مېڭىپ كەتتىغۇ! — دەپ جاۋاب بەردى كاتىپ ھەيران بولغىنىچە.

باھار قانداقتۇر ئېغىر بىرنەرسە بېشىغا چۈشكەندەك بولۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى ئۆزىنى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ "ئاھ!" دەپ دەھشەتلىك ۋارقىرىغان پېتى ئىشىك تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى - دە، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىنى چىڭ، مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، جېنىنىڭ بارىچە ئىشىككە ئۇسۇشكە باشلىدى. ئۇنىڭ رەڭگى شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق قىياپەتكە كىرگەن ئىدىكى، بىر قارىسا ھېلىلا نېرۋىسىدىن ئايرىلىپ ئادىشىپ قالغان جىنىدىغا ئوخشايتتى. بەلكىم بەكرەك ئاغرىسۇن دەپ ئەتەي قىلىۋاتقاندەك پېشانىسى بىلەنلا ئەمەس، ئىككى چېكىسى بىلەنمۇ ئۇسمەكتە ئىدى.

كاتىپ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، ھولۇققان ھالدا ئالدىراپ بېرىپ باھارنى توسۇۋالماقچى بولدى. باھار بىردىنلا كەينىگە قايرىلىپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ قەھىر - غەزەپكە تولغان كۆزلىرىدىن ئوت يالقۇنلىرى چاقنايتتى.

— سەنمۇ جاڭ خۇەيگە ئوخشاش قىلماقچىمۇ تېخى؟ — باھار سۆزىنى تۈگەتمەيلا. ليۇكاتىپنىڭ يۈزىدە بەش بارمىقىنىڭ ئىزىنى قالدۇردى. ليۇكاتىپ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغۇچە. باھار ئاللىقاچان ئىشخانىدىن غايىب بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تورىبېكىتى

ليۇكاتىپ ئاغرىپ كېتىۋاتقان يۈزىنى تۇتقان پېتى باھارنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: "باھار نېمە سەۋەبتىن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق مۇنداق قىلىپ كېتىدۇ؛ سەۋەبى زادى نېمە؟" دەپ ئويلىدىيۇ تېگىگە يېتەلمەي، باھارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

## 2

باھار ئېگىز-پەس تاش يولدا، مۆلدۈرۈپ، تېيىلىپ كېتىۋاتاتتى.

"ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاداققى كىچىككىنە ئۈمىدىممۇ پۇررىدە ئۇچقان توزغاقتەكلا غايىب بولدى. ياشاش كېرەكمۇ، ھالاك بولۇش كېرەكمۇ؟ تەقدىرنىڭ ماڭا ئاتقان زەھەرلىك ئوقلىرىغا چىداپ، دەرد-ئەلەمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۇرۇشۇم كېرەكمۇ ياكى بۇ ئالەمدىكى بالايىئاپەتلەرگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ ھازىرقى قانۇن مەندەكلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنەمدۇ؟ ھازىرقى قانۇن جاڭ خۇەيگە ئوخشاشلارغا كاپالەت بېرىپ، مەندەكلەرنى جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ يامان تاشلاندۇقىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن باشقا يەنە نېمە قىلالار؟ ئەگەر مېنىڭ بۇ ئىشىم يەنە خەلقى ئالەمگە يېيىلىپ كەتسە، باشقىلار ماڭا نەپرەت كۆزلىرى بىلەن قاراپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈزۈمگە تۈكۈرۈشتىن يانمايدۇ. مەن يەنىلا ھايات يۈرسەم، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىدىغىنى پۈتمەس-تۈگمەس مەسخىرە-ئاھانەت، كەمسىتىش، سوغۇق مۇئامىلە، خورلاشلاردىن ئىبارەت بولغۇسى، خالاس، ئەگەر ئۆزۈمنى ھالاك قىلسام، قەلبىمدىكى

بۇ جاراھەت ئازابى كېلىدىغان تاپا-تەنىلەر بەلكىم شۇنىڭ بىلەن توگەپ كېتەر.»

باھار ئەنە شۇنداق ئوي-خىياللار ئىچىدە، غەزەپ-نەپرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك دولقۇنلىرىدا چايقالماقتا ئىدى.

ئۇ ئاخىر ئۆلۈۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھالسىزلىنىپ دەرمانى قالمىغان پۇتلىرىنى ئاران-ئاران سۆرەپ ياتىقىغا قايتىپ كەلدى.

كارىدورغا ئوخشاپراق كەلگەن بۇ تار ياتاقتا باھاردىن باشقا يەنە ئىككى قىزمۇ ياتاتتى. باھارنىڭ كارىۋىتى ئىشىك تۈۋىدىكى بۇلۇڭدا ئىدى، ئۇ ئىككى قىزنىڭ كارىۋىتى ئارىسىدا ئازغىنا ئارىلىق قويۇلغان ئىدى. ياتاقنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدىكى ئوڭ ياقتا نىگارنىڭ كارىۋىتى بولۇپ، كارىۋىتىنىڭ چېتىدە ئولتۇرۇپ مەڭگۈ يۇمۇلمايدىغاندەك، چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كالپۇكلىرىنى دومسايتىپ، چاچ بۇدرە قىلىدىغان قىسقاچ بىلەن چېكە چاچلىرىنى بۇدرە قىلىۋاتاتتى؛ سول تەرەپتىكى گۈلنار قايناق سۇ قۇيۇلغان ساپال سوقا① بىلەن يوپكىسىنى دەزماللاپ بولۇپ، ئەينەك-نىڭ ئالدىدا تۆشۈكى ئاسمانغا قىڭغايغان ياپىلاق بۇرۇنلىرىنى بىر سىلاپ، قۇلىقىدىكى ھالقىسىنى بىر سىلاپ، گويا ئانىسى ئۇنى سەت تۇغۇپ قويغانلىقىغا مەيۈسلىنىۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ چىرايىغا ئىنچىكە-لەپ قاراۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا ياسىنىشلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارمۇ باھارنىڭ كىرگەنلىكىگە دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى.

باھارنىڭ بۇ ياتاقتا يېتىۋاتقىنىغا يەتتە يىل بولۇپ قالغانىدى.

---

① سوقا — كورۇشكا.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەتتە يىل جەريانىدا ئۇ بىرەر قېتىممۇ كۈلمەي، بىرەر كىشى بىلەنمۇ بېرىش-كېلىش قىلماي دېگەندەك. ئۆز ئالدىغا بىر دۇنيا بولۇپ ياشاپ كەلدى. ئۇ پەقەت ئوبدان ئىشلەپ، مېھنەت تەرلىرى بىلەن ئۆز قەلبىدىكى سەۋەنلىكنى يۇيۇپ ئېرىغداش كويىدىلا بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ياتاقتا سۇ توشۇش، ياتاق سۈپۈرۈش، ئوت قالاش، ئەخلەت تۆكۈش ئىشلىرىنى قىلىپ، گويا ئۆزىنى مۇشۇ ياتاقنىڭ ئەبەدىي خىزمەتچىسى قاتارىدا كۆرۈپ كۆنگەندى.

باھار ئاچچىق ھەسرەت-خورسىنىش ئىچىدە كىرىپ ئۆزىنى لاسىدا كارىۋاتقا ئاتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان چاغلىرىنى نەقەدەر ئىشتىياق بىلەن ئەسلەيدۇ-ھە! ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆمۈرۋايەت ئويلاشقا ئەرزىمەيدىغان ۋە ئويلاشنى خالىمايدىغان زىيالىي ياشلار تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇپ، يۈك يۆتكەش مەيدانىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغان، ئاندىن ستاتىستىكا خىزمىتىگە تەيىنلەنگەندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ دىلى يايراپ كەتكەندى. ئەگەر، ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، مودا قوغلىشىپ، كۈندە بىر خىل ياسىنىپ يۈرۈيدىغان نىگار بىلەن گۈلنارلار قايتا تەربىيىگە بېرىپ، يېزىلاردا ماكانلىشتىن تارتىپ تا يۈك يۆتكەش مەيدانىغا كەلگەنگە قەدەر، باھارنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا ھەسەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ كۈنى ھەر ھالدا خۇشال-خۇرام ئۆتكەندى. ھەر كۈنى خىزمەتتىن چۈشسە كىنو-تىياتىرلارغا باراتتى، باشقىلار بىلەن كۆڭۈللۈك ئويۇن-چاقچاقلاردا بولۇشاتتى، دوستلىرىنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىشلاردا بولاتتى. ئەمما بۇ كۈنلەر ئانچە ئۇزاققا سوزۇلماي، ئۇ بۇ رەڭگارەڭ تۇرمۇشقا ئالدىنىپ، پەقەت بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدىن مەھرۇم

بولۇپ، ئۆزىنىڭ بەخت گۈلىنى ۋاقىتسىز توزۇتۇۋەتكەنىدى. ئاشۇ ئېزىتقۇ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىنى يوقاتقان كۈن ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى گويا ئۆتكۈر خەنجەردەك سانجىلىپ، ئۇنى توپتوغرا 2500 كېچە - كۈندۈز ئازاب ئوتىدا كۆيدۈرۈپ كەلگەنىدى. مۇبادا ئالەمدە پۇشايمان دورىسىنى ساتىدىغان بولسا ئىدى، ئۇ قانداقلا قىلىپ بولسۇن شۇ دورىدىن ئېلىپ، يۈرىكىگە قادالغان بۇ خەنجەرنى چىقىرىۋاتقان بولاتتى.

ئۇ چاغلاردا ئۇ قايتا تەربىيەدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەچكە، كۈدە - كۆرپىسىدىن باشقا ئۈچىسىدا بىرقۇر كىيىملا بار ئىدى. قىزغىنلىق ئاقلانلىقتىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇلۇغۋار پىلانلار ئەمەلىيەتتىن ئېشىپ كەتكەن "زور ئىنقىلاب" مەزگىللىرىدە، ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇلاڭ - تالاڭغا قېلىپ بىچارە ئانىسىمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە قالدۇرمىغانىدى؛ دادىسى بولسا ئۇنىڭ بەش ياش چاغلىرىدىلا بىرلىكتە خىزمەت قىلغان چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن چەت ئەلگە كەتكەنىدى. ياتىقىدىكى بۇ ئىككى قىز ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدەك تاغىدەك يۆلەنچۈككە تايىنىپ، ئۆزلىرىنى دائىم كېيىنەكتەك ياسىشىپ يۈرۈشەتتى. بولۇپمۇ ھېلىقى تۆشۈكى ئاسمانغا قىڭغايغان ياپىلاق بۇرۇن گۈلنار، چاقناپ تۇرىدىغان ئالتۇن ھالقىلارنى تاقاپ، پار - پۇر كىيىنىۋېلىپ، باھارنىڭ ئالدىدىن قەستەنگە ئۆزىنى بازارغا سالاتتى.

دۇنيادا قايسىبىر قىز چىرايلىق بولۇشنى خالىمايدىكىن - تاڭ، بولۇپمۇ بويىغا يېتىپ قالغان قىزلار تېخىمۇ گۈزەللىككە خۇشتار - دە! باھار ئۆزىنىڭ تۆشۈكلا بار، ئەمما ھالقىسى يوق قۇلىقىنى سىلاپ ۋە ئالىقاچان قاتاردىن قالغان خادانى كىيىملىرىگە قاراپ

رەھىمسىزلىنىپ كېتەتتى. گۈلنارنىڭكىدەك بىرەر ئالتۇن ھالقىغا ئېرىشىشكە تەشنا بولاتتى.

بىر قېتىم، ئۆزى بىلەن تەڭ ئىشچىلىققا ئوبۇل قىلىنغان ياش يىگىتلەر ئولتۇرۇش قىلىپ، بۇ ئولتۇرۇشقا ھەممە قىزلارنى تەكلىپ قىلغانىدى. باھار ئۆزىدىن باشقا قىزلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئۆتەر ياسىنىشلىرىغا قاراپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغاندا، گۈلنار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قەستەنگە:

— باھار، مۇشۇ كىيىملىرىڭ بىلەن ئولتۇرۇشقا بارامسەن؟ بۇ تۇرقۇڭدا ھېچقايسى يىگىت سېنى تانسىغا تاتماسمىكىن؟ باشقىسى تۇرماق ئۆزۈڭنىڭ ياخشى كۆرىدىغان پەرھاتىڭمۇ سەن بىلەن تانسا ئويناشقا نومۇس قىلىپ قالىدۇغۇ دەيمەن! پەرھاتنىڭ شېرىنى قانداق كىيىم كىيىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ؟ — كىتابلاردا قانداق تەسۋىرلىگەن؟ قانداق، بۇ كوپتام بىلەن ھالقامنى بىرىپ تۇرايمۇ يە؟ — دەپ مەسخىرە قىلدى، ئەتراپتىكى قىزلار بۇنىڭدىن پاراق-قىدە كۈلۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇنىدىن ئېتىبارەن باھار بىر ئامال قىلىپ، گۈلنارنىڭكىدىنمۇ چىرايلىقراق بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا ئېلىپ ئۇنىڭغا تازا بىر داملىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۇنجى قېتىم ئالغان مائاشىدىن ئېشىپ قالغان يىگىرمە كوي بىلەن ئىككىنچى ئايلىق مائاشنى ئېلىپلا، ئەتىسى سەھەردىلا زىننەت بۇيۇملىرى ساتىدىغان ماگىزىنغا باردى. ئۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ماگىزىنغا ئاتىمىش ئۈچ يۈەنلىك ئون سەككىز ئايارلىق ئالتۇنلۇق ھالقا كەپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدى. ئەمما "بىتەلەيگە سۇ كەلسە. ئاللا كۈردىن يار كەتتى"، دېگەندەك، ئۇ بىرسى بولغۇچە، ئۇنداق ھالقىلار تۈگىگەنىكەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ

يەنىلا ئۈمىد بىلەن تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنىڭ ئۈچىنچى قەۋەتىدىكى مىللىي بۇيۇملار پوكىيىگە باردى.

ماگىزىندا ئادەم مىغىلدايتتى.

باھار قىستا-قىستاڭچىلىقنى ھار كۆرمەي قىستىلىپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە پوكەيىنىڭ ئالدىغا بېرىۋالدى. پىرىكازچىك خادىم ئۇ خىلدىكى سورىغان ھالقىنى سېتىپ بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، باھار بىر ياقتىن پىرىكازچىكقا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىرەرسىنى تېپىپ بېرىشىنى يالۋۇرسا، يەنە بىر ياقتىن كۆڭلى تىنماي ھە دەپ بويۇنداپ مال قويغۇچلارغا قارايتتى، ئۇ خىلدىكى ھالقا ئۇنىڭ كۆزىگە زادى چېلىقمايتتى، قالغان ھالقىلار بىر بولسا باھاسى قىممەت، بىر بولسا يالغان ھالقىلار ئىدى.

بىردىنلا، مال قويغۇچنىڭ ئاستىنقى قەۋەتىدىكى چىرايلىق بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە ۋال-ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا، ئۇنىڭ كۆزىگە پاللىدا قىلىپ كۆرۈنۈپ قالدى. كەرگىگە خۇيمۇ ياراشقان قىپقىزىل چوغدەك ياقۇت كۆز، كۆزنىڭ يېغىنى يېڭۈ-دەك بولۇپ چاقناپ نۇرلىنىپ تۇراتتى. باھارنىڭ يۈرىكى بىردىنلا دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى-دە، بىرەر كىشى كېلىپ بۇ ھالقىنى ھېلى ئېلىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەش ئىچىدە بوينىنى ئۇزۇن سوزۇپ، پىرىكازچىكنى چاقىردى. ئۇ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى بولغاي، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇ ئىزا تارتىپ باشقا ياققا قارىۋىدى، دەل شۇ چاغدا ئويلىمىغان يەردىن تونۇش بىرىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ گۈلنار بىلەن نىگار ئىدى. ئۇلار باھار-دىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، ئۇدۇل تەرەپتىكى پوكەيىنىڭ يېنىدا خېلى بىرھازاغىچە تۇرغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. ئۇلار قايتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چاغدا باھارغا بىر قاراپ، ئاندىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويۇشتى. باھارنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، ئاچچىقى كەلگىنىدىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

پىركازچىك ھېلىقى ھالقىنى باھارغا ئېلىپ بەردى. ھالقىنى قولىغا ئالغان باھار ھېچ نەرسىگە قارىماستىن مەيدىسىگە ياققان پېتى بىردەم تۇرۇۋالدى-دە، ئاندىن:

— ئاتمىش ئۈچ يۈەنلىك ھالقىدىنمۇ بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق بۇنىڭ باھاسى توقسان ئۈچ يۈەن! — دېدى پىركازچىك.

— ئاپلا! — باھارنىڭ دېمى بىراقلا ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— قىزچاق، ماۋۇ مالنىڭ ياخشىسى جۇمۇ، يىگىرمە ئىككى ئايارلىق ئالتۇن، ياقۇتمۇ ئېسىل، ئىشەنمىسىڭىز دەڭسەپ كۆرۈپ بېقىڭ! — دېدى پىركازچىك پىششىق كەسىپ ئەھلىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن باھارنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قويۇپ ۋە بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئېلىشقا ئۈندىدى، — مېنىڭچە، ھالقا سىزنىڭ چىرايىڭىزغا خويما يارىشىدىكەن، سېلىپ بېقىڭا!

بۇ چاغدا باھارنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككى قىزمۇ پىركازچىكنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىگە بىر جۈپ ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پىركازچىك ئۇلارغا بۇ خىل ھالقىدىن مۇشۇ بىر جۈپلا قالغى-نىنى ئېيتتى. باھار بۇ ئىككى قىزغا ھومىيىپ قاراپ قويدى-دە، ھالقىنى قۇلىقىغا سېلىۋېلىپ پوكەينىڭ چېتىدىكى ئەينەككە قارىدى. پاھ، باھار ئۆزىنى بىردىنلا ئاجايىپ گۈزەل، ئېسىلزادە بولۇپ كەتكەندەك قىياپەتتە سەزدى. گەرچە، ئانىسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا تېشىپ قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ كىچىكىدە مىستىن ياسالغان يالغان ھالقا ئېسىپ باققانىدى. ئۇ دائىم ئانىسىنىڭ

قولىقىدىكى ھالقىنى كۆرۈپ، ماگىمۇ شۇنىدىقىنى ئېلىپ بەر، دەپ ئانىسىنى كۆپ خاپا قىلاتتى. ئانىسى بولسا: "جېنىم قىزىم، سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا بۇ ھالقىنى ئۆز قولۇم بىلەن ساڭا سېلىپ قويىمەن" دەيتتى.

پرىكازچىك باھاردىن ھالقىنى ئالدىغان - ئالمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، باھار يەنە بىرئاز ئويلىنىۋېلىشقا مۆھلەت سورىدى. پرىكازچىك ماقۇل كەلدىيۇ، چاپسانراق بىر يەرگە كېلىشنى ئېيتىپ، باشقا خېرىدارلار بىلەن بولۇپ كەتتى.

باھار ئەينەكنىڭ ئالدىدا بىردەم ئۇنداق، بىردەم بۇنداق تۇرۇپ بېقىپ، ھالقىدىن زەررە ئەۋەن تاپالمىدى. بۇ ھلقا ھەقىقەتەنمۇ گۈلنارنىڭ ھالقىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشەتتى. گۈلنارنىڭ ھالقىسى كونا نوغاي پاسونىدىكى ھالقىلاردىن بولسا ماۋۇسى ھازىرقى يېڭى چىچەك پاسونىدىكى ھالقىلاردىن ئىدى. بۇ چاغدا باھار ئەينەكتىن يېنىدا تۇرغان ئىككى قىزنىڭ بىر - بىرىگە پىچىرلىشىپ، پۇل تەييارلاۋاتقاندەك ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ قالدى.

— ھوي! كۆرۈۋېرەمسىز؟ زادى ئالامسىز - ئالمامسىز؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ئىككى قىز.

— ئالىمەن! ئالمىسام نېمىشقا كېلەتتىم! — دەپ جاۋاب بەردى باھار ئۇ قىزلارغا ئالىيىپ. ئۇ قىزلار ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ، ئاخىر كېتىپ قالدى.

ئالاي دېسە پۇل يەتمەيدۇ، يانچۇقىدا ئاتمىش بەش يۈەنلا پۇلى بار، قالغان پۇلنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ھالقىدىن مۇشۇ بىر جۈپلا قالغان تۇرسا، قالغان پۇلنى تېپىپ كەلگەندىمۇ، باشقىلار بۇ ھالقىنى بۇ يەردە قويمايدۇ. ئۇ چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، ئاجايىپ ئوڭايسىز كەيپىياتقا چۈشۈپ قالدى.

باھارنىڭ ھالقىنى قولىقىدىن ئېلىۋەتكۈسى كەلمىدى، شۇ پېتىلا تاقاپ كەتكۈسى بار ئىدى. ئۇ ئەينەككە قارىغانچە، كۆڭلىدىن ھەر خىل ئوي ـ خىياللار كېچەتتى: "ئەگەر بۈگۈن بۇ ھالقىنى تاقاپ ياتاققا بارسام گۈلنارلارنى ھەقىقەتەنمۇ ھەسەتتىن قويىۋاتتىم. قىرىشقاندەك گۈلنار بىلەن نىگارنىڭ ئۆزىنى بۇ يەردە كۆرۈپ قالغىنىچۇ تېخى، ئەگەردە بۈگۈن قۇرۇق قول ياتاققا قايتسام، ئۇ ئىككى چىرايلىقنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق بولۇپ، مېنى تېخىمۇ مەسخىرە قىلمامدۇ؟... گۈلنار بىلەن نىگار ئۇزاقتىن بېرى باھارنىڭ ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان چىرايىغا قىزغىنىپ ئامال بار باھارنى ھەر خىل سورۇنلاردا چۈشۈرۈپ كەلگەنىدى. ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدىغىنى ھېلىقى خېلى كېلىشكەن پەرھات بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ ئۆتكەن چاغلاردا، ئۇلار مىيىقىدا كۈلۈشۈپ، كۆزگە ئىلمىغاندەك زەھەرلىرىنى سانجىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇ تاپتا باھارنىڭ كۆڭلىنى ئاجايىپ چىگىش خىياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇ زادى ئىچىنى بىر بوشىتىپ، دەردىنى بىر چىقىرىۋالمىغۇچە، كۆڭلى جايىغا چۈشمەيدىغاندەكلا قىلاتتى.

يېقىندىن بۇيان، باھار گۈلنار بىلەن ئازراق قىزىرىشىپمۇ قالغانىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى: گۈلنار ياخشى كۆرىدىغان يۈك قاچىلاش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرى يالقۇن دېگەن يىگىتنىڭ باھارغا يېقىنلىشىشى ئىدى. باھار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ سەپرايى تازا ئۆرلەپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر يالقۇن بىلەن گۈلنار توغرىسىدىلا سۆز قىلىشقىلى تۇردى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گۈلنار بىلەن يالقۇن ھەم

ساۋاقـداش، ھەم قوشنا بولۇپ، ئىككىسى كىچىكىدىنلا بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغانىكەن. باھار ئەسلىدە يالقۇننىڭ ئىسمىنىمۇ تۇزۇك ئۇقمايتتى. گـۇلـنارمۇ ھە دېـسـە باھارنىڭ داۋاملىق كـىـيـىـپ يۈرۈيدىغان، ئاقـرىـپ كەتـكەن بىر يـۈرۈش ماش رەڭ خادانى ئىشتان - چاپىـنـىنى ئاغزىـدىن چۈشۈرمەي، كىـشـلـەرنىڭ ئالـدىدا زاڭلىق قىلىشقا باشلىـدى. شۇنىڭ بىلەن باھار ئاچچىقـىغا چىدىماي گۇلـنار بىلەن سوقۇشۇپ قالـغانـدى. شۇ ئىشتىن كېيىن گۇلنار ھە دېسىلا كىشىـلەرنىڭ ئالـدىـدا باھارنى چۈشـۈرەتـتى، بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى بەكمۇ خىجىلـلىقـتا قوياتـتى. ئالـدىنقى كۈنى گۇلنار بىلەن نىگار باھارنىڭ پەرھات بىلەن كېتىۋاتقانلىقىـنى كۆرۈپ قېلىپ، باھارنىڭ يەنىلا ھېلىقى يېـشىل ماش رەڭ ئىشتان - چاپىنىنى زاڭلىق قىلدى:

— ۋۇي، "كىچىك ئەزىمەتلەر ئەھۋالـدىن قارىغانـدا ئىنقىلاب ئوتلىرىنى تۇتاشتۇرغىلى ماڭغانـغا ئوخشـىمامـدۇ؟ — دېـدى گۇلـنار كۈلمەي تۇرۇپ.

— تازىنىڭ نېمـىسى بار دەيـسەن؟ بەش تەڭـگـىلىك تۆمۈر تاغىقى، — دېدى نىگار گۇلنارغا قاراپ گەپ قىلغان بولۇپ.

شۇ چاغدا ئەگەر پەرھات باھارنى توسۇۋالـمىغان بولـسا، باھار چوقۇم گۇلنارلار بىلەن چاچلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

باھار ئاشۇلارنى ئويلاپ، تىت - تىت بولۇپ، زادى قانداق قىلىشنى بىلمەي قالدى، ئۇ يەنە بىر قېتىم چۆرىـسـگە قارىۋېلىپ، كۆڭلىدە: نېمە ئىشتۇ بۇ؟ پىرىكازچىك مېنى ئېـسـىدىن چىقىرىپ قويدىمۇ نېمە؟ نېمىشقا شۇنچە ۋاقىتقىچە بۇ ياققا ئۆتمەيـدۇ؟ ئەگەر مەن ھالقىنى سالغان پېتىم كېتىۋەرسەم، خەقلەر مېنى تېخى ماگىزىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارىلىقىلى كەلگەنگە ئوخشايدۇ دەپ، گۇمان-پۇمان دېگەنلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەس بەلكىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەلەمپەي يېقىنلا ئىكەن، لىك قىلىپ ئىككى قەدەم ماڭسىلا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتكۈدەكمەن... دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى. ئۇ بىردىنلا يەنە: "ھالقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ كېتەيلا، بۇنىدىن كېيىن ياسىنىش-پاسىنىش دېگەنلەرنىمۇ بىر يەرگە تاشلاپ قوياي، خەقلەر بىلەن ئابروي تالىشىپمۇ يۈرمەي، گۈلنار بىلەن نىگارنىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىمگە تەن بەرسەملا بولمىدىمۇ!؟ بۇنىڭلىقتا بىر يېرىم ئۈپراپ قالاتتىمۇ؟ ئاسمانغا تېنىم خوراپ قالاتتىمۇ؟ ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىۋالغان تەقدىردىمۇ، ماڭا بىرسى ئالتۇن مۈڭگۈز تاقاپ قويامتى؟ پۇل تاپقاندا بىرەرنى ئېلىپ تاقىۋالارمەنغۇ! نەچچە يىلنىڭ ياقى تاقمايمۇ ئۆتۈپ كەلدىمغۇ؟... دەپمۇ ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە بىچارە، شۇنچە ئوۋاللىقتا قالغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر غۇۋا خىيال چاقماق تېزلىكىدە ئەكس ئەتتى: بىر ئادەم ئۆمرىدە بىرلا قېتىم يامان ئىش قىلىپ قويسا بولامدىغاندۇ؟ پەقەت بىرلا قېتىم! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمىگەندىكىن ھېچنېمە بولماس، كېلەر ئايدا قولۇمغا پۇل كىرگەندە چىرايلىقچە كېلىپ، مۇشۇ پىرىكازچىكنى ئاستا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، پۇلىنى ئۆز باھاسى بويىچە بېرىپ قويسام بولامدۇ؟ بۇنداق قىلسام خۇدايىممۇ گۇناھىمنى كەچۈرەر!...

باھار شۇلارنى ئويلاپ، پوكەي تەرەپكە ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ بېقىۋىدى، ھېلىقى پىرىكازچىك باشقا خېرىدارلار بىلەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن قارىغۇدەك چولىسىمۇ تەگمەيدىغاندەك

هالەتتە ئىدى. بىراق ئۇ يەنە: "ئەگەر مەن مۇنداق قىلسام، بۇ بىگۇناھ پىركازچىكقا ئۇۋال بولمامدۇ؟ مەندە ۋىجدان، ئەخلاق، ئىنساپ دېگەن نەرسىلەر بارمۇ ـ يوق؟ مۇشۇ ئوغرىلاپ كەلگەن ھالقىنى تاقاپ يۈرۈشكە قانداقمۇ كۆڭلۈم چىدايدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ يەنە ئوي ـ خىياللار قايىنىمىغا چۆمۈپ كەتتى:

ئانام بولسا بىكاردىن ـ بىكار زىيانكەشلىكتە ئۇچراپ، مەڭگۈ كەلمەسكە كەتتى ھەتتا بىر ئېغىز ۋەسىيەتمۇ قالدۇرۇپ كېتەلمىدى، مانا مەن ئەمدى يېتىم قىز بولۇپ يۈرگىلى شۇنچە يىللار بولدى، كىممۇ ماڭا ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ ئىچ ئاغرىتىپ بېقىپتۇ؟ ماڭا كەلگەندە ئىنساپ، ۋىجدان، ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسىلەر بار دېمىدىغۇ؟ ئەگەر ھالقىنى ئېلىپ كەتسەم پىركازچىك كۆپ بولسا بىرەر قېتىم تەنقىدكە ئۇچرار، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمەمدۇ؟ مۇشۇ بىر ھالقا بىلەن دۆلەتنىڭ خەزىنىسى خوراپ قالامتىمۇ؟ نەچچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمەتكە قانچىلىغان مېھنەت تەرلىرىمىزنى تۆكۈپ، قار ـ شىۋىرغان، ئوت ـ تومۇزلاردا كەتمەن چېپىپ ئىشلەپ بەرسەك، بىزگە بەرگىنى قانچىلىك نەرسە بولدى؟ قورقىمىزغا ئاران يەتتى. بىرەر تال توك سويما يېمەكچى بولساقمۇ، ئۇنى خاتىرىلەپ قويۇپ، يىل ئاخىرى ئىشلىگەن ئەمگەك نومۇرىمىزدىن تۇتتى، شۇنچە ئىشلەپ ھۆكۈمەتكە ياراتقان بايلىقىمىزنىڭ بەدىلىگە مۇنداق ھالقىلاردىن كۆرمىگى كېلەرغۇ!...

باھار مانا بۇلارنى ئويلاپ، ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ئاخىر ھالقىنى ئېلىپلا كېتىش نىيىتىگە كەلدى. بىراق، ئۇ قەلبىدە بىردىنلا سان ـ ساناقسىز مال تۇيۇقلىرى ئۇ ياققا، بۇ ياققا تېپىرلاۋاتقاندەك، پۈتۈن بەدىنىدە ھەددى ـ ھېسابسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارا چۈمۈلىلەر ئۆمۈلەۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

باھار ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۆت ئەتراپقا سىنچىلاپ سەپ-سېلىۋىدى. بىرەر كىشىمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندەك بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ رەڭگارەڭ تۇرمۇشقا ئالدىنىپ، ئۆز ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا پۇتلىرىنى ئاستا-ئاستا سىلجىتىپ ھەرىكەتكە كەلدى-دە، زور دەككە-دۈككە ئىچىدە، پۇتۇن ۋۇجۇدى لاغىلداپ، يۈرەك-باغرى لىغىرلاپ، مىڭ تەسلىكتە پەلەمپەيدىن چۈشۈپلا ماگىزىنىنىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇ چىققان پېتىلا يۈگۈرمىدى. كۆڭلىدە ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قورققان بولسا كېرەك ئېھتىمالىم، ئۇنىڭ يۈرىكى جىددىي قەدەملەرنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش بولغاندەك قالايمىقان سوقۇپ كەتتى، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، پۇتلىرى ئاران-ئاران يۆتكىلەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈررىدە ئۇچۇپلا ياتىقىغا شاپپىدە چۈشۈۋالغۇسى كېلەتتى. سەل ماڭغاندىن كېيىن سەل-پەل ھوشىغا كېلىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ باققۇۋىدى، خۇداغا مىڭ شۈكۈرلا بىرەر پېشكەللىكتىنمۇ ئالامەت سېزىلمىگەندەك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا كەلدىيۇ ئالدى-كەينىگە قارىمايلا بىردىنلا يۈگۈرۈشكە باشلىدى...

باھار تېخى ئون قەدەم يۈگۈرمەيلا، ئارقىسىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار بارغانسېرى ھاۋا گۈلدۈر-لىگەندەك شۇنداق دەھشەتلىك تۇيۇلدىكى، ئۇنىڭ رەپتىدىن باھارنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ قالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ كەينىگە قارىغاندەك بولۇۋىدى، ماگىزىندىن خۇددى ھەرىگە ئوخشاش چۇۋۇلۇپ چىقىۋاتقان كىشىلەر ئۇنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى

كۆردى، ھەممىنىڭ ئالدىدا قوغلاپ كېلىۋاتقىنى ھېلىقى پىرىكازچىك ئىدى...

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باھار جېنىنىڭ بارىچە قاچتى، ئۇ جىددىيلىك ۋە ۋەھىمە ئىلكىدە، يىغلايتتى، ۋارقىرايتتى، ئاخىر كېتىۋاتقىنىچە، قولىقىدىكى ھالقىنى يۇلۇپلا يەرگە چۆرۈۋەتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭغا خۇددى ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلۈپ چۈشكەندەك تۇيۇلاتتى...

كېيىن ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا خۇددى بۆركۈتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان توشقاندەك پۇت-قوللىرىدا جاندىن ئەسەر قالمىغان ھالەتتە مۆكچىيىپ تۇرۇپ قالدى...

ئاقىۋەتتە ئۇ ئون بەش كۈنلۈك قاماقتا يېتىپ كامىرنىڭ ھىدىنى پۇراپ باقتى، كوچىدا تاختاي ئېسىپ سازايى قىلىنىشنىڭ تەمىنىمۇ تېتىپ باقتى. ئاخىر ئۇ يۈك يۈتكەش، مەيدانىدا قالدۇرۇلۇپ بىر يىل ئىسپادىسىگە قاراپ بېقىش جازاسىغا ئۇچرىدى. شۇندىن باشلاپ ئۇ پەرھاتنىمۇ ئايرىلىپ، ئۆلمەكىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك گۈلنار ۋە نىگارلارنىڭ تېخىمۇ ھاقارەتلەشلىرىگە، مەسخىرە قىلىنىشلىرىغا قېلىپ، كىشىلەر نەزىرىدە باشقا كىشىلەردىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئادەم بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا نېمە ئامال، "ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا" دېگەننىڭ ئۆزى بولدى.

...باھار بۇ ئەلەملىك ئەسلىمىلەردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئېسىنى يىققاندا، گۈلنار بىلەن نىگار چىقىپ كېتىپ ياتاقتا ئۆزىلا قالغاندى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھى، قەلبى پۈتۈنلەي قاتتىق ئازاب ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى. يىغىغا ئامراق كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلار

ئۈزۈلگەن مارجاندەك چۈشۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاجايىپ تاتىرىپ ۋە يۈزلىرى ياداپ، كۆز قارىچۇقلىرى ئۆلۈم يوپۇقى بىلەن يېپىلغاندەك نۇرسىز بىلىنەتتى. ئۇ قىلىدىغان ئىشنى تاپالماي قالغان كىشىدەك كەيپىياتتا ئاستاغىنا ياتاق ئالدىغا چىقىپ، بىر تۈپ دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغىنىچە، بۇلۇتلۇق ئاسماننىڭ يىراق-يىراقلىرىغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

بۇ چاغدىكى كىدىك ئۇيۇق گۈگۈم قوينىغا چۆمگەنىدى.

3

ليۇكاتىپ باھارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈردى. باھارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ئۇنى ھەر خىل ئوي-خىياللارغا سالاتتى: "ئۇ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق قىلىدۇ؛ نېمە سەۋەبتىن جاڭ خۇەينىڭ كېتىپ قالغانلىقىغا شۇنچىۋالا غەزەپلىنىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن جاڭ خۇەينى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللايدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن شۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ كېتىدۇ؟..." مۇشۇنداق ئۈزۈلمەس سوئاللار ئۇنى چىگىش گۇمانلارغا باشلايتتى. ئۇ ھېچنېمىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي بىئارام بولۇپ، ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭاتتى ۋە باھارنىڭ ياتىقىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

ليۇكاتىپ ھەربىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، يۈك يۆتكەش مەيدانىغا كەلگەنگە ئەمدى تېخى ئۈچ ئايدىن سەل ئاشقانىدى. ئۇ مەيدانغا يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا، بۇ يەرنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ھەرقايسى بەن-گۇرۇپپىلارغا بېرىپ، ئىشچىلار بىلەن بىر ئايدەك ئەمگەك قىلغانىدى. بىر قېتىم يۈك قاچىلىغۇچى

ئەشچىلار بىلەن پويىزغا يۈك قاچىلاۋېتىپ، بۇ ئىشچىلار ئىچىدە پەقەت بىرلا باھار ــ ئايال جىنسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئېغىر ئىشلارنى، پاسكىنا ئىشلارنى شۇلا قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى. باشقا ئىشچىلار ئانچە-مۇنچە ئىشلەپ قويۇپ كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئىشلىسە، باھار باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنىلا بىلەتتى. باشقىلار دەم ئالغاندىمۇ، ئۇ ئارام ئالماي ئىشلەۋېرەتتى.

بۇ ساندۇق-ساندۇق، بولاق-بولاق ئېغىر يۈكلەرنى كۆچەپ ۋاگونغا قاچىلاش ئۈچۈن، ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچ-ماغدۇر بولمىسا بولامدۇ؟ ئەمما باھارنىڭ قارا كۈچى نەدىن كەلگەنكىنە-تاڭ، ئىشقىلىپ يۈك چۈشۈرۈش، يۈك قاچىلاشتا ئۇ ھەرقانداق ئەركىشدىن قېلىشمايتتى. ئۇ ھەر كۈنى بىر سومكا كۆتۈرۈپ كېلەتتى-دە، قايسىبىر ساندۇق سۇنۇپ كەتكەن بولسا، شۇ جايدا سومكىدىن بولقا، مىخلارنى چىقىرىپ ساندۇقنى مىخلاپ قوياتتى؛ قايسىبىر بولاق يىرتىلىپ كەتكەن بولسا، يىپ-يىڭنىلەرنى چىقىرىپ يىرتىلغان يەرلەرنى ياماپ قوياتتى.

باھار ئاشۇنداق كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلىگەن بىلەنمۇ، يەنە تېخى داۋاملىق بەزى ئىشچىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىغا ۋە ئەخمەق ئېتىشىگە قالاتتى. بىر قېتىم ليۇكاتىپ مۇنداق بىر ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى:

چۈشلۈكى باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ تاماق يەۋاتاتتى، بۇ چاغدا بىر خەنزۇ ئىشچى تېخىچە ساندۇق كۆتۈرۈپ ئىشلەۋاتقان باھارغا قاراپ:

ــ ھەي بىكارچى؛ بولدى قىل ئەمدى، قانچە ئىشلىگىنىڭ بىلەنمۇ

جاڭ خۇەي سىنىڭ جازايىڭنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ، تامىقىڭنى يەۋال! قورسىقىڭ تويسا تېخىمۇ جىق كۆتۈرسەن! — دېگەندى

ئېغىز-بۇرنى مايلىشىپ كەتكەن يەنە بىر ئىشچى ئۇنىڭ كەينىدىن:

— هوي، چاپسان كەل! ساڭا بىر پارچە "ئېمىز قوي" گۆشىنى ئېلىپ قويدۇم، تېز يەۋال، ئەگەر مۇشۇنى يەۋالساڭ خۇدايىڭلار گۇناھىڭنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، بۇنى زەھەر بىلەن زەھەرنى ئېلىش دەپ ئاتايمىز! — دېدى.

— راست، شۇنداق! — دېدى يەنە بىر ئېگىكى ئۇزۇن، كۆزلىرى خۇددى بېلىقنىڭ كۆزىدەك كۆپۈك كۆز بىر ئىشچى— ئۇ چاغدا تۇز بىلەن ئۆچەيلىرىڭنى چايقىشىڭ كېرەك، شۇنىڭ بىلەن گۇناھ-قىلمىشلىرىڭمۇ بىللە ساقىت بولىدۇ!

باھار بۇ كىشىنى ھاقارەتلەيدىغان، زەھەرخەندە گەپلەرگە زادى چىداپ تۇرالماي يۈگۈرگىنىچە بېرىپ ئۇ ئىككىسىنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك ئەلپازدا گۆلىيىپ قويدى-دە، مۇرىسىدىكى ساندۇقنى يەرگە قويۇپ ۋاگوندىن ئاستا چۈشۈپ، ئۇستىبېشىدىكى چاڭ-توزانلارنى قېقىشتۇرۇۋەتتى.

— ھەي بىكارچى، مەن ساڭا بىر جۇپ ئالتۇن ھالقا بېرەي، سەن ماڭا نېمە بېرىسەن؟ — دېدى خۇددى مايمۇنغا ئوخشايدىغان پىت كۆز بىرسى، — پاھ... پاھ... ئالمىدەك چىرايلىرىڭدىن ئۆرگىلەي، بۇ يەرگە كەلسەڭچۇ، جامالىڭنى تازا بىر كۆرۈۋالاي!

بۇ گەپلەر باھارنىڭ يۈرەك-باغرىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان ئېگىز، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە يەر قاتتىق بىلىنىپ، بۇ ئاچچىق ھەسرەتكە ۋە

نومۇسقا چىدىماي، بىرھازاغىچە گەپ-سۆز قىلماي تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا باھارغا گويا شىددەتلىك دولقۇنغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، رەھىمسىز ۋە پەسكەش ئاياغلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن چەيلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنى باشقۇرۇشقا ئىقتىدارسىز قالغانىدى، ئۇنىڭ چىرايلىرىدا خورلىنىش ۋە غەزەپ ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— ھەي، سىلەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ سىلەرنىڭمۇ ئاچا-سىڭىللار باردۇ؟ بۇ بىچارە قىزنى شۇنداقمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ؟ ۋۇ ئاناڭنى...، — بىر يۈك توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يالقۇن باياتىن بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىغا چىدىماي مەيدانغا چىققانىدى. يالقۇننىڭ بۇ ھەرىكىتى باھارغامە دەت بولدى بولغاي، يالقۇننىڭ مۇشتلىرى تېگىپ بولغۇچە، "چاڭ-چۇڭ" قىلىپ باھارنىڭ ئىككى شاپىلىقى ھېلىقى ئەبلەخنىڭ يۈزىگە تېگىپ بولدى ئۇ ئەبلەخ مەگزىنى تۇتقان پېتى يىغلامسىرىغان ھالدا باھارغا قارىغىنىچە نېمە قىلارنى بىلمەي جايىدا تۇرۇپلا قالدى.

— پاھ، پاھ، ئالتۇن يانار تېخى بىراقلا پارتلاپ كەتتىغۇ! بۇ "ئالتۇن تاغ"قا ئىگە بولىدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىكەن-دە!... "كۆمۈش تاغ"لارنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن قورقمامدىكىنە؟ — ھېلىقى ئاغزى مايلىشىپ كەتكەن نەرسە مەسخىرىسىنى باشلاپ ئايىغى تۈگىمەيلا، قولىدىكى قاچىسى ئىشى بىلەن بىللىلا ئۆزىنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ۋالاققىدە قىلىپ كۆمتۈرۈلۈپ بازغاندەك كەلگەن بىر نەرسە ئۇنىڭ قاڭشىرىنى سىيپىلاپ قويغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قاچىسىنىڭ قانداقسىگە كۆمتۈرۈلۈپ، بۇرۇنلىرى قانداقسىگە يېسىلىنىپ

قالغانلىقىنى سېزەلمەيلا قالغانىدى. بىر پارچە گۆش ئۇنىڭ پېشانىسىگە بېرىپ چاپلىشىپ، ئاشنىڭ يۇقۇندىلىرى ماكچىيىپ قالغان بۇرۇنلىرىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ خۇددى ئاچ قالغان لالما ئىت يۇگۇرۇپ كېلىپ، يالىقىنى ئۆكتۈرۈۋېتىپ، يۈز-كۆزلىرىگە ئاش يۇقىلىرىنى سۈركۈۋالغاندەك رەسۋا ھالەتتە ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ، باھار ليۇكاتىپىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەنىدى.

ليۇكاتىپ باھارنىڭ ياتىقىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا تۇرۇپ بىر توپ دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغان باھارنىڭ غەمكىن ۋە چۈشكۈن قىياپىتىگە قاراپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا يەنە بىر ئىش كېلىپ قالدى.

بۇنىڭدىن ئون بەش يىل ئىلگىرى — ئۇ ئەمدىلا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، تېخى بالا ئەسكەر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا، خۇاڭيىڭجاڭ دېگەن بىر ھەربىي باشلىق بىلەن، مەلۇم ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىگە سولچىلارنى قوللاش ئۈچۈن بارغانىدى. ئۇلار كېلىپلا سولچىلارنى كۈچلۈك قوللاش ئۈچۈن، ئۆمەك تەركىبىدىكى بارلىق ”جىن-شەيتانلار“نى يىغىپ كۆرەش يىغىنى ئاچتى، كۆرەش قىلىنىغانلارنىڭ ئىچىدە ”ئىنتېپەرەس ئىشپىيون ئامنە“ ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بولۇپ، بېلىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغان بىر ”كىچىك ئەزىمەت“ سەھنىگە چىققان پېتى ھېلىقى ئايالنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ-تارتىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ تۇرۇپ:

— ھەي ئىنتېپەرەس ئىشپىيون، ياۋاشلىق بىلەن مەسىلەڭنى تاپشۇر، بولمىسا ئىت كاللاڭنى يەنچىپ تاشلايمىز! ئېيتە، كۆك كۆزلەرگە قانچە قېتىم ئاخبارات يەتكۈزۈپ بەردىڭ: سەن بۇرۇن

كۆك كۆزلەرنىڭ كونسۇلىدا ئىشلىگەندە ئۇلار بىلەن قانچە قېتىم بىللە ياتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۆۋەندىكى ئامما ئارىسىدا بىراقلا قىقاس-چوقانلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ھېلىقى ئايال ئاچچىقىغا پايلىماي، خۇددى باھار ھېلىقى ئەبلەخنى ئۇرغاندەك، بۇ "كىچىك ئەزىمەت"نى چاڭ-چۇڭ ئىككى شاپىلاق سېلىۋەتكەنىدى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ھېلىقى بىچارە ئايالنىڭ قوللىرى ئارقىغا قايرىلىپ باغلىنىپ، چاچلىرى يۇلۇنۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇر دەرد-ئەلەملەرگە قالغانىدى. ليۇكاتىپ شۇ چاغدا ئۇ بىچارە ئايالغا قاراپ، قانداقتۇر بىر يېرى تونۇشتەك ھېس قىلغان، ئەمما زادى نەدە كۆرگەنلىكىنى شۇنچە قىلىپمۇ ئېسىگە ئالالمىغان، كېيىن بىرھازاغىچە ئويلىنىپ ئاخىر ئېسىگە ئالغانىدى.

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى، ليۇكاتىپنىڭ يۇرتىدا قاتتىق ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەندە جان بېقىش ئۈچۈن ئانىسى ئۇنى يېتىلەپ، تاغىسىغا تايىنىش ئۈمىدىدە "ئاققۇن" بولۇپ شىنجاڭغا ئېقىپ چىققانىدى، ئۇ چاغدا قىش يېڭىلا كىرگەن ئاسماندا توپ-توپ قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى ئاڭلىنىپ، سوغۇق شىۋىرغان يەر-جاھاندىكى غازاڭلارنى ئۇچۇرۇتۇپ، بىر سوغۇقنى ئىككى قىلماقتا ئىدى.

سىچۈەندىن چىققان بۇ ئانا-بالا پويىزدىن دۈگدەرەپ چۈشۈپ، تاغىسىنى ئىزدىمەكچى بولغىنىدا تاغىسىنىڭ ئادرېسى يېزىلغان قەغەز ۋە يېنىدىكى ئازراق پۇل ۋە ئاشلىق بېلەتلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغانىدى. ھېلىمۇ بۇ ئوغرى "ئىنساپ" قىلىپ، بەش كويىنى قالدۇرۇپ قويغانىكەن. لېكىن بۇ بەش كوي ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاران بىر كۈنلۈك تامىقىغا يەتتى ئۇ ئاچارچىلىق يىللاردا بىر توخۇنىمۇ ھازىرقى بىر قوينىڭ باھاسىغا ئاران ئالغىلى بولاتتى، بىر تال كەمپۈتنىمۇ ئىككى موچەنگە ئاران ئالغىلى بولاتتى. ئۇلار ئامال يوق بىر تەرەپتىن تىلەمچىلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن تاغمىسىنى ئىزدىدى. ئۇلار يۇرتىدىكى چاغلاردا كىشىلەردە: شىنجاڭ ئۆزى ناھايىتى باياشاتچىلىق يەر، بىر تېغىدىن سۈت ئاقسا، يەنە بىر تېغىدىن ماي چىقىدۇ، بىراق ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى ياۋايى كېلىدۇ، ھەممىنىڭ يۈزىدە قاپقارا ساقال، قونچىدا ئۇزۇن پىچاق ئېسىقلىق تۇرىدۇ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دەپ ئاڭلىغان. شۇڭا بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچرىتىپ قالسا يىراققا قېچىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ تىلەمچىلىكمۇ قىلمىغانىدى.

قاتتىق شۇرغان غەزەپ بىلەن ئۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار كۈن بويى تىلەمچىلىك قىلىپمۇ قورساققا دال بولغۇدەك نەرسە تاپالمىدى. (ئۇ ئاش جاندىنىمۇ ئەزىز چاغلار تۇرسا كىشىلەر قانداقمۇ ئۆز قورسىقىدىن ئېشىنىپ تىلەمچىلەرگە بەرسۇن؟!) ئۇلار ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن تىترەپ، بىر قورۇنىڭ لەمپىسىنى دالدا قىلىپ، پاناھلىنىپ ئولتۇرغاندا، بۇ قورۇدىكى ئاق كۆڭۈل بىر ئۇيغۇر ئايال ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى باشلاپ ئۆز ئۆيىگە ئەكىردى. دەسلەپتە ئۇلار قورقىنىدىن ئىككىلىنىپ كىرەي دېسە بىرەر "ھادىسە" تۇغۇلۇپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلسا، كىرمەي دېسە، كېچىچە بۇ يەردە ئولتۇرسا مۇزلاپ قېلىش ئېھتىمالىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ يېقىملىق چىرايىغا قاراپ، خېلى تەستە ئۆيىگە كىردى. ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ قورقۇپ،

دەككە ـ دۈككىدە ئۇلتۇردى. چۈنكى شۇ چاغدا جەمئىيەتتە: بەزىلەر ئادەم گۆشىدە مانتا ئېتىپ سېتىپتىدەك دېگەن مىش ـ مىش پاراڭلار ئېقىپ يۈرگەنىدى.

لېكىن بۇ ئاق كۆڭۈل ئايال ئۇلارنىڭ ئالدىغا نان بىلەن چاي ئەكەلدى. مەشىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ ئوت سۇندۇردى. ئۇلار بۇ ئايالنىڭ ئىنتايىن مۇلايىم، مېھرىبان، ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىگە قاراپ، كۆڭلىدىكى ئەندىشىلەرنى بارا ـ بارا چىقىرىۋېتىپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى، ۋىجدان ۋە ئەقىل ئىگىسى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەندى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇ ئايال تېخى يېنىدىكى قىزنىڭ بىر چاپىنىنى سالدۇرۇپ، لېۋىكاتىپقا كىيگۈزۈپ ئۇلارنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويدى ئۇلار — ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بۇ ئىشلاردىن تەسىرلىنىپ يولغا ماڭاردا خوشلىشىۋېتىپ دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى ساھىبخان ئايالغا باش ئۇردى...

ئۇ دەل شۇ ئايال ئىدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا بويى، قارامتۇل كەلگەن يۈزى، مېھرىبانلىق ۋە ئاق نىيەتلىك ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى يەنە شۇ ئىدى. لېۋىكاتىپ ئۇ چاغدا شۇنداق ئاق نىيەتلىك كىشىنىڭ بىردىنلا ئىشپىيون بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا كۈرەش قىلىنىپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ قالغانىدى. ئەمما دەرھال مۇنداقمۇ ئويلىغانىدى: سىنىپىي كۈرەش ئىنتايىن مۇرەككەپ، بۇ ئەڭ ئالىي يوليورۇق، قەتئىي گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى قىياپىتى، بەلكىم ساختا قىياپەت بولغىيتى، مانا ئەمدىكىسى ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇ قاراپ تۇرۇپ "كىچىك ئەزىمەت"نى ئۇرغانلىقى مەسىلىنى ئېنىق

چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟ شۇنداقتىمۇ، ليۇكاتىپ ئۇ ئايالنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئانا-بالا ئىككىسىگە نان-چاي بېرىپ، ئەڭ قىيىن ئەھۋالدىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى ئانىسىنىڭ شۇ ئايالنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇما دەپ قىلغان نەسىھىتىنى ئويلىغاندا، بۇ ئايالغا ئىچى ئاغرىپ، ھېسداشلىق قىلغۇسى كەلگەندى. بىراق ئۇ "ئەكسىلئىنقىلابچى ئىشپىيونغا ھېسداشلىق قىلغان" دېگەن بەتنامغا قېلىشتىن قورقۇپ، بۇ خىل ھېسسىياتىنى سىرتقا چىقىرىپ ئىپادىلەپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

ئۇ چاغلاردا قانداقتۇر كىشىلەر ئۇيقۇسىزلىق دارىسىنى يەۋالامدىكىن، ياكى بىر خىل سېھرىي كۈچ يول كۆرسىتىپ تۇرامدىكىن، ئىشقىلىپ ئىنقىلابىي روھى بەكمۇ ئۇستۈن بولۇپ، ھېلىقى بىچارە ئايالنى توپتوغرا ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئارام ئالغۇزماي كۆرەش قىلدى. ئەگەر ھېلىقى بىچارە ئايال يىقىلىپ چۈشۈپ ماغدۇرىدىن كەتمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كۆرەشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

تۆتىنچى كۈنى خۇاڭيىڭجاڭ ليۇكاتىپنى ھېلىقى ئايالنىڭ تاپشۇرغان ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇغانىدى. ئۇ بىچارە ئايال بىر يەر ئاستى سېمونت ئۆيگە ئايرىم سولانغان بولۇپ، شال-پاخاللارنىڭ ئۈستىدە ئارانلا ھوشىنى بىلىپ ياتاتتى. ليۇكاتىپ بۇ ئايالنىڭ ھالىتىگە قاراپ، گەپ-سۆز قىلماي بىرئاز قاراپ تۇردى. ئۇ ئايال خېلىدىن كېيىن ليۇكاتىپنى تونۇغاندەك قىلدى-دە، دەرھال چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرەر يورۇقنى كۆرۈپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— مەن ئىشپىيون ئەمەس! ئەمەس! بۇ جاھان قانداق جاھان

بولۇپ كەتتى؟ ياخشى كىشى يامان بولۇپ، يامان ئادەم ياخشى بولۇپ، بۇ جاھان ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتىغۇ؟... — ئۇ بىچارە ئايال ناھايىتى ئازابلانغان ھالدا تىترەك ئاۋاز بىلەن مۇنۇلارنى دېدى، — سىزنىڭمۇ بىر ۋىجدان ئىگىسى ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن، مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ئەگەر گۇناھىم بار دېسەم، ئەينى ۋاقىتتا يولدىشىم بىلەن بىللە چەتكە چىقىپ كەتمىگەنلىكىم بەلكىم شۇ گۇناھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىم يوق! — ئۇ بىچارە ئايال سۆزلەۋېتىپ تەسلىكتە ئورنىدىن ئاران-ئاران قوپۇپ ئولتۇرۇپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن قوينىدىن بىر نەرسىنى چىقىرىپ ليۇكاتىپقا سۇنۇپ، — بۇنى قىزىمغا بېرىپ قويسىڭىز، ئۇنىڭ ئىسمى باھار، ئۇ تېخى كىچىك بىر بالا، بىزنى كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزاق بولدى، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، مۇشۇ نەرسىنى شۇ بالامنىڭ قولىغا ساق-سالامەت يەتكۈزۈپ بەرسەڭىز؟ — دەپ يالۋۇردى.

ليۇكاتىپ بۇ نەرسىلەرنى قولىغا ئېلىپ ئېچىۋېدى، بىر قول ياغلىققا ئورالغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقا بىلەن بىر پارچە خەت چىقتى، خەت ئۇيغۇرچە يېزىلغان بولۇپ، ليۇكاتىپ خەتتە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمىدى. بىراق ئۇ، بۇلارنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن بۇ ئايالنىڭ قەيسەر ئىرادىسىگە ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەل ھودۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىن بىر قاتار خىياللار غىل-پاللا ئۆتتى: "بۇ، قىزىنى كەلگۈسىدە تەتۈر ھېساب ئالسۇن دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ تېخى ئالتۇن ھالقىسمۇ بار ئىكەن، بۇ دېگەن "تۆت كونا" ئەمەسمۇ؟ بۇنى قىزىغا قالدۇرۇپ نېمە قىلماقچى؟ بۇ خىياللار ئۇنىڭ كاللىسىدىن ھەش-پەش

دېگۈچە ئۆتتىيۇ، يەنىلا بۇ نەرسىلەرنى دەرھال يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئۇ ئىشىك تەرەپكە ئاستاغىنا بىر قارىۋېلىپ، ئۇ بىچارە ئايالغا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

لىيۇكاتىپ تېخى ئون قەدەم ماڭمايلا، كەينىدىن ۋايجان دېگەن بىر قەھرلىك ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ قارىۋېدى، ئاھ، نېمىدېگەن پاجىئەلىك كۆرۈنۈش — ھە، ليۇ كاتىپ چىدىيالماي كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ھېلىقى بېچارە ئايال بولسا، سېمونت تامدىن قورۇقتەك چىقىپ قالغان يىگىرمە سانتا ئۇزۇنلۇقتىكى بىر پارچە ئۇچ بۇرجەكلىك پولات تۆمۈرگە ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغان ئىكەن، بىچارە ئايال ھېلىقى ئۇچلۇق تۆمۈرنى ئوڭ قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالغان بولۇپ، ئۇ تۆمۈر ئۇ ئايالنىڭ چېكە تومۇرىغا تىشىپ كىرىپ، چاچراپ چىققان قانلار تامنى بويىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوڭ كۆزى چەكچىيىپ چىقىپ، گويا بايىلا بىر كىشى قولى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى سوغۇرۇپ چىقىرىۋەتكەندەك تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن، ئاغزىدىن تېخىچىلا قان ئېقىۋاتاتتى، تاتىرىپ قېنى قالمىغان يۈز، قانغا بويۇلۇپ تونۇغۇسىز ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. لەۋلىرى سەل ئېچىلىپ، قانداقتۇر بىرنەرسە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندەك، ئەمما دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەندەك تۇراتتى...

لىيۇكاتىپ مانا بۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىچ-ئىچىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇ چاغدىكى كىشىلەر، جۈملىدىن شۇ قاتاردا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ۋىجدان، ئەخلاق، خىسلەت، ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسىلەرنى ئىتقا تاشلاپ بەرگەنمۇ ياكى پېچەتلەپ قويغانمۇ، ئىشقىلىپ ئۇ چاغلاردا بۇ نەرسىلەر يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا

ليۇكاتىپ تېخى ھېلىقى بىچارە ئايالنىڭ ۋەسىيىتىنى ۋە ھالقىسىنى يۇقىرى ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە تاس-تاس قالغانىدى. ئۇ مانا ئەمدى ئۆزىگە تەسەللى بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە، شۇ چاغلاردا نېمىلا بولمىسۇن ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان — ۋىجدان دېگەن نەرسىنى ئازراق بولسىمۇ ساقلاپ قېلىپ، ھېلىقى بىچارە ئايالنىڭ نەرسىلىرىنى ساق-سالامەت ساقلاپ قالغانلىقى ئىدى. كېيىنچە ليۇكاتىپ بۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىكى تەسەللى بەرگۈچىسى قاتارىدا كۆرۈپ، يېنىدا مەھكەم ساقلاپ، ئۇ بىچارە ئايالنىڭ قىزىنى ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپمۇ كۆرگەن، لېكىن ئۇ چاغلاردا ۋەزىيەت يار بەرمىگەنلىكتىن، بۇ نەرسىلەرنى باھارغا تاپشۇرۇپ بېرەلمىگەنىدى.

نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ ھەربىي قوشۇنىدا بولۇپ، شەھەرگە يىراق بولغان تاغ جىلغىسىدا ياشاپ ۋە خىزمەت قىلىپ كەلدى ئەمدىلىكتە ئۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلدى، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن باھارنى تېپىپ، ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ۋە ھالقىسىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىكى مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئۇ ئالەمدىكى بىچارە ئايالنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئۆلگەن كىشىنىڭ بىرەر ئىشى پۈتمەي قالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئالەمدىمۇ كۆزى يۇمۇلماسمىش دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ۋە كۆڭلىدىكى ۋىجدان ئازابىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىدى.

ليۇكاتىپ يەنە خىيالدىن بىرمۇنچە نەرسىلەرنى مارجاندەك ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى: ئالدىمدا تۇرغان بۇ قىز ئاشۇ بىچارە

ئايالنىڭ قىزى باھار شۇمدۇ ئۇنىڭ رەڭگى رويىدىن، پىسخىك خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا ھېلىقى ئايالغا تولىمۇ ئوخشايدىغاندەك قىلىدۇ، نېمىشقا باشقىلار ئۇنى بىكارچى دەپ ئاتىشىدۇ؟ بىكارچى دېگەن گەپ ئۇيغۇرچە ئەسقاتمايدىغان، كېرەككە كەلمەيدىغان دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ ئادەم دېگەنگە شۇنداق ئىسىم قويغان بارمۇ؟ ئۇ بىرەر خاتالىق سادىر قىلىپ قويغان بولسا، باشقىلار ئۇنى سۆندۈرۈپ، ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن شۇنداق ئاتىشامدىغاندۇ؟ ھازىرغۇ ئاز ساندىكى بەزى خەنزۇلار مەلۇم ساندىكى يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزىگە غەلىتە بىلىنىدىغان بەزى ئادىتىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي، ئۇلارنى "شىنجاڭلىق بىكارچى"لار دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنداقتا قانداق قىلىپ مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ؟ بىز ھازىر شۇلارنىڭ جايىدا تۇرۇپ، شۇلارنىڭ نېمىنى يەۋاتساق، شۇلارنىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتساق، ئۇلارنى شۇنداق دەپ سۆندۈرساق بولامدۇ؟ بارلىق مىللەتلەردە ئىلغار ۋە قالاق نەرسىلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ خىل يامان خائىشلارنى تۈزىتىپ، ھەممىمىز باراۋەر تۇرۇپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر باھار راستتىنلا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسا، ئۇنىڭ ئازابىنى ئۇمۇرۋايەت تارتىشى كېرەكمىكەن؟ ئۇمۇرۋايەت باشقىلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرۇشى لازىممىكەن؟ ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسە تېخىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قايتىپ كەلمىگەنمۇ؟ ئەنسىز يىللارنىغۇ قويۇپ تۇرايلى، ئادەمگەرچىلىك ئاتمىشىنچى يىللاردىكى قىيىنچىلىق يىللارغىمۇ يەتمەيدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدىمۇ؟ ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ بۇغداي نېنى يوق بولسىمۇ، بۇغداي سۆزلىرى بار ئىدى. ئازاب ـ ئەلەم دېگەن نېمە؟

ئادەم بىلەن ئادەم بېرىش-كېلىش قىلالمىسا، كىشىلەر ئارا مۇناسىۋەت قىلالمىسا، مانا بۇ بىر ئادەم ئۈچۈن ھەممىدىن قاتتىق ئەلەم ئەمەسمۇ؟ كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىگە مۇيەسسەر بولالمىسا كىشى ئۈچۈن ھەممىدىن ئازاب ئەمەسمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ قىزنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ؟...

## 4

باھار يەنە ياتىقىغا قايتىپ كىردى

ئۇنىڭ نەزىرىدە كۆزى قىيمىغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغان ئىدى، بارماقچى بولغان ماكانىغا چاپسانىراق بارغىنى ھەممىدىن تۈزۈكتەك قىلاتتى. ئەمدى ئۆزىنىڭ تارتىشىپ ئەنسىرەپ قالغۇدەك كىشىمۇ يوق، ئانىسى ئەبەدىلئەبەد كەلمەسكە كەتتى، دادىسىنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇپ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھېلىقى دەسلەپتە ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ كەلگەن پەرھاتتا گەرچە كېلىشكەن قەددى-قامات بولغان بىلەن، شۇنىڭغا چۈشلۇق ساپ قەلب يوق ئىكەن، ئۇمۇ شۇ پېشكەللىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، دەرھال يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ رەقىبى بولغان گۈلنار بىلەن ئىچ-پەش تارتىشىپ يۈرگىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. دەسلەپتە گۈلنار بىلەن يۈرگەن، گۈلنار دائىم ئۆزىدىن قورۇپ يۈرۈيدىغان يالقۇن دېگەن يىگىتقۇ خېلى غۇرۇرى بار يىگىت ئىكەن، نۇرغۇن قېتىم كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ. بوزەك ئەتكەن چاغلاردا، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بەزى چاغلاردا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئاشۇ ئەبلەخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرگە تاقابىل تۇردى. باشقا ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمىغان بولسا، ئۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ داۋاملىق ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەتلىك ھەم ھېسداشلىق كۆزلىرى بىلەن قارىغاندەك قىلدى. ئەگەر ھېلىقى كۈنى كەچتە ئۇ لوكچەكلەردىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولسا، بۇ چاغقا ئۆزىنىڭ نېمىلەر بولىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ. بۇ چاغدا باھارنىڭ كۆز ئالدىغا بۇنىدىن ئىككى ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەن بىر ۋەقە كەلدى: شۇ كۈنى باھار كەچلىك بەندىن چۈشۈپ، ياتىقىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاق تېرەكلەر، گويا ئېگىز - ئېگىز نەيزىلەردەك كۆككە تاقىشىپ، بۇ سۈزۈك ئاييدىڭ كېچىدە خۇددى كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن پىچىرلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ يول ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قەدىرلىك ھەم ھەسرەتلىك ئىدى. نەچچە يىل ئىلگىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن پەرھاتى بىلەن بۇ يولدا قانچە - قانچە قېتىملار موڭدىشىپ، بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ ماڭغان - ھە! لېكىن ئۇ شېرىن كۈنلەر ھازىر نەدە قالدى؟ ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، ئاھ، مەن بىر شور پېشانىنى!

باھار ئانچە كۆپ ماڭماي تۇرۇپلا يولنىڭ بويىدىكى دەرەخ- لەرنىڭ كەينىدىن توساتتىن ئىككى قارا بۇرۇتلۇق ئادەم چىقىپ، ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋالدى، باھار قورققىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى. بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ بىرسى دەرھال پىچىقىنى چىقىرىپ، باھارغا تەڭلەپ: "ئۈنىڭنى چىقارما، بولمىسا..." دەپ تەھدىت سالدى ۋە قوللىرىنى باھارنىڭ تىترەپ تۇرغان كۆكرىكىگە ئۇزاتتى باھار ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە داجىپ، ئۇ ئەبلەخنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقتى.

— پاھ... پاھ... نېمىدېگەن گۈزەل تەنلەر بۇ ھە، ئاق سۈتتەك، ئېھ... ئېھ... — دەپ يەنە بىر ئەبلەخ يېقىنلاپ كەلدى.

دەل شۇ پەيتتە، گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك، ۋىلىسپىتنى مىنىپ نەلەردىندۇر كېلىۋاتقان يالقۇن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەبلەخ ھودۇققان ھالدا كەينىگە داجىدىيۇ، يالقۇنىنىڭ يالغۇزلىقىنى كۆرۈپ، بىرسى بىردانە ۋالىلداپ تۇرغان خەنجەرنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ "ئورنۇڭدا جىم تۇر! بولمىسا..." دەپ ھەيۋە قىلدى، يەنە بىرسى قويىنىدىن بىر تانىنى چىقىرىپ، ئۇنى دەرەخكە باغلاپ قويماقچى بولدى.

يالقۇن جايىدا شۈك تۇرۇپ قالدى-دە، كۆڭلىدە:"ئەگەر مەن قارامىلىق قىلسام، بەربىر ئۆزۈم زىيان تارتىمەن، ئۇلارنىڭ ئىككىسىدە پىچاق بار ئىكەن، بۇ قىزنى قۇتۇلدۇرىمەن دېگىنىمۇ بىكار، پەم بىلەن بىر ئىش قىلىپ، ئۇلارنى جايلىشىم كېرەك" دەپ ئويلىدى بولغاي:

— ھەي ئاغىنىلەر، پېقىرمۇ بۇ قىزنىڭ كەينىدىن ماراپ كېلىۋاتقانغا خېلى بولغانىدى، ئەمدىلىكتە سىلەر تۇيۇقسىز چىقىپ قالدىڭلار، بەلكىم مەقسىتىمىز بىر بولۇشى مۇمكىن، بۇمۇ ياخشى بولدى، بۇ ئالمىنىڭ تەمىنى تەڭ تېتىمايمىزمۇ؟ — دېدى.

— ھەي، ھارامزادە، راست گەپ قىلىۋاتامسەن ياكى بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتامسەن؟ — دەپ غەزەپ بىلەن سورىدى ھېلىقىلارنىڭ پاكارراق كەلگىنى.

— ھەي ئاغىنىلەر بۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم ياكى يۈرۈيدىغان قىزىم ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق نىيىتىم بولمىسا قوغلىمىنى قىسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يولۇمغا ماڭمامدىمەن؟ مەنمۇ سىلەردەك ئەركەكتىن جۇمۇ؟ — دېدى يالقۇن.

خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى بولغان بۇ باھار، قارا باتۇردەك كەلگەن بۇ ئىككى ئەبلەخكە تەڭ كېلەلمەي تۇرغاندا، ئۆزىچە خېلى ۋىجدانلىق يىگىت دەپ يۈرگەن يالقۇننىڭمۇ بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ شېرىكى بولۇپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ، ئۇمىدىنى چورتلا ئۈزۈپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ كۆڭلىدە:"ئاھ، دۇنيادا مەندەكمۇ بىتەلەي قىز بارمىدۇ؟ بۇنداق دەرد- ئەلەملەرنى تارتىپ يۈرگىچە بۇلار بىلەن بىر ئېلىشىپ ئۆلسەملا بولمىدىمۇ؟!" دەپ ئويلىدى.

لېكىن ئۇنىڭ قولىنى يالقۇن ئامبۇر قىسقاندەك چىڭ قىسىۋالغاندى، مىدىرلاشقىمۇ بولمايتتى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ بەدىنى يەڭگىللىشىپ قالدى، ئۇ كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا يالقۇننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قالغاندى. يالقۇن خۇددى پولاتتەك بەستى بىلەن پارقىراپ تۇرغان ئىككى پىچاقنى توساپ تۇراتتى.

يالقۇننىڭ بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكەتلىرى ئىككى ئەبلەخنى سەل ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى يالقۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەملەپ تۇرۇپ پاكار ئەبلەخنى تازا كېلىشتۈرۈپ بىر مۇشت سالدى پاكار ئەبلەخ دەلدەڭشىپ بېرىپ ئېگىز ئەبلەخكە سوقۇلۇپ كېتىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى يوقلىپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس- تاس قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، يالقۇن ۋېلسىپىتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا ئاتماقچى بولدى. بۇ چاغدا، يولنىڭ بىر چېتىدىن ماشىنىنىڭ كۈچلۈك چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ قالدى. بۇ ئىككى ئەبلەخ ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى بىلىپ،

ئالدىراپ ـ سالدىراپلا تىكئۆەتتى.

باھار گويا ئۆلۈم مەيدانىدىن ھاياتلىق سەيناسىغا قايتقاندەك بولۇپ خېلىغىچە ئەركىن نەپەس ئالدى ـ دە، دەرمانسىزلانغىنىدىن يالقۇنىنىڭ قۇچىقىغا سىرىلىپ چۈشتى.

باھار ئاشۇلارنى ئويلىغاندا، قەلبى ئاز ـ تولا سۇ ئىچكەندەك بولاتتى. بىراق يالقۇن تېخى بىرەر ئېغىز رەسمىي گەپ ئېچىپ باققىنى يوق. ئۇ زادى ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ شۇنداق قىلىپ يۈرگەنمۇ ياكى ئىنسانلىق بۇرچى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندىگەنمۇ، بۇنىسىنى بىلىپ بولمايتتى. مەيلى يالقۇن قانداق ئويلىسۇن، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۆزى ئوغرى دېگەن نامى چىققان قىز تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ياقتۇرسۇن.؟ ياخشى كۆردى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزى ئۇنىڭغا قانداق يۈز كېلەلىسۇن؟ ئۇ بېچارىگە ئۇۋال بولمامدۇ؟ ئەل ـ ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا، يات كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىلى كېسىك بولمامدۇ؟... ئەڭ ياخشى ئۇمۇ خۇددى خورلۇق، دەرد ـ ئەلەم، ۋىجدان ئازابى بىلەن بۇ دۇنيادىن خوشلاشقان ئانىسىغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىن خوشلاشقىنى تۈزۈكرەك تۇردۇ. بۇنداقتا ئۇ ئالەمدىكى ئانىسىمۇ روھىي جەھەتتە خاتىرجەملىككە ئېرىشەرمىكىن ـ تاڭ.

ئۆلۈم دېگەندىن كىم قورقمايدۇ. ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق دۈشمىنى. شۇنداق قىلىپ، باھارنىڭ كاللىسىغا بۇ ئۆلۈم دېگەن نەرسە كىرىۋېلىپ، ئۇنى يەنە چېكى يوق، چىگىش خىياللار ئىلكىگە ئېلىۋالدى.

باھار ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەن ياتاقنىڭ تورۇسىغا تىكىلىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ جېنى قاتتىق بىر پارچە تاشقا ئايلىنىپ قالغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېس قىلدى. بارا-بارا ئۇ گويا بىر تۈت چاسا قىلىپ كولانغان گۆرگە چۈكۈپ كېتىۋاتقاندەك، ئۈستىدە بولسا كىمدۇ بىرسى قاتتىق توپا-چالمىلارنى ھە دەپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ مۇزلاپ قالغان يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. جىۋەككىنە بىر موللا خىرقىراق ئاۋاز بىلەن ئۆز خاھىشىغا خىلاپ ھالدا مەجبۇرىي ئايەت ئوقۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغاندەك، ھەممە ئىش تۈگەشكەندەك، ھەممە نەرسە بىر يولىلا ئۇنىڭدىن ۋازكېچىپ كەتكەندەك، پەقەت ئۇنىڭ قېتىپ قالغان مېڭىسىگە يوغان ھەسرەتلىك بىر سوراق بەلگىسى كىلىپ قادالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بىرھازادىن كېيىن باھار ئاستا-ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىپ باقتى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلگەندەك سېزەتتى، يەنە بىردەمدىلا ئۇ گويا قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، قايتىدىن تىرىلگەندەك بولۇپ، قارىداپ كەتكەن سىرلاقسىز ياغاچ ساندۇقنى ئاچتى-دە، ئانىسى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتنى ئېلىپ، كۆزىنى ئۇزمەي خېلى بىرھازاغىچە قاراپ تۇردى. ئاندىن بىر پارچە قەغەزنى تېپىپ، شارت-شۇرتلا نېمىلەرنىدۇ يېزىپ، ئۇنى بىر خاتىرە دەپتەرنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ، ياستۇقنىڭ تېگىگە باستۇرۇپ قويدى. ئەڭ ئاخىر ئۇ بۇ يەتتە يىل ياتقان ياتىقىغا تازا سەگگىرىپ قاراپ: ياتاقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى بىر تال لىم ياغاچقا ئارغامچىنى ئاسسامالا بولىدىكەن دەپ خىيال قىلدى. ئەمما شۇ چاغدا ئۇنىڭ غۇۋا ئەقىل-ئىدراكى يەنە ئۇنىڭغا باشقىچە پىكىر قىلىش پۇرسىتى بەرگەنىدى: "بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۆلىدىغان چاغدا بۇ بىگۇناھ قىزلارغا قورقۇنچ ۋە قايغۇ-ئەلەم بولىدىغان

ئىشنى قىلىپ، ئۇلارنى بۇ ياتاقتا تۇرغۇسىز قىلىپ قويغۇنۇمنىڭ نېمە كېرىكى؟ نېمىلا بولمىسۇن ئانامغا ھەمراھ بولايچۇ" دەپ ئويلاپ، بىر تال ئارغامچىنى ئالغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

## 5

دالا سۈس ئايدىڭ بولۇپ سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق، جىمجىت بىلىنەتتى. بىپايان كۆكتە بىرنەچچىلا يۇلتۇز سۈس جىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇ يۇلتۇزلار گويا پارقىراپ تۇرغان ياش تامچىلىرىغا ئوخشاش، تاراملاپ چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغاندەك ئىدى.

گۆرۈستانلىقتىكى پوزنەك-پوزنەك قەۋرىلەر خىرە ئاي نۇرىدا بىر سۇرلۇك قارا كۆلەڭگە بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا قۇرت-قوڭغۇزلار ھەسرەتلىك چىرىلدىشىپ، بۇ كېچىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك، تېخىمۇ ۋەھىملىك ۋە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قىلىپ كۆرسەتەتتى.

باھار بىر تۇرۇپ بۇ ياققا، بىر تۇرۇپ ئۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ، بۇ قاقاس قەبرىستانلىقتا ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ئۇ ئاخىر پارچە-پارچە كېسەكلەر بىلەن دائىرىلەنگەن ئاددىي بىر تۇپراق بېشىغا كېلىپ توختىدى. تۇپراق بېشىدا ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا: "مەرھۇم ئانىسىنىڭ قەبرىسى، 1930 — 1967" دەپ يېزىقلىق ئىدى.

— ئا — نا — ! — باھار بىردىنلا قەبرىستانلىقنى قاراپ ۋارقىردى، ئەمما ئانىسى ھېچنېمىنى ئاڭلىمايتتى، ئەبەدىلئەبەد ئاڭلىيالمايتتى! ئۇ جانجان ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى-دە، كۆز ياشلىرىنى ئىختىيارسىز تۆكۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

باھار يىغلاۋېرىپ ياشلىرى قۇرۇپ كەتتى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھەربىر تۆشۈكتىنمۇ ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازى بۇقۇلداپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتىكىن - تاڭ، بىرچاغلاردىن كېيىن باھار بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ، پۈتۈن ئاۋازى بىلەن ئىچ - باغرىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— جېنىم ئانا، سىز ساپ، ئاق كۆڭۈل، تۈز، ئەقىللىق ۋە ۋىجدانلىق ئاياللارنىڭ بىرى ئىدىڭىز، دۆلىتىمىز تازا قىينىچىلىق كۈنلەردە قالغان چاغلىرىدا، دادام ۋاقىتلىق قىينىچىلىقنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئائىلىمىز بويىچە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە ئۈندەپ، پاسپورتلارنىمۇ ھەل قىلىپ بولغاندا، سىز ئۇنىڭ بىلەن ماڭمىدىڭىز، سىزنىڭ شۇ چاغدا دادامغا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ "كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاڭ بول" دېگەن تەمسىلى بىلەن جاۋاب بەرگىنىڭىز تا ھازىرغىچە ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا مەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە ئانچە چۈشىنىپ يەتمىگەنتىم، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، مەكتەپلەردە ئوقۇپ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغاندىن كېيىن، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە ئاندىن چۈشىنىپ يەتتىم، ۋەتەندىن ئايرىلغان كىشى، جېنىدىن ئايرىلغان كىشىگە ئوخشاش، مەن بىرمەزگىل سىزدىن ئاغرىنىپ، شۇ چاغدا دادام بىلەن بىللە كەتكەن بولساقمۇ، بەلكىم بۇ كۈنلەرگە قالماس ئىدۇق دەپ ئويلىغانىدىم، كېيىنچە مەن تېخى بىر ئامال قىلىپ ئۆز خىيالىمدا دادامنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتسەممىكىن دېگەن ئويغىمۇ كەلگەنىدىم، ئەمما ئويلاپ باقسام، ۋەتەن تۇپرىقى ھەممىدىن ئەزىز ئىكەن، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن كىشى ئۆزىنىڭ

قىزىنى سۆيەمدۇ؟ ئەگەر دادام بىزنى راستتىنلا سۆيگەن بولسا، ئەينى ۋاقىتتا بىزنى تاشلاپ كەتمىگەن بولاتتى. جېنىم ئانا، ئىنسانلار ھاياتىدا ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسە سىزدە بار ئىدى، سىزدە ئالتۇندەك ساپ يۈرەك بار ئىدى. شۇغىنىسى ھازىر سىزنىڭ قىزىڭىز سىزگە زادى يۈز كېلەلمەيۋاتىدۇ. قىزىڭىز سىز زادى يول قويمايدىغان ئەسكى بىر ئىشنى قىلىپ قويدى، زادى كەچۈرگىسىز بىر ئىشنى قىلىپ قويدى. دەسلەپتە تەقدىر دېگەن نېمە پېشانەمنى ئەخمەق قىلىپ ئوينىغان بولسا، كېيىنچە جاڭ خۇەي دېگەن ئەبلەخ مېنى دەپسەندە قىلدى، بىراق ئويلاپ باقسام ئاخىرقى ھېسابتا، ئۆزۈم-ئۆزۈمنى ئالدىغاندەك بوپتىمەن. مەن ئەمدى ھېچكىمدىن كۆرمەيمەن، پەقەت ئۆزەمدىنلا كۆرىمەن. جېنىم ئانا، ھازىر ماڭا پۇشايماننى ئالدىغان قاچا يوق. خاتالىقىمنى تۈزىتىپ يېڭى يولغا مېڭىپ، مىللىتىم ئۈچۈن، ۋەتىنىم ئۈچۈن ئاز-تولا تۆھپە قوشاي دەپ خىيال قىلغان بولسامۇ، ھازىر ئۇنى قىلىشقا ئىقتىدارسىزمەن. قانداقتۇر ھازىرقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، جۈملىدىن ئۆزۈمدىمۇ، پەقەتلا "ئۆزۈم" دېگەنلا نەرسە بار. مېنىڭ ھازىر ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىشتىكى سەۋەبىمۇ بەلكىم شۇ بولسا كېرەك. مېنى كەچۈرگەيسىز جېنىم ئانا! ماڭا ھازىر ياشاش زادىلا مۇمكىن بولماي قالدى، جېنىم ئانا، سىزنىڭ دەردلىك تېنىڭىز كۆمۈلگەن تۇپراقنىڭ يېنىغا، قىزىڭىزنىڭمۇ ئۈمىدسىز روھى قوشۇلسۇن! ئىسسىق باغرىڭىزدا سىزنى مەڭگۈ قۇچاقلاپ ياتاي، ئېھ، جېنىم ئانا، مەندەك بىر كېرەكسىز، بىچارە، تەلەيسىز قىزىڭىزنى كەچۈرگەيسىز!! ئېھ، جېنىم ئانا...

باھارنىڭ ئۈنلىرى بوغۇلۇپ، خىرقىلداپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ

قورسىقىنىڭ سۇس مۇجۇپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سەل-پەل ئۆزىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇپ، نەدىندۇ بىر كىشىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك قىلدى-دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ بېقىۋىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ خىيالىدا بەلكىم ئانامنىڭ روھى يىغلاۋاتىدىغاندۇ دەپمۇ ئويلىدى.

ئارقىدىنلا يىراق يەرلەردىن "ھۇۋۇ-ھۇۋۇ-ھۇۋۇ! دېگەن ئىتنىڭ ياكى بۆرىنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھۇۋۇلاشلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باھارنىڭ ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ بارغانسېرى دەرمانسىزلانغاندەك بولۇپ، قورسىقى چىدىغۇسىز ھالدا ئاغرىپ كەتتى. بۇ چاغدا نەدىندۇ بىر يەردىن سەكرەپ چىقىپ كەلگەن ئىككى كۆكۈش ياۋا مۈشۈك،" مياۋ-مياۋ! قىلىپ، باھارنىڭ كەينىدىلا پومداقلىشىپ كەتتى. بۇ ھالەت كىشىنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. ياۋا مۈشۈكلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ۋال-ۋۇل قىلىپ، كۆكۈش نۇرلار چاقنايتتى. ئۇلارنىڭ مياڭلاشلىرى خۇددى كىچىك بالىلارنىڭ ئاچچىق يىغىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. باھار قورققىنىدىن ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ۋەھىمە سالماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۆشلىرىنى گويا بىرسى پىچاق بىلەن تىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئاغرىق ئازابى خۇددى كېكىردىگىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە ئىككى قولى بىلەن يەر تاتىلايتتى...

باھارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ، باھاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەۋرىنىڭ دالدىسىدا مۆكۈنۈپ باھارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتكەن لىۋكاتىپ مانا

ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ھېلىقى ئىككى ياۋا مۈشۈكنى قوغلىۋەتتى ـ دە، باھارنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى، چىرايلىرى تاتىرىپ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى، لىپىلداپ تۇرغان كىرپىكلىرى سۇغا چىلاشقاندەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئېگىز قاڭشالىرىنىڭ ئىككى يېقىدىن ئېقىپ چۈشكەن تارام ـ تارام ياش تامچىلىرىنى، لەۋلىرىنى چىشلەپ قان چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆردى.

ــ يولداش باھار، يولداش باھار، مەن ليۈكاتىپ بولىمەن، قورقماڭ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! دېدى كاتىپ باھارنى يۆلەپ تۇرۇپ.

باھار كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىر كىشىنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى غۇۋا سەزدى ـ دە، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ليۈ كاتىپنى ئىتتىرىۋېتىپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭدا ماغدۇردىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى يەرگە چىڭ تىرەپ تۇرۇپ، قاتتىق ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇ ئاغرىققا چىدىمىدى بولغاي، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ياقىسىنى شارتتىدە تارتىپلا يىرتىۋەتتى ـ دە، قاتتىق چىرقىراپ، ئۆزلۈكىدىنلا يەرگە سىرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پاچىقىدىن ئېقىپ چۈشكەن قېنىق خۇنلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى، كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى ۋە يەرنى بويىۋەتكەنىدى...

ليۈكاتىپ ئالاقزادە بولۇپ، ھودۇققان ھالدا باھارنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. باھارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدىن، پاچاقلىرىدىن قان توختىماي ئېقىپ چۈشۈپ، كاتىپنىڭ پۇتلىرىغا ئىسسىق ـ ئىسسىق تېگەتتى. لېكىن ئۇ بۇلار بىلەن كارى بولماي، شۇ ماڭغان پېتى ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىۋكاتىپ بۇ بىتەلەي قىزنى كۆتۈرۈپ، ۋەھىمىلىك قاراڭغۇ تۈندە، مۇدۇرۇپ-سۈرۈلۈپ مېڭىپ، ئاخىر شەھەرگە كىرىدىغان چوڭ يولغا يېتىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇددۇل تەرەپتىن ئۆتكۈر ئىككى قاتار چىراغ نۇرى بارغانسېرى ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلدى. لىۋكاتىپ گويا نىجات تېپىلغاندەك. "ئۇھ" دەپ ئەركىن نەپەس ئالدى.

## 6

لىۋكاتىپ قولىدا سومكا كۆتۈرۈپ، دوختۇرخانىنىڭ ياتاق بىناسىنىڭ ئۇزۇن كارىدورىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ چەتتىكى بىر يالغۇز كىشىلىك ياتاققا قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇرنىغا ھەر خىل دورىلارنىڭ پۇراقلىرى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئۇ ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ ياتاققا كىردى. باھار ئاپئاق يوتقان كىرلىكىگە پۈركەنگەن پېتى كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ لىۋكاتىپنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ھېچقانداق تۇيغۇ-ھېسسىياتتىن ئەسەر يوق چىرايىنى ئاستا كۆتۈرۈپ كاتىپنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدى.

— يولداش باھار، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ كاتىپ يېقىملىق ئاۋازدا سورىدى. باھار بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

خېلى يىللاردىن بۇيان، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇنداق ئاتاپ باقمىغانىدى. بۇ ئۇنى بىرئاز گۇمانسىرىتىپ قويدى:

— بۇ مېنىڭ ئىسمىمما؟ كىشىلەر مېنى "بىكارچى" دەپ

ئاتايتتىغۇ؟! ياق، مېنىڭ ئىسمىم "بىكارچى" ئەمەس، ئادەمگىمۇ شۇنداق ئىسىم قويامدۇ؟ مېنىڭ ئىسمىم باھار، ئانام مېنى تۇغۇپ ئەزان ئېيتىپ قويدۇرغان ئىسمىم باھار ئەمەسمۇ؟ باھار دېگەن نەقەدەر چىرايلىق يېقىملىق ئىسىم-ھە! ئۇ دېگەن تەبىئەتنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز گۈزەللىكى، ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى، جانلىق، قايناق ھاياتلىقنىڭ ئالامىتى... ئەمما... لېكىن... مۇشۇنداق بىر چىرايلىق ئىسىم ئەمدى ماڭا مەنسۇپ بولماي قالدى، ھاياتىمنىڭ يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ قاقشاللىشىپ كەتتى، ئەمدى ئۆمۈرۋايەت ياشارمايدۇ، كۆكلىمەيدۇ. باھار ئەمدى ماڭا مەنسۇپ ئەمەس، باھاردىكى يېشىللىقمۇ ماڭا مەڭگۈ مەنسۇپ ئەمەس، ھېچقانداق نەرسە ماڭا مەنسۇپ ئەمەس، ماڭا ھازىر مەنسۇپ بولغىنى "بىكار"دېنلا ئىبارەت!

— يولداش باھار، سىز ھازىر خاتىرجەم بولۇپ، ئوبدان دەم ئېلىپ، سالامەتلىكىڭىزنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ، باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىماڭ، قايتىدىن روھلىنىپ، ئانىڭىز قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ھايات دېگەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزغا ئوخشاش گۈزەل نەرسە، ھايات بولسىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى كاتىپ سومكىسىدىن كونسېرۋا، سۈت پاراشوكى ۋە باشقا مېۋە-چېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى چىقىرىپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

— ياق، ليۇكاتىپ، مەن بىر ئارتۇقچە ئادەم، نىجىس ئادەم، مەندە ئۈمىد يوق، — دېدى باھار مەيۈسلەنگەن ھالدا.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئۈمىد سىزنىڭ قەلبىڭىزدە، ئۇ ھېچقاچان سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن چىقىپ كەتكىنى يوق! بىز ئاپلاپ يىللاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىكار تۇرماي، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەپ كېلىۋاتىسىز، ئۇنىڭدىكى مەقسەت نېمە؟ شۇنىڭ ئۆزى ئۈمىد! باھار، سىز ئۆزىڭىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى خار ھېسابلىماڭ! سىز بىر ئەقىل ئىگىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز تېخى ياش، ئالدىڭىزدا سىزنى كۈتۈپ تۇرغان نى ـ نى ئىشلار بار، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش دېگەن نېمىنى بىلدۈردۇ؛ ئۆزىنى ھالەك قىلىشتىن ئىبارەت! نېمىشقا يەنە ئۆزىڭىزنى ھالاكەتكە تۇتىسىز؟

— ياق، كاتىپ، سىز بىلمەيسىز، مەندە ھازىر ئۈمىد قىلىش ھوقۇقىمۇ يوق بولۇپ قالدى، ئۈمىد قىلىشنىڭ ئۆزى پەقەت ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈم ئالداشتىكى بىر خىل قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپ قالدى. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ھالاك قىلماقچى ئەمەسمەن... بەلكى... شۇ... جەمئىيەت.

باھار گويا يىراق ـ يىراقلاردىكى خاتىرىسىنى ئەسلەۋاتقاندەك، بىرپەس توختىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇرۇن مەن مۇنداق ئەمەس ئىدىم، ئۇ چاغلاردا مېنىڭ غايىلىرىم، ئىستەكلىرىم، ئىشەنچە، ئەقىدىلىرىم بار ئىدى، مەنمۇ ھەممە كىشىلەرگە ئوخشاش جۇشقۇن ـ شوخ ئىدىم، شان ـ شەرەپ، ئىززەت ـ ئابروينى خالايتتىم... ئانام زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ، مەن چۆل ـ جەزىرىلەرگە بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ، ئۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم بولغان ئەمەسمەن، شۇلار تېخى ئېسىمدىكى كىچىك باللىق چاغلىرىمدا ئانامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، ئاسماندىكى ئاي ـ يۇلتۇزلارغا قاراپ، قانات چىقىرىپ ئاسمانغا چىقىپ، كۆك ئاسماندا، ئاي ـ يۇلتۇزلاردا زادى نېمىلەر بارلىقىنى بىلىپ باققۇم كېلەتتى. مەن ھەمىشە بىر جۈپ قانات

چىقرىپ، كۆكلەردە ئۇچۇپ-پەرۋاز قىلىپ ئويناپ يۈرىدىغان چۈشلەرنى كۆرەتتىم. ناخشا-ئۇسسۇللارغا بەكمۇ خۇشتار ئىدىم، ئىلى ناخشىلىرىنى دۇتار بىلەن خېلى ئوبدانلا ئېيتاتتىم، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى سىنىپىدىكى چېغىمدا، بىر قېتىملىق شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا مۇسابىقىسىدە تېخى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغانىدىم. ئانام ھەمىشە ماڭا: "قەلبىگە ئۈمىد ۋە بەخت تولغان كىشى ناخشىچى بولالايدۇ" دەيتتى. ئۇ چاغلاردا مېنىڭ قەلبىمدە راستتىنلا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئۈمىد يالقۇنلىرىنى پىئونېرلار ئەتىرەت بايرىقىدىكى مەشئەل تۇتاشتۇرغانىدى. كېيىنچە بۇ ئۈمىدلەر بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ھەتتا ناخشىچى، يازغۇچى، ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ قەلبىگىچە تۇتاشقانىدى. مەن كىتابخۇمار ئىدىم، نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىققانىدىم. بەزىدە تېخى ساراڭلاردەك، كىتابلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ كېتەتتىم، ئۇلار بىلەن يىغلاپمۇ كېتەتتىم، ئۇ چاغلاردا پۇل تاپسىلا كىتاب ئالاتتىم، كىشىلەر مەندىن كۆپ كىتابلارنى ئارىيەتكە ئېلىپ كۆرەتتى. ئۇ كىتابلار ماڭا: دۇنيانىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ھايات-لىقنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ھەقىقانىيەت چوقۇم جاھالەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن كۆيۈمچان بولۇپ ئۆتۈشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بېرەتتى... ئەمما... كېيىنكى...

— كېيىنكى چاغلاردا قانداق ئىكەن؟ ئەمەلىيەت كىتابلاردا سۆزلىگەندەك ئەمەسمىكەن-ھە؟ باھار، ئۇ پەقەتلا ۋاقىتلىق ھادىسە، دۇنيا يەنىلا گۈزەل، ئىنسان يەنىلا گۈزەل، ھايات يەنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

گۈزەل، بۇلار مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، — دېدى كاتىپ باھارنىڭ كېپىنى ئۈزۈپ.

— ياق ئۇنداق ئەمەسكەن! كىتاب بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ خېلى پەرقى بار ئىكەن...، — دېدى باھار بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا، تاك-تاك قىلىپ ئىشىكنى چەككەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ليۇكاتىپ. ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشقاچ:

— يولداش باھار، ھېچ نەرسە ئويلىماي، ئوبدان دەم ئېلىڭ، سالامەتلىكىڭىز تېخى راۋۇرۇس ئەسلىگە كەلمەپتۇ، مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرگىلى خېلى ئۇزۇن يىللار بولدى، ئاخىر سىزنى تاپتىم، سىز تەلتۆكۈس ساقىيىۋالغاندىن كېيىن، مېنىڭ سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان، سىزنىڭ ئەڭ قەدىرلىك كىشىڭىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئامانىتى بار، سىز ئالدى بىلەن ئوبدان دەم ئېلىڭ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن سىزنى ئېلىپ چىكەتكىلى كېلىمەن، ئاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى! — دەپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك تۇۋىدە رەتلىك كىيىنگەن يالقۇن تۇراتتى، بۇنى كۆرگەن باھار، خىجىللىقتىمۇ ياكى كۆڭلىنىڭ يېرىملىقىدىنمۇ، بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك يۈز-كۆزىنى يوتقان كىرلىكى بىلەن چىڭ پۈركىۋالدى.

ليۇكاتىپمۇ يالقۇننىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىغا ھەيران بولۇپ؛ يالقۇننىڭ تەبەسسۇم قاپلىغان چىرايىغا قاراپ، قانداقتۇر بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك، ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلماي ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە بىرنى قېقىپ قويۇپ، ئۇمىدكە تولغان كۆز نۇرلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

. . . . . . . . . . .

## 7

باھار دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى.

ئۇ تېخى ئۆلۈۋېلىش نىيىتىدىن يانماي، دېرىزىدىن ئاستا ـ ئاستا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش نۇرىغا قاراپ، كۆڭلى تېخىمۇ غەشلىشىپ، بىر تەرەپتىن ليۇكاتىپنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلانسا يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ: مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولدى، ئاخىر تاپتىم، مەن سىز تەلتۆكۈس ساقايغاندا سىزنىڭ ئەڭ قەدىرلىك كىشىڭىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن دېگەن سۆزلىرىنى ئويلاپ، قانداقلا بولمىسۇن ليۇكاتىپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقاي، ئۇنىڭ دېگەن ئامانىتىنى بىر كۆرۈپ باقاي، قارىغاندا ئۇ خېلى تۈزۈك ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن كېتىدىغان يېرىمگە كەتسەممۇ بولىدىغۇ؟ دەپ، ليۇكاتىپنىڭ كېلىشىنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

ليۇكاتىپ ئاخىر كەلدى، ئۇنىڭ قولىدا يەنىلا جىق نەرسىلەر بار ئىدى.

— ھە، يولداش باھار، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ خىزمەتلەر ئالدىراش بولۇپ، سىزنى دوختۇردىن ئەكىلىپ قويۇپلا ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، رەنجىمىگەيسىز. چىرايىڭىز خېلى ئوبدان بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، يەنە بىرمەزگىل دەم ئالسىڭىز، تەلتۆكۈس ياخشى بولۇپ كەتكۇدەكسىز! — دېدى ليۇكاتىپ باھارنىڭ خېلى ئوڭشىلىپ قالغان چىرايىغا قاراپ.

باھار بېشىنى سەل لىڭشىتقاندەك قىلدىيۇ، قولى بىلەن كارىۋاتنىڭ

ياغىچنى تاتلاپ تۇرۇپ، ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلمىدى، ئۇنىڭ بېشى بارغانسېرى پەسكە ساڭگىلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— باھار، بەزىلەر ھەممىدىن قەيسەر يۈرەك يەنە ھەممىدىن ئاجىز يۈرەكتۇر دېگەن ئىكەن، شۇنداقلا سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ئەسلىدىنلا قەيسەر ئىكەن، ئۇنى گۈزەل يالقۇن يېڭىباشتىن يالقۇنلاتسۇن، ئۇنى قايتا قەيسەرلەشتۈرسۇن! مەڭ، بۇ ئانىڭىزنىڭ ئامانىتى، ئۆز قولىڭىز بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىڭ! — دېدى لىيۇكاتىپ يانچۇقىدىن بىر دانە كونا قول ياغلىقىغا ئورالغان نەرسىنى چىقىرىپ، باھارغا سۇنۇپ تۇرۇپ.

— ئاھ، بۇ ئانامنىڭ ھالقىسى ئەمەسمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى باھار ياغلىقنىڭ ئىچىدىكى يالتىراپ تۇرغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىنى كۆرۈپ. ياغلىقنىڭ ئىچىدە ھالقىدىن باشقا يەنە بىر پارچە سارغايغان خەت يېزىقلىق يېرىم ۋاراق قەغەز تۇراتتى، بۇ باھارنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا قالدۇرغان ۋەسىيەت ئىدى، باھار تىترىگەن ھالدا ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

"جېنىم قىزىم باھار:"

بۇ ئاناڭنىڭ ساڭا قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر خاتىرىسى، قوبۇل قىلغايسەن. مەن ئانىلىق نامىم بىلەن ساڭا شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن ۋەتەن ئالدىدا، مىللەت ئالدىدا بىگۇناھمەن، مەن ئىشپىيون ئەمەس!

"جېنىم قىزىم باھار، شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلىغىنىڭكى، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللار تارىختا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان ھادىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس! شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، جاھان ھەمىشە مۇنداق بولىۋەرمەيدۇ، تارىخ ھامان ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ!...

ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىن!

سېنىڭ ئاناڭ ئامىنىدىن

1967 يىل 10-ئاينىڭ 20-كۈنى."

باھار ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ چاڭگاللاپ، يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاران قالغان ھالدا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— جېنىم ئانا، قىزىڭىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقىدىغان بولسىڭىز كۆڭلىڭىز نەقەدەر يېرىم بولاتتى-ھە!... مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجىلمەن، سىزگە زادى يۈز كېلەلمەيمەن!...

— يولداش باھار، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، روھلىنىپ ئالغا قاراڭ، سىزگە ئېيتىپ قويىدىغان يەنە بىر ئىش، جاڭ خۇەي ئۇچىغا چىققان بۇزۇق، ئەسكى ئەبلەخ ئىكەن. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن بۇغا مۈڭگۈزى، ئىپار، زەپەر قاتارلىق ئېسىل دورىلارنى شياڭگاڭلىق سودىگەرلەرگە قىممەت باھادا سېتىپتىكەن، نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. شۇ يەردىكى ج خ ئىدارىسىدىن، ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرگىلى ئادەم كەلدى. بۇ "ئىنقىلابتا" "راكېتا"دا ئۇلتۇرۇپ ئۆسكەن بۇزۇق ئۇنىسۇر ئاخىر قانۇندىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ. سىز ئەگەر ئۇنىڭ باشقا مەسىلىلىرىنى بىلسىڭىز، پاش قىلىڭ! — دېدى ليۈ كاتىپ باھارغا.

باھار جاڭ خۇەينىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، غەزىپى ئۆرلەپ لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، ئۇ تازا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى، بۇ تىنىق گويا ئۇنىڭ كۆكسىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى سىقىلىپ چىقالماي تۇرغاندەك قىلاتتى.

— مۇشۇنداق بىر كۈنمۇ كېلەرمۇ دەپ كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، بۇ كۈنمۇ ئاخىر كەپتۇ! — دېدى باھار غەزىپىگە پايلىماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — مەن ئۇنىڭ

ئۇستىدىن شىكايەت قىلمەن! ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى! — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياشلار تاراملاشقا باشلىدى.

— يولداش باھار، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئەمدى ھېچكىم سىزگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، ئاشۇ جاڭ خۇەيگە ئوخشاش بىر ئوچۇم ئىش بۇزدىلار نەچچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ نامىمىزغا چېپچىپ، پارتىيە ئىستىلىنى بۇزۇپ، پارتىيىمىزنىڭ نامىنى بۇلغىۋەتكەن، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزۇۋەتكەن! — دېدى ليۇكاتىپ باھارغا تەسەللى بېرىپ.

— ليۇكاتىپ، مەن ھېلىقى خاتالىقنى سادىر قىلغاندىن كېيىن، ئەمگەك بىلەن بىر يىل سىناپ كۆرۈش جازاسىغا ئۇچرىدىم، ئەلۋەتتە، خاتالىق ئۆتكۈزگەنىكەنمەن،بۇ جازانى تارتىشىم تېگىشلىك. شۇندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق، مېھنەت تەرلىرىم ئارقىلىق ئۆز گۇناھىمنى يۇيماي دەپ، ھەر كۈنى سەھەرلەپ ئىشقا كېلىپ، كەچلەپ ئىشتىن چۈشۈپ، باشقىلار بىر ساندۇق كۆتۈرسە مەن ئىككى ساندۇق كۆتۈرۈپ دېگەندەك جان تىكىپ ئىشلىسەممۇ، جاڭ خۇەي ئۆزىنىڭ قولىدىكى ھوقۇقىغا تايىنىپ، مېنىڭ جازايىمنى ئېلىپ تاشلىمىدى. نېمە ئۈچۈن دېسىڭىز، مەن ئۇنىڭ پەسكەش تەلىپىگە ماقۇل دېمىگەنىدىم. دەسلەپتە ئۇ تەشكىلىنىڭ ئانامىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ماڭا مەلۇم نەپىقە ھەققى بەرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ پۇلغىمۇ قىزىلكۆزلۈك قىلىپ، مەندىن يۈز تۇرانە سوراشقا پېتىنالماي دارىتمىلاپ:

— جازايىڭىزنى ئېلىپ تاشلاش مەسىلىسىگە مەن ئىگە بولالمايمەن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە لايىقىدا ھال-ئەھۋال ئېيتىپ، ئاز-تولا سوغاۋ-سالام بەرسەك ئاندىن ئىشىڭ تېزرەك ھەل

بولىدۇ. مەندە ئۇلارغا بەرگۈدەك پۇل بولمىسا قانداق قىلىمەن؟ دېدى. مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى شۇ ئانلا ئۇقۇپ، ئىككى يۈز كوي پۇلنى نەقلا قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئارىدا ئۇ يەنە مانا-ئەنە دەپ يۈرۈپ ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى، يەنىلا جازايىمنى ئېلىۋەتمىدى. سەۋەبى نېمىكەن دېسەم، پوزىتسىيەيىم ياخشى ئەمەسمىش. پوزىتسىيەيىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگىمۇ پۈتۈنلەي جاڭ خۇەي مەسئۇل. ئۇ ھەمىشە بەزى كىشىلەرنى ماڭا ھاقارەت قىلىشقا، دەپسەندە قىلىشقا، خورلاشقا كۈشكۈرتۈپ يۈردى. بەزىدە مەن ھەقىقەتەنمۇ دەردىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي، ئۇلار بىلەن تەگمۇ-تەگ تۇردۇم، مانا مۇشۇلار مېنىڭ پوزىتسىيەمنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى ۋە جازايىمنى ئېلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىدىكى سەۋەبلەرمىش! ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى، مېنى بىر دەپسەندە قىلىپ، پەسكەش ئارزۇسىنى قاندۇرۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن جازانى ئېلىۋاتماقچى. مۇشۇ نەچچە يىللار ئىچىدە ئۇ ماڭا كۆپ قېتىملاپ پەسكەش تەلەپلەرنى قويغان، بىراق مەن ئۇنى يېقىنمۇ يولاتمىدىم. بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى بىركۈنى كەچتە، ئۇ باشقىلارنىڭ كىنوغا كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ياتاقىقا باستۇرۇپ كىرىپ ماڭا:

— ھە، كىنوغا بارماپسەنغۇ؟ ئىچىڭ پۇشمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ھىجىيىپ تۇرغان سەت تەلەتىگە قاراپ، يىرگىنىش ۋە غەزەپ-نەپرەت ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقىپ غەزەپ بىلەن:

— چاتىقىڭ نېمە؛ چىق ياتاقتىن! دەپ توۋلىدىم. ئۇ مۇناپىق تېخىمۇ سەت ھىجىيىپ، سارغىيىپ داتلىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىقىرىپ، مېنى ئەخمەق قىلغان قىياپەتتە.

— ھەقىقەتەنمۇ "بىكارچى" ئىكەنسەن، نېمىشقا كاللاڭ ئىشلىمەيدۇ؟ جازايىڭنى ئېلىپ تاشلاشنى ئويلىمامسەن؟ ئەگەر بۈگۈن بىر قېتىملا گېپىمگە كىرسەڭ، جازايىڭنى دەرھال ئېلىۋېتىمەن. نامىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئاقلايمەن... بولمايدىغان بولسا...، — دېدى.

— ۋاي نومۇسسىز، كاززاپ، ھايۋان، يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ نەپرەت بىلەن ۋارقىرىدىم. بۇ مۇناپىق جاڭ خۇەي يەنىلا قېلىنلىق قىلىپ گۈشرىيىپ كۈلۈپ،

— ھەي "بىكارچى": مۇنداق جاھىللىق قىلما، سەنمۇ خېلى ياشلارغا بېرىپ قالدىڭ، مۇنداق ئارزۇ-ھەۋىسىڭنىڭ يوقلۇقىغا چورت ئىشەنمەيمەن، ياشلىقتىكى ئەڭ شېرىن نەرسىلەرنىڭ لەززىتىنى ئازراق بولسىمۇ تېتىپ كۆرۈۋال، گۈزەل ياشلىقىڭ مۇشۇنداق لاي سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋەرمىسۇن! كىشىلەر سېنى قىزىل ئالمىدەك چىرايلىق دېيىشىدۇ، قىزىل ئالمىمۇ پىشقاندا شېخىدا تۇرماي چۈشۈپ كېتىدۇ...، — دېدى.

ئۇ چاغدا مېنىڭ غەزەپ-نەپرىتىمدىن بەدەنلىرىمگىچە تىترەك ئولىشىپ، دەر غەزەپ بىلەن: "يوقال كۆزۈمدىن، بولمىسا ئۈستۈڭدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن!" دېدىم-دە، بىر ئىتتىرىپلا ئۇنى موللاق ئاتقۇزۇۋەتتىم.

"مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي‑كى، سېنىڭ بۇ پېشانەڭدىكى داغ ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەيدۇ! سېنىڭ بۇ ئەپسانە گەپلىرىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ سوت مەندەك كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ گېپىگە ئىشىنەمدۇ، ياكى سەندەك بىر ئوغرىنىڭ گېپىگە ئىشىنەمدۇ؟ بۇنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەنغۇ دەيمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە كومپارتىيە ئەزالىرىغا قارا چاپلىغان، كۆيدۈرگىلىك قىلغان دېگەن جىنايەتنىمۇ ئۈستىلەپ

ئۆزۈڭگە قوشۇۋالسەن“ دېدى جاڭ خۇەي ھەيۋە قىلىپ تۇرۇپ ۋە شۇ پېتى يەردىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، غالجىر ئىتتەك ماڭا ئېتىلىپ كەلدى.

مەن ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمدە بىرمۇنچە خىياللار پەيدا بولدى. ”راست دېگەندەك ئۆزۈم ئوغرىلىق قىلىپ قويغان تۇرسام، مېنىڭ گېپىمگە كىممۇ ئىشىنەر؛ بۇ ئادەم تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان بۆرىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كەلمەيتتى؟ ئەگەر ئۇ راستىنلا ماڭا قارا چاپلىدى دېگەن گۇناھنى ئۈستىلەپ ئارتىپ قويىدىغان بولسا، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك بولمامدۇ؟! مەن بىر قېتىم خاتا ئىش قىلىپ قويغان ئىكەنمەن، ئەمدى ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر خاتا ئىش قىلغان بولاي، شىللامدىن تاغدەك بېسىپ تۇرغان بۇ جىنايى جازا ئېلىپ تاشلانسىلا مەيلىغۇ!...

لېكىن بىردىنلا ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىگە خاس بولغان ئىنسانلىق ۋە قىزلىق غۇرۇرۇم بۇ خىياللارنى رەت قىلىپ، بۇنداق بۇزۇق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىش كېرەك دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، ياتاقتىن چىقىپ ئۇدۇل ساقچىغا بارماقچى بولدۇم. بۇ ئىپلاس ئاللىقاچان پەملەپ بولغان بولسا كېرەك، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋالدى، بەجايىكى ئۇ ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ كەلگەنچە مېنى كارىۋاتقا باستى. مەن ۋارقىراپ، چىشلەپ، تېپىپ جېنىمنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتىم، لېكىن مەندەك بىر ئاجىز بەندە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىدىم. ئۇ ئاخىر ئىشتان بېغى بىلەن قولۇمنى باغلاپ قويۇپ، ئاغزىمغا بېشىمدىكى ياغلىقنى ئېلىپ تىقىپ قويدى، شۇنداقتىمۇ پۈتۈم بىلەن ئۇنى تېپىشلەپ ئۇنى زادى يېقىن كەلتۈرمىدىم. ئاخىر بۇ ئەبلەخ باشقا ئامال قىلالماي پەيلىنى بۇزۇپ،

كانىيەدىن سىقىپ تۇرۇپ، مۇشتۇمى بىلەن ئۇرۇپ، مېنى ھوشۇمدىن كەتكۈزۈەتكەندىن كېيىن، ئاخىر مېنى دەپسەندە قىلىپتۇ. ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن قارىسام ئۇ ئەبلەخ ھېچ-قانداق بىرەر ئىش بولمىغاندەك، ياتاقنى رەتلەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، ياتاقتىكىلەرمۇ قايتىپ كەپتۇ.

شۇ كېچىسى مەن قان-قان يىغلاپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ تەشكىلگە ئېيتاي دېسەم مەن بىر قىز بالا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر خىتاي، مەن بىر ئۇيغۇر، بۇنداقتا چوقۇم ئۆزۈمنىڭ يۈزى تۆكۈلۈپ تېخىمۇ خورلۇقتا قالىمەن، ئېيتماي دېسەم بۇ دەرد-ئەلەمنى قانداقمۇ سىغدۇرغۇلۇق؟ ئاخىر مەن ئۆز ۋىجدانىمغا خىلاپلىق قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ بۇ ماڭا قارىتىپ ئاتقان شىددەتلىك ئوقلىرى ئالدىدا، خۇددى بىر گاچا ئاچچىق بويا يەۋېلىپ دەردىنى كىشىگە ئېيتالماي قالغاندەك، بۇ دەرد-ئەلەملەرنى قان قىلىپ يۇتۇپ جىم بولۇپ قالدىم، بىراق ئاشۇ كۈنى... دەپلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئېقىشقا باشلىدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، يولداش باھار، بۇنداق ئەبلەخلەر قانۇندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەپسىلىي ماتېرىيال يېزىپ بېرىڭ! — دېدى ليۇكاتىپ باھارغا تەسەللى بېرىپ.

— ليۇكاتىپ، ماڭا تەسەللى بېرىۋەرمەڭ، ئۇ قانۇنغا تارتىلغان بىلەن ماڭا نېمە پايدىسى؟! مەن يەنىلا مەن، مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىم بەربىر ئەمەلىيەت! بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە ھەقىقەت بىلەن رېئاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ ئىكەن. كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە شەكىللىنىپ قالغان نەرسە ئاسانلا ئۆزگەرمەيدىكەن. جاڭ خۇەي دېگەندەك، مېنىڭ پېشانەمگە چۈشكەن بۇ قارا داغ ئەمدى مەڭگۈ

يوقىمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پاسكىنىلىق قوشۇلدى. مانا ئەمدى مەن خۇددى پۈرۈشنى ئۆزۈلۈپ كەتكەن قۇتۇر سائەتتەك ماڭالماس بولۇپ قالدىم. باھار كۆز چانىغىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتتى.

— يولداش باھار، مەن سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ "پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ" دېگەن تەمسىلنى بىلىمەن، بۇنداق قىلىپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ، بەك ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ، تۇرمۇشتا پەقەت ئاجىز ئادەملەرلا ئۈمىدسىزلىنىدۇ. سىز تېخى ياش، ھازىر سىز ھايات دېڭىزىدا تازا ئېلىشىپ ئۈزىدىغان چېغىڭىز، ئۇنداق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ! ئۈمىدسىزلىنىش بىلەن ھېچقانداق نىشانغا يەتكىلى بولمايدۇ! سىزگە بېرىلگەن جازا ئۈستىدە تۈنۈگۈن رەھبەرلىك تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئېلىپ تاشلىنىدىغان بولدى، ئەتە-ئۆگۈن يىغىن ئېچىپ، ئاما ئارىسىدا ئېلان قىلماقچى، سىز خاتىرجەم دەم ئېلىڭ! — دېدى ليۇكاتىپ باھارنىڭ سۈزۈك چىرايىغا، يۇمران تەنلىرىگە، چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىرمۇنچە خىياللار كېچىپ ئۆتتى: بۇ قىز ئۆز ئالدىغا خاراكتېرى بار قىز ئىكەن، گەرچە ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە ئانچە توغرا بولمىغان بىر نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆتكۈر، مۇلاھىزىلىرى ئېنىق ئىكەن، ئەقىل-پاراسەتنىڭ ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭدا چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئوبدان قىز ئىكەن، پەقەت مەلۇم ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىنلا، ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. شۇڭا بىز ئۇنى توغرا يولغا باشلاپ، ئۇنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، ئۇ ھازىر پەقەتلا خىرەلىشىپ قالغان بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىغا ئوخشاپ قاپتۇ، بىز پەقەت ئۇنى يۇمشاق پاختا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىلەن ئىنچىكىلەپ سۈرتۈۋەتسەكلا، ئۇ يەنە قايتا پارقىرىغىدەك، چۈنكى ئۇنىڭ تەكتى ئالتۇن ئىكەن ئەمەسمۇ!...

باھار مۈرىسىدىن سائگىلاپ چۈشكەن چېچىنى ئويناپ تۇرۇپ، بىرھازادىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ليۇكاتىپ، مەن ئۇچۇن ئىچگىرنى ئاغرىتىپ ئەپسۇسلەنمەڭ، سىزنىڭ مېنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىڭىزغا، ئانامنىڭ ۋەسىيتىنى چىڭ ساقلاپ ماڭا يەتكۈزگەنلىكىڭىزگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، لېكىن، مېنىڭچە ھاياتنى تەقدىم قىلىش يېڭى ھاياتقا ئېرىشىش ئۇچۇن بولىدۇ، مەڭگۈلۈك ئۆلۈش ئۇزلۈكسىز ياشاش ئۇچۇن بولىدۇ، ھاياتىمىنىڭ يورۇق كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەنىكەن، مانا ئەمدى مەن كىچىككىنە بىر قۇلۇۋاق بولۇپ، ھاياتلىق قىرغىقىدا مەڭگۈ توختاپ قالاي!

— ياق، يولداش باھار، ئۇنداق ئويلىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ليۇكاتىپ، — كىشىلىك ھايات ئەبەدىلئەبەد يورۇق كۈندەك بولۇش كېرەك، ئۇ ھەرگىز قاراڭغۇ - زۇلمەت بولماسلىقى كېرەك! دۇنيادا ئىشقىلىپ يورۇق نەرسە كۆپ، قاراڭغۇ نەرسە ئاز بولىدۇ؛ دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ، يامان ئادەملەر ئاز. مەن سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن سەممىي ئاق نىيەتلىك ۋە گۈزەللىكنى كۆردۈم! گەرچە ئۇ ئېغىر ناھايىتى ئاجىز، يۇمران، كىچىككىنە غۇنچە بولسىمۇ، مەن ئىشقىلىپ ئۇنى كۆرەلىدىم! ئۇنى قوغداش مېنىڭ بۇرچۇم!

باھار ليۇكاتىپنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويغا چۆمدى. راست، "تۆت زىيانداش" يوقىتىلىپ، ئەنسىز يىللار ئەمدى كەلمەسكە كەتتىغۇ! ئانامنىڭ نەچچە يىللىق خاتا قىلىنغان ئەنزىسىمۇ

ئاقلاندىغۇ! لېۋكاتېپمۇ ئانامنىڭ ماڭا قالدۇرغان ۋەسىيىتىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، مېنىمۇ يوشۇرۇنچە قوغداپ يۈرگەن ئىكەنغۇ! بۇنداق ئادەملەر جەمئىيىتىمىزدە يەنىلا كۆپقۇ! جاڭ خۇەيدەك بۇزۇق ئۇنسۇرلار قانۇنىي جازاغا تارتىلىش ئالدىدا تۇرۇپتىغۇ! يالقۇندەك پاك ۋىجدانلىق يىگىتلەر ئۆزىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتى بىلەن ئۆزىنى قايتا ھايات قايىنمىغا چۆمۈشكە ئىنتىلدۈرۈۋاتامدۇ! ئۆزىنىڭ رەقىبى بولۇپ كېلىۋاتقان گۈلنار بىلەن نىگارلارمۇ ئۆزرىخاھلىق قويۇپ ئۆتتىغۇ!...

شۇ ئەسنادا، گۈلنار بىلەن نىگار خۇشال ھالدا بىر پارچە خەت كۆتۈرۈپ ياتاققا كىرە-كىرمەيلا:

— باھار، ساڭا سوۋېتتىكى داداڭدىن خەت كەپتۇ! — دېيىشتى.

باھار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، سەل ئىشەنمىگەندەك قىلدىيۇ، گۈلنارنىڭ قولىدىن خەتنى ئىتتىك ئېلىپ قارىدى

لىپاپىنىڭ تېشىغا رۇسچە ۋە ئۇيغۇرچە قىلىپ:

جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى ناخشا-ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى ئامىنە ئارقىلىق قىزىم باھارغا تېگىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالمۇتو دادىڭىز ئەخمەدىدىن" دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

باھارنىڭ يۈرىكى جىغىلدە قىلدى، قوللىرى تىترىگەن ھالدا خەتنى ئاچتى:

"قەدىرلىك قىزىم باھار:

ئەڭ ئالدى بىلەن سىزنى مۇشۇنداق دەپ ئاتىغىنىم ئۈچۈن كەچۈرگەيسىز! چۈنكى مەن سىزنى تېخى بەش ياش چېغىڭىزدا ئانىڭىز بىلەن بىللە تاشلاپ كەتكەنمەن. مېنىڭ سىلەر ئانا-بالا ئىككىيلەنگە قالدۇرغان يۈرەك جاراھىتىنى مىڭ مەرتىۋە تاۋا قىلسامۇ، مىڭ قېتىم كۆز يېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلسامۇ، ئۇنى ساقايتقىلى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مەن ئۆزۈمنىمۇ ئۆزۈم مەڭگۈ كەچۈرمەيمەن! مەن ئاتا دېگەن بۇ مۇقەددەس ئاتاققا مۇناسىپ ئەمەسمەن! مېنى كەچۈرگەيسىز!

ئەگەر خاتالاشمىغان بولسام، سىز ھازىر يىگىرمە ئالتە ياشقا كىردىڭىز. سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز، تېخى ئەمدى تىلىڭىز چىقىپ، دادا دەپ بوينۇمغا ئېسىلغانلىرىڭىز تېخىچە كۆز ئالدىمدا... ئەگەر سىز ھازىر ئالدىمغا كېلىپ ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرمىسىڭىز، بەلكىم تونۇماسلىقىم مۇمكىن. خۇدانىڭ بىر ئاجىز بەندىسى بولغان ئانىڭىز سىزنى قانداق جاپالاردا چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقانلىقى ماڭا ئايان. مەن ئانىڭىزغا ۋە سىزگە زادى يۈز كېلەلمەيمەن، زادى يۈز كېلەلمەيمەن! شۇ چاغدا ئانىڭىزنىڭ ماڭا "خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاڭ بول" دېگەن سۆزىگە ئەمدى چۈشەندىم. دۇنيادا ۋەتەندىنمۇ، يۇرت تۇپرىقىدىنمۇ، ئۆز قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئەزىز نەرسە بارمىدۇ؟ گەرچە ھازىر بىزنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىز زامانىۋىلاشقان بولسىمۇ، يەنىلا بىر نەرسىمىز كەمدەك كۆكسى-قارنىمىز توق ئەمەس. كۈندە شەرق تەرەپكە قاراپ ۋەتەننى، يۇرتنى ئەسلەيمىز!

ئاڭلىشىمچە ئانىڭىز قازا قىپتۇ، بۇنىڭغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر راست بولسا، مەن ئۇچۇن ئانىڭىزنىڭ قەبرىسىگە بىر دەستە قىزىلگۈل قويۇپ قويارسىز، بەلكىم ئانىڭىز ئۇنى قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ بۇ بىردىنبىر تەلىپىمنى ئادا قىلىپ قويغايسىز، شۇنداق قىلغىنىڭىزدىلا مېنىڭ بۇ ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتىلىۋاتقان يۈرىكىم ئازراق بولسىمۇ ئارام تېپىشى مۇمكىن...

جېنىم قىزىم باھار، گەرچە مېنىڭ سىزنى بۇ يەرگە كەلگىن، مەن بىلەن بىللە ياشا دەيدىغان ھوقۇقۇم بولمىسىمۇ، مەن يەنىلا سىزنىڭ بۇ يەرگە بىر كېلىپ كېتىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن!

مېنىڭ يۇرتقا بىر بېرىپ كېلىش ئارزۇيۇم بار، بىراق مەن ۋەتەن ئالدىدا، يۇرت ئالدىدا، مىللىتىم ئالدىدا يۈز كېلەلمەيۋاتىمەن. ئاڭلىسام

ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىتىدا كىشىنى خۇشال قىلارلىق كاتتا ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ، بېرىپ-كېلىشكە يول ئېچىلىپتۇ، بۇ ئارزۇيۇمىمۇ ئەمەلگە ئېشىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، بىراق ئەينى ۋاقىتتا سىلەرنى تاشلاپ، ۋەتەننى تاشلاپ كەتكىنىمنى ئويلىسام، زادى بېرىشقا يۈز كېلەلمەيمەن! ئالدى بىلەن سىز بىر كەلسىڭىز، ئاندىن...

مەندىن يۇرتقا، ۋەتەنگە، ئەل-ئاغىنىلەرگە سالام!

خەۋىرىڭىزنى بىتاقەت بىلەن كۈتۈپ ئاتىڭىز:

ئەخمەدىدىن

1980-يىل 6-ئاينىڭ 4-كۈنى.“

باھار خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، قانداقتۇر ھاياجانلانغانلىقتىنمۇ ياكى ھەسرەتلەنگەنلىكتىنمۇ ئېيتقۇسىز بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمۈلۈپ دېرىزە تەرەپكە ماڭدى.

— ھە، باھار، داداڭ خېتىدە نېمىلەرنى دەپتۇ؟ ئەكىلە، بىزمۇ كۆرۈپ باقايلى! — گۈلنار بىلەن نىگار ئىككىسى تاقەتسىزلەنگەن ھالدا خەتنى باھارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى.

باھار بۇلار بىلەن كارى بولمىدى، ئۇ دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ يىراق-يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ بىرنەرسىلەرنى ئويلاۋاتاتتى.

— باھار، ئەمدى ئامىتىڭ كەپتۇ ئاداش، دەرھال بارىمەن دەپ خەت ياز، ئۇ يەرگە بارساڭ بىزلەرنى ئۇنتۇپ قالماسسەن، ھەرقانچە يامان بولساقمۇ، ھە، ئاداش! — دېدى گۈلنار ناھايىتى كونا قەدىناسلاردەك.

— ئاھ، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق دادام بولسىچۇ! مەنمۇ كۆزۈمگە دوزاختەك كۆرۈنىدىغان مۇشۇ جايدىن چىقىپ، دۇنيانى بىر كۆرسەم! باھار، سەن نېمىدېگەن بەختلىك-ھە! — دېدى نىگار ھەم مەستلىكى كەلگەندەك ھەم مەيۈسلەنگەندەك قىلىپ.

— ھە، باھار ئاداش، بەك خوش بولۇپ كەتتىڭغۇ دەيمەن! قاچان مېڭىشنى مۆلچەرلەۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى گۈلنار.

بۇ ئىككى قىزنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان باھار، ئۇلارغا قارىتا ئىچىدە كۈلگىسى كەلگەندەك ھەم ئۇلارغا ئىچىنغاندەك قىلدى.

— نېمىگە خوشال بولىمەن؟ دادامنىڭ بىزنى تاشلاپ كەتكەنلىكىگە خوشال بولاتتىممۇ؟ ئەگەر مېنى خوشال بولدى دېسەڭلار، مېنىڭ خوشال بولغىنىم بىردىنبىر دادام ۋە شۇ يەرگە كەتكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز يۇرتىنى، ئۆز مىللىتىنى، ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى. مەن ئەگەر ئۇ يەرگە بارغاندىمۇ دادامنى ئېلىپ قايتىپ كېلىمەن، مەڭگۈلۈككە بارمايمەن! — دېدى باھار.

— ھەي ئەخمەق، بۇ يەرنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايسەن؟ ئاناڭنى ئۆلتۈرۈپ، سېنى مۇشۇ كۈنگە قالدۇرغان ۋاپاسىنى ئارزۇلامسەن؟ ئەگەر مەن سەن بولىدىغان بولسام دوپپامنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي كېتەتتىم، ھەي ئەخمەق! — دېدى گۈلنار ئىچىنغاندەك قىلىپ.

— شۇنى دېمەمدىغان! ھەي جېنىم ئاداش. ئەخمەقلىق قىلما، دەرھال داداڭغا خەت ياز، تەكلىپنامە ئەۋەتسۇن! تېزرەك كېتىۋال، بۇ يەرنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايسەن؟! — دېدى نىگار.

باھار سەل كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدىيۇ، لام-جىم دېمىدى. بۇ چاغدا كەچكى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى دېرىزىدىن چۈشۈپ، باھارنىڭ گۈزەل جامالىغا ھۆسن قوشۇپ، تېخى ئەمدىلا ئېيىشۋالغان ئانىسىنىڭ ھېلىقى بىر جۈپ ئالتۇن ھالقىسى گويا يېڭىپ تۇرغان ئىككى تال چوغدەك يېقىملىق، يورۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى.

ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان يالقۇن ئىشتىن چۈشۈپ، مۆرىسىگە سومكىسىنى ئاسقان پېتى خۇددى دەرسكە كېچىكىپ قالغان ئوقۇغۇچىلاردەك تېز-تېز مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزلۈكسىز هالدا باهارنىڭ ياتىقى تەرەپكە كۆز تاشلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ كۆزى دەل باهارنىڭ قاراپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن ئاستا كېتىپ قالدى. يالقۇننىڭ بۇ قارىشىدا نۇرغۇن مەنىلەر بار ئىدى. بۇنى باهار نەچچە كۈندىن بۇيان خېلى سەزگەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئۆزى زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. باهار يالقۇننىڭ ئۇزاپ كەتكەن قارىسىغا خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ، كۆڭلىنىڭ كەم يېرى تولۇقلىنىپ قالغاندەك هېس قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئىسسىققىنە ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى.

باهارنىڭ ئېقىپ چۈشكەن بۇ ياشلىرى بەلكىم ئۇنىڭ دادىسىدىن خەت كېلىپ، ئۇنى سوۋېتكە بېرىشنى تەكلىپ قىلغانلىقى يالقۇننىڭ مۇهەببەتلىك قاراشلىرى، جاڭ خۇەيىنىڭ قانۇن ئالدىدا جازاغا تارتىلغانلىقىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇهىمى، ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بۇيان بەهرىمەن بولالماي كەلگەن ئىنسانلىق هوقۇقىنىڭ قايتىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىگە، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەنلىكىگە، ئەتراپتىكى ئاممىنىڭ سۆيۈنۈشكە ئېرىشكەنلىكىدىنلا ئىبارەت ئىدى...

1983-يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا يېزىلدى.

1984-يىل 12-ئايدا بېيجىڭدا قايتا تۈزىتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمرا ھاسىل

ئەكبەر غۇلام
يامغۇردا قالغان سۆيگۈ
(ھېكايە - پوۋېستلار)
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ.
پوچتا نومۇرى: 100013
نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1993 - يىل 7 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1993 - يىل 7 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 4.20 يۈەن

(京)新登字154号

被雨水冲走的爱
(中短篇小说选)
(维吾尔文)
艾克拜尔·吾拉木著
北京市和平里北街14号·邮政编码：100013
民族出版社出版发行　各地新华书店经销
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米 1/32 印张：12 1/4
1993年7月第1版
1993年7月北京第1次印刷
印数：0001—2,000 册
ISBN 7—105—01760—0/I·380
民 文 (维 62) 定价：4.20 元

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى ليۇ جيافېڭ لايىھەلىگەن.

ISBN 7—105—01760—0/I·380
民 文 （维 62） 定价：4.20 元